# مۇندەرىجە


مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ........ ۋاڭ جاۋگو 1

بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئېچىلغان يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز ...... ئېلسۆيەر، نۇسرەت شەھىدى 7

يولداش بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن ........ ۋاڭ جېن 16

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر يولداش بۇرھان شەھىدىنى ياد ئېتىمەن ........ ۋاڭ ئېنماۋ 31

پولاتتەك ئىرادە، ئوتتەك قىزغىنلىق ........ ئىسمايىل ئەھمەد 45

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى ........ تۆمۈر داۋامەت 56

ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر، قىممەتلىك دوستلۇق ........ دېڭ لىچۈن 57

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ........ ئەن شۇيى، ۋەن ياۋبىڭ، ما شيەن 69

جۇڭگولۇقنىڭ سەمىمىي - سادىق قەلبى ........ گۇ باۋ 80

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگۈنەيلى ........ ئۇيغۇر سايرانى 91

بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن . . . . .

................................. ئەنۋەرخانبابا 107
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بايراقدارى — بۇرھان ئەپەندى
............................ جاڭ دۇڭيۈ 117
بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىپ،
شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرەيلى......... شېرىپجان داموللا ھاجى 130
شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلـ
غان ھايات ...................... نۇسرەت شەھىدى 134
بۇرھان ئەپەندىنىڭ مورى خەلقىگە قىلىپ بەرگەن بىرنەچچە
ئىشلىرى .................... ئابلىمىت قۇربان 154
بۇرھان ئەپەندى ۋە مىنىڭ ۋاقىتلىق بازار
................................. زۇ چۈنشىن 171
چىن دوستلۇق .................. چى روشيۇڭ 183
بۇرھان ئەپەندى بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتتىكى بىرنەچچە
ئىشلار ............................. سەي خېڭسىن 202
قايغۇلۇق تەزىيە، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە
................................. جېن فاڭبەي 206
شىنجاڭدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەزگىلىدىكى
بۇرھان ئەپەندى ...................... خەن يۈۋېن 230
بۇرھان ئەپەندى ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ
شۆيۈەنىدىكى ساۋاقداشلار بىللە بولغان چاغلار...
............................. ئابدۇرېھىم ئىمىن 240
بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۆمۈدىنى يەردە قويمايمىز
............. شىنجاڭ 2 ـ ئاپتوموبىل زاۋۇتى 248
قەدىرلىك مەكتەپ مۇدىرىمىز بۇرھان شەھىدىنى
چوڭقۇر ياد ئېتىمىز ............................
ج ك پ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومىتېتى 253

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەر پەزىلىتىنى ئەسلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى .................................................... شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 278

سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى...... .......................................... ئۇيغۇر مىنوپ 291

بۇرھان ئەپەندى بىلەن بىللە مىسىر، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەرگە قىلغان زىيارەت .................. سۇڭ شياۋ 307

رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ يېنىدا قىلغان خىزمەتلىرىم توغرىسىدا ئەسلىمە ..................... سابىت روزى 319

ھايات ـ ماماتتا ھەمنەپەس بولۇپ، ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈش .......... ئېلسۇيەر، ئېلشات، ئېلفىرە 325

دادام بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن ... ئېلفىرە 347

جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى بۇرھان شەھىدىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن .............................................. خۇ جېنخۇا 366

بۇرھان شەھىدىنىڭ ھاياتىغا دائىر قىسقىچە يىلنامە .............................. رەتلىگۈچى: رۇ مېڭدې 377

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

1994 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

ۋاڭ جاۋگو

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

يولداشلار:

بۈگۈن بىز بۇ يەردە يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق. ئالدى بىلەن مەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە ۋاكالىتەن سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلىگە ئالىي ھۆرمىتىمنى ۋە چوڭقۇر سېغىنىشىمنى بىلدۈرىمەن ھەمدە يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

يولداش بۇرھان شەھىدى بىر ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر. ئۇ ھاياتىدا

دۇ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ نىشانى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يولداش بۇرھان شەھىدى ھاياتىدا كونا، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېقىندىقى، ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدا كونا تۈزۈمگە بولغان قارشىلىق ئىدىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش كۈچلۈك ئارزۇسى پەيدا بولغان. ئۇ 20 -، 30 - يىللاردا ماركسىزمنى قوبۇل قىلغان ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، زۇلمەت ئىچىدە يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك نىشانىنى توغرىلاپ ئىشەنچ ۋە كۈچكە ئىگە بولدى. يولداش بۇرھان شەھىدى بىر ئەسىرگە يېقىن كەچۈرمىشىدىن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى: جۇڭگو كومپارتىيىسى بولمىسا سوتسىيالىزمنىڭمۇ بولمايدىغانلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭمۇ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىۋاسىتە چۈشەندى. يولداش بۇرھان شەھىدى دەل پارتىيە، سوتسىيالىزمنى چەكسىز قىزغىن سۆيگەنلىكتىن، پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن باشتىن - ئاخىر كوممۇنىزم جەڭچىسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدى. ئىنتايىن نائادىل مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندىمۇ، ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا ئوخشاش ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ ئۇ پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئېتىقادىدىن تەۋرەنمىدى. بىز بۇرھان شەھىدىنىڭ بۇنداق ئېسىل سىياسىي پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوغداپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز لازىم. بۇ

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلىرى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خىزمەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.
يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ بىلىمى چوڭقۇر، يۇقىرى تالانتلىق بولۇپ، ئۇنۇملۇك ۋە نەتىجىلىك ئۇيغۇر ئالىمى، شۇنداقلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. بۇمۇ ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. ئۇ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش بىلەن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ماھىر بولۇپ ئۆزىگە خاس مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ روشەن سىياسىي مەيدانى ۋە توغرا ئىلمىي كۆزقارىشى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى. يولداش بۇرھان شەھىدى ھاياتىدا ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەقىقەتكە، يورۇقلۇققا ئۈزلۈكسىز ئىنتىلدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى، ئۇنىڭ بۇنداق روھى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.
پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى ئىنتايىن خۇشاللىق كەيپىيات ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلىمەكتە. 45 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا دۇنيا كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. سىياسىي مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەندى، ھەر تۈرلۈك ئىشلار گۈللەپ راۋاجلاندى. ھازىر پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشـ

يەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 14 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىز-چىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز، تېز، مۇقىم ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاپ، پۇرسەتنى تۇ-تۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلى-ماقتا.

يولداش بۇرھان شەھىدى ئۆمۈر بويى ئىنتىلگەن غايە ۋە كۆرەش نىشانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرل-كىدە قەدەممۇقەدەم ئەمەلگە ئاشماقتا. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئىتتىپاق-لاشتۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئېچىلغان يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئېلسۆيەر، نۇسرەت شەھىدى

دادىمىز تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغان مەزگىلدە، مۇشۇنداق كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ بىز بىلەن بىرگە بۇ يەرگە يىغىلىپ ئۇنى ياد ئەتكەنلىكىدىن بىز چەكسىز خۇشال بولدۇق. دادىمىز ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى، گۈللىنىشى، باي، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەگرى - توقاي مۇساپىنى بېسىپ بەش يىل بۇرۇن بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۇ بىزگە ماددىي بايلىق قالدۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تىكلىگەن ئۈلگە ۋە ھايات ۋاقتىدا بەرگەن تەلىمى بىزگە ئىنتايىن مول مەنىۋى بايلىق قالدۇردى. بىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جاپالىق تۇرمۇش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ ھەممە ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ئورنىدا بېرىلىپ ئىشلەپ، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلغىنىمىز ئۇنىڭ بىزگە بولغان تەسىرى ۋە تەربىيىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

دادىمىزنىڭ ھاياتىدا بىزگە قالدۇرغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىدىن بىرى — ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مەڭگۈلۈك مۇھەببىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بالىلىق دەۋرىدىن ھاياتى ئاخىرلاشقىچە قەدەر قانداق ۋاقىت، قانداق مۇھىتتا بولسۇن، ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن

سۆيۈشى، سادىق قەلبى ۋە ۋەتەن ئۈچۈن هاياتىنى تەقدىم قىلىش
ئىرادىسى قىلچىمۇ تەۋرەنمىدى، بەلكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
تېخىمۇ قەتئىي، قىزغىنلىقتا ئۆزگەردى.
دادىمىز روسىيىنىڭ قازاندا تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا - بوۋىسىنىڭ
ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئامال-
سىزلىقتىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىن روسىيىگە كۆچۈپ كەلگەنلى-
كىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىگە چوقۇم قايتىپ بېرىشقا
بەل باغلىغان. 1912 - يىلى نۇرغۇنلىغان كۆلپەتلەرنى بېشىدىن
كەچۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلەت
تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە 1914 - يىلى پۈتۈن
ئائىلىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1937 -
يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگونىڭ
زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن زېھنى
بىلەن ياپونغا قارشى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كونسۇلخانا
پائالىيەت دائىرىسىدە ياپونغا قارشى تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر-
خىل پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، شۇ يەردىكى مۇھاجىرلاردىن
ئىئانە توپلاپلا قالماي، يەنە كونسۇلخانىدىكى بارلىق خىزمەتچى-
لەرگە باشلامچىلىق قىلىپ كىيىم - كېچەك ۋە يېمەكلىكتىن
تېجەپ ئىقتىساد قىلغان 15مىڭ رۇبىينى دۆلەتكە ئەۋەتىپ ۋەتەن-
نىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان. 1949 - يىلى،
ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن قىلچىمۇ مۇرەسسە-
سىز كۈرەش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە نۇتۇق
سۆزلەش، ماقالە يېزىش قاتارلىق بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلى-
نىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان، ۋەتەننى پار-
چىلاشقا ئۇرۇنغان ھەرخىل سەپسەتىلەرگە رەددىيە بەرگەن. ئۇ
ئۆزىنىڭ مول تارىخي بىلىمى ۋە بىۋاسىتە كەچۈرمىشىدىن پايدى-
لىنىپ، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر

قىسمى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ ئەگەر ۋەتەننىڭ قوينىدىن ئايرىلى-
سا جاھانگىرلارنىڭ بېقىندىسى ۋە مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ
قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچى-
لىرىنىڭ شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشتەك
ھەرخىل سۇيىقەستىگە كۈچلۈك زەربە بەرگەن، شىنجاڭنىڭ تىنچ
ئازاد بولۇشى، ۋەتەن زېمىنىنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن
مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پاي-
دىلىنىپ كۆپلىگەن ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇلارنىڭ مەر-
كىزىي تېمىسى يەنىلا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى قوغداش بولدى. ئۇ ئاشكارا سورۇنلاردا شۇنداق سۆزلى-
دى، شۇنداق قىلدى؛ ئائىلىدە ھامان مۇشۇ خىل ئىدىيە بىلەن
بىزنى تەربىيىلىدى، بىزدىن كىچىككىمىزدىن باشلاپ ۋەتەننى
قىزغىن سۆيۈشنى، «جۇڭگولۇق» بولۇش پەخىرلىنىشكە ئەرزىي-
دىغان ئىش دەپ قاراشنى تەلەپ قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» نىڭ ۋەھشىيانە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. «ئىسيانچى-
لار» ئاچقان بارلىق كۈرەش يىغىنلىرىدا ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ،
ئەمما بېشىنى تۆۋەن قىلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان، ئەمما
بىر قېتىملىق كۈرەش يىغىنىدا، باشقىلارنىڭ ئۇنى «ئۇ ھەرگىز-
مۇ جۇڭگولۇق ئەمەس!» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇ دەرھال
بېشىنى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «مەن جۇڭگولۇق» دەپ
ئېتىراز بىلدۈرۈپ، سەھنىنىڭ ئاستى، ئۈستىدىكىلەرنى لەرزىگە
سالغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى «جۇڭگولۇق» نىڭ نەقەدەر
ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى قوغداشتەك مۇستەھكەم مەيدانى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا
سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق

ئۇنى «ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر» دەپ ئاتىغانلىقى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دادىمىزنىڭ ھاياتى يورۇقلۇققا، ھەقىقەتكە، تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىنتىلگەن ھايات.

كونا جۇڭگودا، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تارتقان ئازابلىرى ۋە ۋەتەن ئۇچرىغان ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىمۇ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمغا بولغان ئارزۇ ۋە تەلپۈنۈش پەيدا بولغان، شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسىدە سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئۇ 20 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىدە خىزمەت قىلىش، ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ماركسىزم، لېنىنىزمنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ۋاقىتتا تەرەققىي قىلغان گېرمانىيىدە ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ زەربىسىدە ئىشچىلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىنقىلابقا ئۆزىنى ئاتاش ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن. 1933 - يىلى، ئۇ دۆلەتكە قايتىش سەپىرىدە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋادىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا رەسمىي قاتناشقان. دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال يەر ئاستى خىزمىتىگە ئاتلانغان. ئۇ ھەرمىللەت ئىلغار ياشلار يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى قوللاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىك كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاڭ جېن، شۇ لىچىڭ يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتنىشىپ، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدا

تەرەققىي قىلدۇرغان 1 ـ تۇركۇمدىكى پارتىيە ئەزاسى بولۇپ
قالدى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي كەچۈرمىشىنى ھېسابقا ئېلىپ، كاندى-
داتلىق مەزگىلى قىسقارتىلدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ۋە
دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، پارتىيىنىڭ شىنجاڭ-
دىكى رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى.
ئۇ خېلى بۇرۇنلا مۇستەھكەم ئېتىقاد تىكلىگەنلىكتىن،
ھەرقانداق شارائىتتىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەس روھ ۋە كىشىنى ھەي-
ران قالدۇرىدىغان ئىرادە بىلەن قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ،
ئازراقمۇ تەۋرىنىپ قالمىدى. دەل بۇنداق قەتئىي ئېتىقادقا تاياذ-
غانلىقتىن مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىللىق
قىيناش ۋە ئازابقا بەرداشلىق بېرەلىدى؛ يەنىلا بۇنداق مۇستەھكەم
ئېتىقادقا تايىنىپ 70 ياشلاردىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ
ھەرخىل ئازابلىرىغا يەنى سەككىز يىللىق تۈرمە ھاياتى ۋە ئىككى
يىللىق «ئاممىۋى دىكتاتۇرا» غا بەرداشلىق بېرەلىدى. ئۇ تۈرمىدە
ھەتتا ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋە
ئىجاد قىلىپ، گۈزەل تۈرمۈشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە يۇرتىنىڭ
قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ-
نىڭ ئوڭۇشسىز شارائىتتا ئىپادىلىگەن قەيسەر ئىرادىسى ۋە ئۇ-
مىدۋارلىق روھى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى نازارەت ئاستىدا باشقۇرۇشقا
مەسئۇل مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارنى ۋە ئازادلىق
ئارمىيە جەڭچىلىرىنىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يا-
شىنىپ 80 ياشقا كىرىپ قالغانلىقى ۋە تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنلى-
كىگە قارىماي يۇقىرى مەسئۇلىيەتلىك ۋە ئەستايىدىل بولۇش
روھى بىلەن، پارتىيە ئۇنىڭغا تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى
داۋاملىق ئورۇنلىدى. 10 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى ۋەتەن-
نىڭ ھەممە يېرىگە بېسىلدى، بارغانلا يېرىدە ھېرىپ ـ

چارچاشقا قارىماي دوكلات ئاڭلىدى؛ ئاددىي ئىشچىلار، دېھقانلار بىلەن سۆزلەشتى، ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بەش كۈن ئىلگىرى شىنجاڭغا بېرىپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيە-تىگە قاتنىشىشنى قارار قىلغانىدى.

1989 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۇ «بالىلىرىمغا قالدۇرۇلغان ۋەسىيەت» ناملىق بىر پارچە ئەسىرىنى ئېغىزاكى بايان قىلىپ، ھاياتىدىكى ئېتىقادىنى مۇشۇ ۋەسىيەتكە يىغىنچاقلىغانىدى. ئۇ-نىڭدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئابزاس سۆز « بىزنى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادتىن تەۋرەن-مەسلىك» ، «پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىق»قا نەسىھەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ نەسىھىتىنى بىز ۋە بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىمىز مەڭگۈ ئېسىدە ساقلاپ ئۇنتۇ-مايدۇ.

دادىمىز بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەلبىگە پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى پۈككەنىدى، ھەرمىللەت خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مىللىتىگە چوڭقۇر مېھىر ۋە ئوتتەك مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى مۇددەت بېيجىڭدا خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ئېسىدە چىڭ ساقلىدى. شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق خەۋەرلەرنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەم-ئىيەتنىڭ ئالغا بېسىش جەھەتلىرىدە ئېرىشكەن ھەر تۈرلۈك ئۇتۇقلىرى ئۇنى ئىنتايىن قىزىقتۇراتتى ۋە قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى. ھەتتا، ئۇ 89 ياشقا كىرگەندىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ پائالىيەتكە قاتناشتى، تەكشۈ-رۈش، ئەھۋال ئىگىلەش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ئائىلىدە بىزگە مىللىتىمىزنى ۋە ئۆز تىلىمىزنى ئۇنتۇماسلىقنى، خەنزۇ تىلىنى-

مۇ ئۆگىنىش، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. ئۇ، باشتىن - ئاخىر، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتمەسلىكى، چەتكە قاقماسلىقى كېرەك، جۇڭگو پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوسى، شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭى، ھەممە مىللەت ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشى، تىنچ ۋە دوستانە ئۆتۈشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشى، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىزنىڭ ئورتاق دۆلىتىمىزنى قۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ مەيلى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ياكى مەركەزگە يۆتكەلگەندە بولسۇن، باشتىن - ئاخىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قاراپ، دائىم ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە چۈشەنچىسى ئارقىلىق كىشىلەرگە دۆلەت ئىچىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق داۋلىسىنى سۆزلەيتتى. ئۇ باشتىن - ئاخىر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بولغاندىلا ئاندىن پۈتكۈل دۆلىتىمىز گۈللىنىدىغانلىقى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغانلىقى، ئاندىن ھەربىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلالايدىغانلىقى، گۈللىنەلەيدىغانلىقى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

دادىمىز نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىتابخانا خىزمەتچىسى، ماگىزىندا شاگىرت بولغان. ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىگە تايىنىپ مەلۇم مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە بولغان. كىچىكىدىن باشلاپ ئۆتكۈزگەن جاپالىق تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپلا قالماي، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇش تۇرمۇش ئىستىلىنى ۋە پاك - دىيانەتلىك سىياسىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرگەن. مىلىتارىستلار ۋە گومىنداڭ

ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى چىرىكلىك ئۇچىغا چىققان، بۇلغانغان مۇھىتتىمۇ، دادىمىز ئۆزىگە ئازراقمۇ توپا ـ چاڭ يۇقتۇرمىغان، ئەزەلدىن خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمىغان.

ئۇ ئاشۇنداق ھالدا ئىنقىلابقا ئاتلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىداپ ئاددىي ـ ساددا ئۆتۈشنى ۋە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنى بىر ئىنقىلابچى ۋە كومپارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىنقىلابىي پەزىلەت، دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ئەمەل قىلدى. بىز ئىش ئۇققاندىن باشلاپ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ماددىي ئىمكانىيەتنى قوغلاشقانلىقىنى كۆرمىدۇق. ئۇ بىزگە ھامان: ئۆزىنىڭ خەلققە قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى، ئەمما، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە بەك ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ دائىم ئۇيىلىش ھېس قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بىزگە بولغان تەلىپىمۇ ئاشۇنداق قاتتىق ئىدى. ئۇ بىزنىڭ كادىر پەرزەنتى، دەپ ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇشقا ۋە ئالاھىدە بولۇۋېلىشىمىزغا قەتئىي يول قويمايتتى، بەلكى بىزنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىردەك بولۇشىمىزنى، تۇرمۇشتا ئامما بىلەن ئوخشاش بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقاپ كەتكەنلىكتىن، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دىلۇن ۋە كاجى رەختتىن ئادەتتە كىيىدىغانغا بىرنەچچە قۇر ئىشتان ـ چاپان ۋە سارجىدىن دىپلوماتىيە پائالىيىتىدە كىيىدىغانغا بىرنەچچە قۇر كىيىم تىككۈزگەندىن باشقا كىيىم كىيىشكە قوشۇلمىغانىدى. بەزىلەر شىنجاڭدا ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر يورۇش ئۆي سالدۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئۇ بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ دائىم بىزگە: «مەن قېرىپ قالدىم، خەلق ئۇچۇن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. دۆلەت ھازىر تېخى نامرات، تېجىگىدەك

بولسا ئازراق بولسىمۇ تېجەيلى، دۆلەتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىشقا بولمايدۇ» ، دەيتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نەرسىلىرىنى رەتلىگىنىمىزدە، بەزى كىتابلاردىن باشقا دېگۈدەك ھېچقانداق قىممەتلىك نەرسە چىقمىدى. دادىمىز بىزدىن مانا مۇشۇنداق ئىككى قولى قۇرۇق كەتتى، ئەمما بىزگە ئەڭ قىممەتلىك بىر روھنى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى!

بىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دادىمىزنىڭ تارىخىي تۆھپىسىگە بەرگەن يۇقىرى باھاسىغا تەشەككۈر ئېيتىمىز، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنى سەمىمىي خاتىرىلىگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىمىز. بىز ئۇنىڭ ئىرادىسىگە چوقۇم ۋارىسلىق قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى ھەسسە قوشىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرغۇن ئۆمەر**
جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# يولداش بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن

ۋاڭ جېن

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ كېسەلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىللەردە مەن سىرتتا بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن دەرھال يولداش سەيپىدىن بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، رەپىقىسى يولداش رەشىدە ھەمدە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھال سورىدىم. شۇنداقلا سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، داڭلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىمنى ئىپادىلىدىم.

مېنىڭ يولداش بۇرھان شەھىدى بىلەن تونۇشقىنىمغا ئۇزۇن ۋاقىت بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە بىرگە ئىشلىگىنىم شىنجاڭنى ئازاد قىلىش مەزگىللىرى بولدى، گەرچە بۇ مەزگىل ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مەن ئەينى چاغدا 1 ـ بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولداش شۇ لىچىڭ بىلەن بىللە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندۇق. تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقان بۇرھان ئەپەندى بىلەن گېنېرال تاۋ سىيۆ ئۆزى بىۋاستە ئايرودرومغا چىقىپ

بىزنى كۈتۈۋالدى. بۇرھان ئەپەندى ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيىۋالغانىدى، بىز ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقىنى بىللە ئالقىشلىدۇق.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، يولداش بۇرھان شەھىدى رەئىس بولدى. ئۇ چاغدا مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ شۇجىسى ئىدىم. شىنجاڭدا بىز ئۈچ يىل بىللە ئىشلىدۇق، 1952 - يىلى شىنجاڭدىن ئايرىلدىم.

يولداش بۇرھان شەھىدى ئۆز ھاياتىدا ئىنقىلاب ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تۆھپە قوشتى. بۇ تۆھپىلەر ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك بولغىنى — ئۇ 1949 - يىلى 9 - ئايدا گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن بىللە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇ دېنىڭ ئۇلۇغ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن قەتئىي ئايرىلىپ تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدۇر.

شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىۋاتقىنىمىزدا، مەن بۇرھان ئەپەندىنىڭ گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن بىللە تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئۆزلۈكسىز ئاڭلاپ تۇردۇم. بىز شىنجاڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ئىچكى خەۋەرلەرنى بىۋاسىتە ئاڭلىدۇق، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە يولداش دېڭ لىچۈنمۇ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ماڭا تونۇشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن بۇرھان ئەپەندىنىڭ جۇڭخۇانى قىزغىن سۆيۈشتەك ئالىي پەزىلىتى، ۋەتەندىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگى-

ـرى سۇرۇشتەك قىزغىن ئارزۇسى ۋە سوتسىيالىستىك سوۋېت
ئىتتىپاقىغا بولغان دوستلۇق ھېسسىياتى مەندە چوڭقۇر تەسىر
قالدۇردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد
قىلىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم.
1949 ـ يىلى يېڭى يىلدا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يازغان «يېڭى
يىل تەبرىك سۆزى» شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن ئېلان قىلىـ
نىپ، 1949 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىـ
قىنىڭ ئېلان قىلىنىدىغانلىقى»، «جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ ئازادلىق
ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقى»
نى جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە تەنتەنىلىك بىلەن جاكارلىدى. «يېڭى
يىل تەبرىك سۆزى» ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، يولـ
ـداش بۇرھان شەھىدى غەربىي ـ شىمالنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي
ئەمەلدارى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن گومىنـ
ـداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى رەسمىي
ئۈستىگە ئالدى. يولداش بۇرھان شەھىدى نامرات ئائىلىدە دۇنياـ
غا كەلگەن بولۇپ، شەپقەتسىز مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسـ
پىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان، ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇنىڭدا كونا
تۈزۈمگە بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسى پەيدا بولغان.
بۇ چاغلاردا ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكـ
ـدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىـ
ـدىن چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىلھام ئېلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى
ئەربابلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىـ
ـتىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنـ
جاڭنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى
بولۇشقا شۇنداقلا پارلاق يېڭى دەۋردىكى تۇنجى ئۆلكە رەئىسى
بولۇپ قېلىشقا ئىرادە باغلىغان.

شىنجاڭنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى جاھانگىر ئۇنسۇرلار ۋە
ئەكسىيەتچى فېئودال كاتتىۋاشلارنىڭ شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنـ

مىزنىڭ قويىندىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشتەك سەپسەتىلىرىگە
قەتئىيلىك بىلەن رەددىيە بەردى. يەنە كۆپ قېتىم: «شىنجاڭ
2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي
قىسمى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭ بىرلا مىللەتنىڭ شىنجاڭى بول-
ماستىن بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭى» ، «شىنجاڭ
مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى پۈتۈن جۇڭگو-
نىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان» ، دەپ تەكىتلەپ كەلدى. يولداش
بۇرھان شەھىدى يەنە ئەخمەتجان ۋە ئابباسوپ قاتارلىقلار رەھبەر-
لىكىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي مەركەز قىلىنغان ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەرمىللەت ئىلغار
ياشلىرىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنى قوللاپ، ۋەتەنپەرۋەر دې-
موكراتىك كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇ ئاۋۋال ئادەم ئە-
ۋەتتى، كېيىن ئۆزى بىۋاستە غەربىي - شىمال ھەربىي -
مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ گارنىزونى-
نىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن تىنچ يول بىلەن
ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا مەخپىي سۆزلىشىپ، تىنچ يول
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ھەربىي ۋە
مەمۇرىي جەھەتتە ئالاقىلىشىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىرلىكتە
قانات يايدۇردى.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ 1 -
دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى غەلىبە بىلەن غەربكە يۈرۈش
قىلىپ، ناھايىتى تېزلا يۈمىنگۇەنگە قىستاپ كېلىپ، شىنجاڭ-
نىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلەي دەپ قالغانىدى. ئۇچقاندەك تە-
رەققىي قىلىۋاتقان ئىنقىلاب ۋەزىيىتى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدى-
كى ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرى ئارىسىدا كەسكىن بۆلۈنۈش
پەيدا قىلدى. شۇنداقلا بۇرھان ئەپەندى بىلەن گېنېرال تاۋ سىيۆ-
نىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە مېڭىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ
مۇستەھكەملىدى.

شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىشپىيونلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا جىددىي تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشتى. دۈشمەننىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسىنىڭ باشلىقى ما چېڭشياڭ بىلەن دۈشمەن 78 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى يې چېڭ قاتارلىقلار قوراللىق توپىلاڭ قىلماقچى بولغان. ئەكسىيەتچى فېئودال قەبىلە باشلىقى ئوسمان، جانىمقانلار ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن توپىلاڭ قىلىشنى پىلانلىغان.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جىددىي بولۇۋاتقان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭ غۇلجىدىن ئۆتۈپ مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، يولداش بۇرھان شەھىدى ۋە گېنېرال تاۋ سىيۆ يولداش دېڭ لىچۈننى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئەسلىدە يولداش دېڭ لىچۈنگە ئالاھىدە تۇرالغۇ جاي تەييارلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، يولداش بۇرھان شەھىدى ئاز سانلىق مىللەتلەر كىشىلىرى ئارىسىدا شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، شۇنداقلا مەخپىيەتلىك ۋە بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، يولداش بۇرھان شەھىدى ئايرودرومغا ئۆزى بېرىپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياخشى ئۆتىدۇ. يولداش دېڭ لىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ جۇشىغا ۋاكالىتەن يولداش بۇرھان شەھىدى، گېنېرال تاۋ سىيۆدىن ھال سورايدۇ ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىدۇ ھەمدە ماۋ جۇشى ئەۋەتكەن، گېنېرال

جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈلارغا بەرگەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ بې-
رىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسى ۋە سىياسى-
تىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇرھان ئەپەندى بىلەن گېنېرال تاۋ
سىيۆمۇ يولداش دىڭ لىچۈنگە تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش
توغرىسىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ
ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ئۆزلىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن
ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى سەمىمىي نىيىتى ۋە تەكلىپلىرى-
نى يەتكۈزۈپ قويۇشنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇلار-
نىڭ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە
ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقى-
نى بىلدۈرگەن. يولداش بۇرھان شەھىدى يولداش دىڭ لىچۈن
ئارقىلىق 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ماۋ جۇشىغا بىر پارچە
تېلېگراما ئەۋەتىدۇ، تېلېگراممىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئازادلىق
ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئىشلىرىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى، بۇنى
چەكسىز خۇشاللىق ھېسسىياتىم بىلەن تەبرىكلەيمەن» ، «گومىن-
داڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، بارلىق
كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىش ئىرادى-
سىگە كەلدۇق، پارتىيىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتكۈل جۇڭگونى
ئازاد قىلىش ئىشلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، رەھبەرلىكىڭىزنى
قوبۇل قىلىمىز ھەمدە يېڭى ھاياتنى بىللە تەبرىكلىمەكچى-
مىز» . يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە
قايتىش توغرىسىدىكى مۇستەھكەم ئىرادىسى، خەلق ئازادلىق
ئىشلىرىنىڭ پات ـ يېقىندا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە بولغان چەكسىز خۇشاللىق ھېسسىياتى تېلېگراممىدىكى
ھەربىر قۇردا ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. تۆت كۈندىن كېيىن،
يولداش بۇرھان شەھىدى ماۋ جۇشىنىڭ يولداش دىڭ لىچۈن
ئارقىلىق ئەۋەتكەن جاۋاب تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. تې-
لېگراممىدا مۇنداق يېزىلغان: «تېلېگراممىدىن خەۋەردار بول-

دۇم، ھەممىڭلاردىن بەك تەسىرلەندىم. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، سىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزگە باغلىق، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازاد- لىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا ماسلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلى- شىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» . ماۋ جۇشىنىڭ يولىيورۇقىنىڭ روھى بويىچە، يولداش دېڭ لىچۈننىڭ ياردىمى بىلەن يولداش بۇرھان شەھىدى گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، جاسارەت بىلەن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، ئوسمان، جانىمقان قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ ۋە سۇيىقەستلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، بۇ چاغدا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنىدى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گېنېرال تاۋ سىيۆ 100 مىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرنى باشلاپ تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يولداش بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت- تىكى خادىملارنى باشلاپ تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىل- لەت خەلقى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭدىكى ئارمىيە - ھۆكۈمەت تېلېگراممىا يوللاپ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيە- مىز تېخى شىنجاڭغا كىرمىگەن، ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن جىد- دىي ئىدى. يەنى: ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدىكى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلار يەنىلا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن ئىشپىيونلارمۇ ھەدەپ پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىپ، چاتاق چىقىرىشقا قۇترىتىپ تۇراتتى. يولداش بۇرھان شەھىدى بىر تەرەپتىن، «ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر-

لەرگە مۇراجىئەتنامە» نى يېزىپ، كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىق ھەرىكىتىنى ماختاپ ھەمدە ھەرمىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنى ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن ھال سوراشقا تەشكىللەپ، گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تۇراقلاشتۇرۇشىغا ماسلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ يۇۋ ئەپەندى بىلەن قاسىمجان باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى تۇرۇشلۇق جيۇچۇەنگە ئەۋەتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزدىن شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى. يولداش بۇرھان شەھىدى رەھبەرلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش ھەيئىتى» نى تەشكىللىدى ھەمدە كۈتۈۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلدى. گازارما ۋە ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەييارلىدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ ياردەملىشىشى ئارقىسىدا، 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قىسمىمىزنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئەترىتىنىڭ برونۋىك پولكى ئالدىن بېكىتىلگەن ۋاقىت بويىچە ئۈرۈمچىگە كىردى. بىزنىڭ ھەرقايسى يوللاردىكى قوشۇنىمىزمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شىنجاڭغا كىرىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى ۋە پامىر ئېگىزلىكىگە قاداندى.

مەن بىلەن يولداش شۇ لىچىڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا چىققان يولداش بۇرھان شەھىدى خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ ھەربىي يۈرۈشىنىڭ بەك تېز ئىكەنلىكىنى ماختىدى. مەن ئۇنىڭغا، سىز بىلەن گېنېرال تاۋ سىيۆ-

نىڭ بىر قارارغا كېلىپ چېگرىنى قوغداپ خەلقنى ئامان ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھەقىقىي تۇردە قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپە-لىرى تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، دېدىم.

يولداش بۇرھان شەھىدى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇپلا قالماي، يەنە سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-يىسىنىڭ شىنجاڭ بيوروسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى يولداش بۇرھان شەھىدى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسىگە كىرىش جىددىي ئارزۇسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كومپارتىيىگە بولغان تونۇشىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتى. يولداش بۇرھان شەھىدى ياشلىق چاغلىرىدا شەپقەتسىز مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكس-پىلاتاتسىيىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەمدە ئۇنى ئۆز بېشى-دىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن قا-لاق، بېكىنمە ھالىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇ پەيدا بولغان. ئۇ چاغلاردا، شىنجاڭدا ئىنتايىن چېرىك ۋە زۇل-مەتلىك ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىل-غان سانائەت، قاتناش، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كەمچىل بولغانلى-قىدىن شۇنداق بولغان، دەپ تونىغان. لېكىن 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن دائىم دېگۇدەك سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق گېرمانىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بېرىپ، ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخ-شىمايدىغان ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچ-قا، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدا بۆرۈلۈش پەيدا بولغان. ئەينى چاغلاردا، كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى قاپلاۋاتاتتى، يولداش بۇرھان شەھىدى شۇ چاغلاردا كاپىتالىزم ئەڭ تەرەققىي قىلغان گېرمانىيىدە بۇ خىل كرىزىسنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئاقىۋىتىنى ھەمدە ئىش-

سىزلىق سەۋەبىدىن كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن كىشىلەرنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەھۋالى ئىنتايىن ئېچى-
نىشلىق بولۇۋاتقان ئىشچىلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە
بوينىغا تاختا ئېسىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئىشسىز قالغان
ئىنژېنىر قاتارلىق زىيالىيلار قاتلىمىدىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى.
بىر نەپەر تۇل ئايال ئۆز ۋۇنغىچە ئىشسىز قېلىپ، تۇرمۇشتا ئامال
تاپالماي، ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ ئۈچ بالىسىنى دەرياغا تاش-
لىۋەتكەن، كېيىن ئۇ ئۆزىنىمۇ دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. يول-
داش بۇرھان شەھىدى ماڭا يەنە، ئىشسىزلىقتىن ئۆزىنى گاز
بىلەن ئۆلتۈرۈۋالغان ئىشچىنىڭ ئائىلىسىدىكى جەسەتلەرنى
ساقچىلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى، بايۋەتچى كاپىتالىست-
لارنىڭ ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋات-
قانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.
يولداش بۇرھان شەھىدى مۇنداق دەيدۇ: ئىنتايىن قالاق ھالەتتى-
كى شىنجاڭ بىلەن «ئەڭ ئىلغار» كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە
كۆرگەنلىرىم ماھىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتى-
دىغان ھادىسىلەردۇر. بۇ ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئەلۋەت-
تە تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ
يەتتىم. يولداش بۇرھان شەھىدى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشقىچە
بىر ئەھۋالنى كۆرگەن. يەنى: ئۇ يەردە ئىشسىزلىق يوق، نامرات-
لار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولمىغان، ئاچارچىلىق،
ئىقتىسادىي كرىزىس يوق. بەزىلەر جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىپ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۇرمۇشنى يىلدىن - يىلغا ياخشىلى-
غان. كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ۋاقتىنچە يەنىلا ئانچە باياشات
بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ روھىي قىياپىتى ئۈمىدۋار، كىشى-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سەمىمى، باراۋەر، دوستلۇق،
ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە ئىكەن، دەپ سۆزلەپ مۇشۇ
يەرگە كەلگەندە، يولداش بۇرھان شەھىدى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ

مۇنداق دېدى: «ئىككى خىل تۇزۇم، ئىككى خىل مەنزىرە، مانا بۇ جانلىق پاكىتلار ماڭا شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم ياخشى ئىكەن!» . يولداش بۇرھاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىلا ماركسىزم بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى يۇ شيۇسۇڭ بىلەن تونۇشقان كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ 1939 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تازا ئازاب چەككەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە بۇ پارتىيىنىڭ داھىسىغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ئېتىقادى بارغانسېرى ئېشىپ «ماۋ زېدۇڭغا ئالىي سالام يوللايمەن» ، دېگەن ئۇيغۇرچە شېئىر يازغانلىقىنى ئەسلىدىم.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا شۇنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇتتىكى: يولداش بۇرھان شەھىدى شىنجاڭدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنى تاللاش پەيتىدە، كەسكىن ھالدا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت پارلاق يولنى تاللىغان. ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى ئاساس بولغاچقا، ئۇ كومپارتىيىگە بولغان ئېتىقادى ۋە قىزغىنلىقى، سوتسىيالىزمغا بولغان ئارزۇ ۋە تەلپۈنۈش روھى بويىچە ئۇنى يورۇقلۇقنى تاللاشتىكى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. پارتىيە تەشكىلى يولداش بۇرھاننىڭ سىياسىي تارىخى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسىنى تەكشۈرۈپ، مەن ۋە يولداش شۇ لىچىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەركەزگە يوللاپ تەستىقلىتىپ، 1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كانديداتلىق مۇددىتىنى ئۆتكۈزمەيلا پەۋقۇلئاددە ھالدا يولداش بۇرھان شەھىدىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1952 ـ يىلى ئۇ يەنە بيۇرونىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. يولداش بۇرھان شەھىدى پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە كوممۇنىزم

جەڭچىسىگە قويۇلىدىغان ئۆلچەم بويىچە قاتتىق تەلەپ قويۇپ،
ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېموكراتىك ئىسلاھاتقا
ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. بوز يەر ئېچىپ چېگرا رايوننى
گۈللەندۈرۈشنى ھىمايە قىلدى، شىنجاڭنى مەدەنىيەتلىك، ئىتتىـ
پاق، باي، گۈللەنگەن شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن
بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلدى.
يولداش بۇرھان شەھىدى يەنە مول بىلىملىك، تالانتلىق
ئۇيغۇر ئالىمى. ئىجتىھاتلىق، ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىدىغان ئادەم،
ئۇ 1929 ـ يىل بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسى ئىقتىساد
فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان. ئۇ
مول بىلىملىك بولغاچقا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، روسچە، نېمىسـ
چە، تۈركچە قاتارلىق كۆپ خىل تىل ـ يېزىقنى ئىگىلىگەن،
شۇڭا ئۇ سىياسىي ۋە تاشقى ئىشلار پائالىيىتىدە ئۆزىنىڭ رولىنى
ياخشى جارى قىلدۇردى. ئۇ شىنجاڭ ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ تارىـ
خى ۋە جۇغراپىيىسىنى تولۇق بىلىدۇ. شىنجاڭدا بىللە ئىشلىگەن
مەزگىللەردە، دائىم سەمىمىي سىردىشىپ تۇراتتۇق، بەزى مەـ
سىلىلەرنى مەن دائىم ئۇنىڭدىن سوراپ تۇراتتىم. شىنجاڭدىن
ئىبارەت مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بۇ
جاي، تارىختا غەربىي دىيار دەپ ئاتىلاتتى، «شىنجاڭ» دېگەن
بۇ ئىسىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ
پەيدا بولغان. بىراق قەدىمكى غەربىي دىيار ياكى شىنجاڭ بولسۇن
ھازىرقى شىنجاڭدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. يېقىنقى يىللارغا كەلـ
گەندە، جاھانگىرلار بولۇپمۇ چار پادىشاھ ئىمپېرىيىسىنىڭ تاجاـ
ۋۇز قىلىشى تۈپەيلىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا
ئاندىن كۆپلەپ زېمىندىن ئايرىلىپ قالدى. كۆپلىگەن تارىخىي
ماتېرىياللار ۋە ماددىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، چۇنچيۇ دەۋرىدىلا

شىنجاڭ ئىچكىرى بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقى-
سىنى قىلىپ تۇرغان، مانا بۇ ئىچكىرى بىلەن غەربىي دىيارنى
بارغانسېرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە
ئايلاندۇرغان. ئىككى جايدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى دوستلۇقمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان. مانا بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى كېيىن شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە
بىرلىككە كېلىشىگە زۆرۈر شەرتنى ھازىرلىغان، دېگەنىدى. يول-
داش بۇرھان شەھىدى يەنە ماڭا، غەربىي خەن دەۋرىدە جاڭ
چيەننىڭ ئىككى قېتىم غەربىي دىيارغا بارغانلىق ئەھۋالىنى ئېي-
تىپ كېلىپ، جاڭ چيەن شياۋۇېي دەرىجىلىك ئەلچى سۈپىتىدە
ئەسكەر باشلاپ كېلىپ بۇگۈنكى بۇگۇر ۋە كورلا ئەتراپىغا ئورۇن-
لىشىپ بوز يەر ئاچقان، تاكى جىڭ جىي رەسمىي غەربىي دىيار
قورۇقچىبەگ مەھكىمە باشلىقىغا تەيىنلەنگەنگە قەدەر بوز يەر
ئېچىپ تۇرغان، «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى غەر-
بىي دىيارغا يەتكۈزۈشنى جاڭ چيەن باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنى جىڭ جىي ۋۇجۇتقا چىقارغان.» شۇنىڭ بىلەن غەربىي
دىياردىن ئىبارەت بۇ جاي رەسمىي خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسى-
گە كىرگۈزۈلگەن، دەپ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، يولداش
بۇرھان شەھىدى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، كەسكىن ھالدا: «بۇ
شۇنى تولۇق چۈشەندۇرىدۇكى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس
مۇقەددەس زېمىنى، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق ئادەمنىڭ
شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش سۈيىقەس-
تلىرى نومۇسسىزلىق، بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، خا-
لاس!»، دېدى. يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر
بىر ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ چىقالىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پۇختا،
مول تارىخىي بىلىملىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بىر قېتىم
يولداش بۇرھان شەھىدى مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئول-
تۇرۇپ، XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللى-

ـرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي كاتتىۋېشى
ياقۇپبەگ قۇرغان ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» ھاكىمىيىتى
ئۈستىدە توختىلىپ: ياقۇپبەگنىڭ بۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى
روسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى زور كۈچ بىلەن قوللىغان.
روسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قورال كۈچى ئىشلىتىپ،
تەھدىت سېلىش ۋە سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللى-
نىپ، ياقۇپبەگنى ئۆزلىرىگە غالچا قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ شەر-
مەندە مەقسىتى — شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىرىۋې-
لىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا
كىرىپ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىكى تارى-
خىي رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم، دېدى. مەن يول-
داش بۇرھان شەھىدىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى تامامەن قوللايمەن.
مەن شۇنى قوشۇمچە قىلماقچىمەن: تارىخىي شەخسلەرگە مارك-
سىزمچە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك، زوزۇڭتاڭ پو-
مېشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەيپىڭ -
تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە غەربىي شىمالدىكى ھەرمىللەت
خەلقلىرىنىڭ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغى-
لاڭلىرىنى باستۇرغان. يەنە ئۇ باشقا ئەسكى ئىشلارنىمۇ قىلغان،
لېكىن ئۇنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغانلىق تۆھپىسىنى تارىخقا
يېزىش لازىم. كېيىن يولداش بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ كۆزقا-
رىشىغا ئاساسەن، «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن
تارىخىي ماقالىنى يېزىپ چىقتى. 1952 - يىلى يولداش بۇرھان
شەھىدى ماۋ جۇشى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمىي
ماقالىسىنى كۆرسەتكەن، ماۋ جۇشى بۇ ماقالىنى ناھايىتى قىزى-
قىپ ئوقۇپ چىققان ھەمدە ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن.
يولداش بۇرھان شەھىدى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش
بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ تارىخىنى تەتقىق قى-
لىپ، ئۆزگىچە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. يولداش بۇرھان

شەھىدى ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى. ئۇ تۈزۈپ چىققان «ئۇيغۇرچە ـ روسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» ، ئۇ يازغان «يالقۇنتاغنىڭ غەزىپى» دېگەن سەھنە ئەسىرى كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ 90 ياشقا كەلگەندە، يەنە «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن 300 مىڭ خەتلىك ئەسلىمىنى يازغاندا، مەن ئۇنىڭغا مۇقەددىمە يېزىپ بەرگەنىدىم.

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەندە، ھەممە ئىشلار كۆز ئالدىمدا نامايەندە بولىدۇ. گەرچە ئۇيغۇر دوستۇم يولداش بۇرھان شەھىدى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ پارتىيە، ۋەتەن، خەلق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەيسا ھوشۇر
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر يولداش بۇرھان شەھىدىنى ياد ئېتىمەن

## — يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100. يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

### ۋاڭ ئېنماۋ

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ نەپسى توختىغان چاغدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى، ئۇنى سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر دېدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز شان - شەرەپ. يولداش بۇرھان شەھىدى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسىگە خاس ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ھەرمىللەت خەلقى ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ھاياتى يورۇقلۇققا، ھەقىقەتكە، تەرەققىياتقا ئىنتىلگەن، كوممۇنىزم غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان ھايات. ئۇنىڭ ئالدىنقى يېرىم ھاياتى بىرمۇنچە ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن يول، ئۆز ئۆزى كۈرەش قىلىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىگەن يول. ئۇ كېيىنكى يېرىم ھاياتىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت توغرا يولغا ماڭدى، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان

تەشنا بولۇپ كەلگەن ئارزۇسى ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى، ئۆز تارد-
خىدا ئەڭ شانلىق سەھىپىلەرنى يازدى. 1949 - يىلى خەلق
ئازادلىق ئۇرۇشى مەملىكەت بويىچە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئې-
رىشتى. غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىدا 1 - دالا ئارمىيىسى
لەنجۇنى ئازاد قىلدى. 1 - بىگتۇەننىڭ 1 -، 2 - جۇنلىرى
شىنىڭنى ئازاد قىلدى، شىنجاڭنى تېز ئازاد قىلىش
ئۇچۇن 2 - جۇن شىنىڭدا دەم ئالماي دەرھال كىلىماتى ئىنتايىن
يامان بولغان چىلىيەن قارلىق تېغىدىن ئۆتۈپ، خېشى كارىدورىدى-
كى جاڭيىغا كىردى، ئارقىدىنلا شىچۇەنگە يۈرۈش قىلىپ شىن-
جاڭنى ئازاد قىلىشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا بىز پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتكەن، يولداش دېڭ لىچۈن-
نىڭ ئۇرۇمچىدىن مەركەزگە يوللىغان بىرنەچچە پارچە تېلېگرام-
مىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمى-
تىنىڭ رەئىسى يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھە-
قىقەتكە قايتىشىنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپ-
تۇق. يولداش دېڭ لىچۈن مەركەزنىڭ ئالاقىچىسى بولۇپ، ئەينى
ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋادىن شىنجاڭ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى بولۇۋاتقان جاي ئىلىغا كەلگەن، ئىلىدىن ئۇ-
رۇمچىگە بارغان، بۇرھان شەھىدى بىلەن كۆرۈشكەن، بۇرھان
شەھىدى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان، يولداش دېڭ لىچۈننى ئۆز
ئۆيىگە مەخپىي ئورۇنلاشتۇرغان. يولداش دېڭ لىچۈن ئۇنىڭ
بىلەن مەملىكەت بويىچە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ
ۋەزىيىتى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز، ماۋ جۇشىنىڭ
شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى
ۋە سىياسەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر سۆزلەشكەن. بۇرھان شەھىدى
ئۇنىڭغا تامامەن قوشۇلغان ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغان. بۇرھان
شەھىدى تاۋ سىيۆ بىلەن تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىق
ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان، ئۇ تاۋ سىيۆنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقى-

قەتكە قايتىشىغا ئاكتىپ تۆرتكە بولغان ۋە ئۇنى قوللىغان، شىنـ
جاڭدا تۆرۈشلۈق گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى تىنچ يول بىلەن
ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىلغار كۆچلەرنى قولـ
لىغان، شىنجاڭدا تۆرۈشلۈق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى
تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغان ئەكسىيەتچى
كۆچلەرگە قارشى تۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە بەل باغلىغان» لىقى توغـ
رىسىدا يولداش دېڭ لىچۈننىڭ 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ماۋ
جۇشىغا تېلېگراممىا ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلغان. ماۋ جۇشى بۇرـ
ھان شەھىدىگە «ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلار
بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كېلىپ ھەرىكەت قىلىشىغا ماسلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد
قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب
تېلېگراممىا ئەۋەتتى. تاۋ سىيۆ 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھەقىقەتكە
قايتقانلىقى توغرىسىدا تېلېگراممىا بەردى. بۇرھان شەھىدى 9 ـ
ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدا تېلېگراممىا
بەردى. ئۇ ھەقىقەتكە قايتقان كۈنى ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈـ
مەت ئەزالىرىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، گومىنداڭ گۇاڭـ
جۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەردىن قول ئۈزـ
گەنلىكىنى جاكارلاپ، ھەقىقەتكە قايتقان كۈندىن باشلاپ پارتىيە،
ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخىپ ۋە بارلىق جاماـ
ئەت مۈلكىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىشى، نورمال خىزمەت تەرتىـ
پىنى ساقلىشى، جەمئىيەت تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى،
جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىنى قارار قىلدى
ھەمدە ماۋ جۇشى، باش قوماندان جۇ دې، مۇئاۋىن باش قوماندان
پېڭ دېخۇەيلەرگە «غەربكە كەلگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىـ
نىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ تېلېگـ

ـرامما ئەۋەتتى. بـۇرھان شـەھىدى شـىنجاڭنىڭ تـىنچ يـول بـىلەن ئـازاد بـولۇشى ئـۈچۈن تـارىخىي تـۆھپە قوشتى.
1 ـ دالا ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەننىڭ 2 ـ، 6 ـ جۈنلىرى جيۇچۈەندىن شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقاندا، بۇرھان شە- ھىدى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈۋۈ بىلەن قاسىم باشچى- لىقىدىكى ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزلىكتە شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن جيۇچۈەندىكى 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ باش شتابىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوغلى نۇسرەت شەھىدىنى ئۆزىگە ۋەكالىتەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلى- شىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازى- سى — قۇمۇلغا ئەۋەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيە- سىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئېلىش ھەيئىتىنى تەشكىل- لىدى، كۈتۈۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلدى، گازارمىلارنى تەي- يارلىدى، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى كۈتۈۋالدى، ۋاقىتلىق ئۆل- كىلىك ھۆكۈمەت يەنە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئۇق- تۇرۇش چىقىرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىشقا دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن 1 ـ بىڭتۇەن رەھبەرلىك ئورگىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق دۈيلەر ئۈرۈمچىگە كىردى، 6 ـ جۈن ئۈرۈمچىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىردى، 2 ـ جۈن قەشقەر ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1 ـ بىڭتۇەن شىنجاڭغا يۈرۈش قى- لىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قادىدى، بۇ يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ خەلق ئازادلىق ئـارمىيىسىنى قـىزغىن قـارشى ئـالغانلىقى ۋە شـىنجاڭغا كـېلىشىگە زور كـۈچ بـى-

لەن يـاردەم بـەرگەنلىكىدىن ئـايرىلمايدۇ.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى مەيدانىدا چىڭ تۇرغان گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى، ئەكسىلئىنقىلابچىلار مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ غەلىبىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى، يولداش بۇرھان شەھىدى تاۋ سىيۈ جياڭجۇننىڭ بۇيرۇق چىقىرىپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئەسلى ئورنىنى ساقلاپ، ھەربىي ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى قوغداپ، توپىلاڭچىلارنى قاتتىق جازالاشنى بۇيرىغانلىقىنى قوللىدى. ئۇ شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، يەتتە قۇدۇق، قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچا، قۇتۇبى، ماناس، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى توپىلاڭنى تىنجىتىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىگەنلىكىنى قوللىدى. شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئوسمان، جانىمقان باندىتلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزدى، يولداش بۇرھان شەھىدى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئوسمان، جانىمقان باندىتلىرىنى قورشاپ يوقىتىپ، شىنجاڭدا مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى قوللىدى.

شىنجاڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتنى يولغا قويغان مەزگىلدە يولداش بۇرھان شەھىدى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېموكراتىك ئىسلاھاتقا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىپ، خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى قۇردى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى

يوقاتتى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئو ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە ئۇنى قوللىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئورۇنداپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى.

يولداش بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئۈچ يىلدا خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە ۋە دۆلەتنىڭ 1 ـ بەش يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 ـ يىلدىكىدىن %86.8 ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1949 ـ يىلدىكىدىن 2.51 ھەسسە ئاشتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1949 ـ يىلدىكىدىن %59.39 ئاشتى، ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئەمەلگە ئاشتى. پۇل مۇئامىلىسى، مال باھاسى مۇقىملاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدە يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ بىر ئۇلۇش تۆھپىسى بار.

يولداش بۇرھان شەھىدى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئالتە مىللىي ئاپتونوم ناھىيە، بەش مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايون قۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلغان چاغدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش-
تىكى تۈپ سىياسىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ بارلىق ھوقۇق جەھەتتىكى
باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى-
نى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى
بولىدۇ ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندى-
لا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا
بولۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىياپىتىنى تەدرىجىي ئۆز-
گەرتكىلى بولىدۇ؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر-
لىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەركەز بىلەن چېگرا رايون-
لارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ ھەمدە ھەرقايسى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ
پىلانلىق، كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش يولىغا يەنىمۇ
كىرگۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەم-
لەش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە
گۈللىنىشىگە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ «خەلق» گېزىتىدە ماقالە
ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاپ-
تونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ
ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈ-
رۈش، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى
ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسى-
يالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە قاتنىشى-
شىغا ئىلھام بېرىش، شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد،

مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە شىنجاڭدىكى
ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە
ئۆستۈرۈشتە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ ۋە ئاكتىپ تۈرتكە-
لىك رول ئوينايدۇ» . يولداش بۇرھان شەھىدى پارتىيە ۋە دۆلەت-
نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى توغرا
ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

يولداش بۇرھان شەھىدى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشى 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى،
جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، پەخرى مۇدىرى،
1 ـ، 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر
كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى
ئۆتىگەن. ئۇ پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى، مىللىي سىيا-
سىتى، دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىتتىپاق-
لىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىش يولىدا ئۈنۈملۈك خىز-
مەتلەرنى ئىشلىدى.

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور تۆھپىسى
شۇكى، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى. ئۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى-
نى تۇرغۇزدى، ئۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئۇ ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى
قەتئىي ھىمايە قىلدى؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىغا زىيانلىق بولغانلىكى ئىشلارغا قەتئىي قارشى تۇردى.
ئۇنىڭدا مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراش يوق، خەنزۇلار بىلەن
زىچ ئىتتىپاقلاشتى، ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاش-

تى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر قېتىم يولداش بۇر-
هان شەهىدى يولداش ۋاڭ جېنغا شىنجاڭنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ
بەردى، غەربىي دىيارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە رەس-
مىي كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈستىدە سۆزلىگەندە، ئۇ ئىنتايىن هايا-
جانلانغان هالدا مۇنداق دېدى: «بۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بۇيان
جۇڭگونىڭ ئايرىلماس مۇقەددەس زېمىنى ئىكەنلىكىنى تولۇق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. هەرقانداق دۆلەتنىڭ، هەرقانداق كىشى-
نىڭ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇ-
نۇش يولىدىكى سۇيىقەستى شەرمەندىلىك بولىدۇ. بىهۇدە ئاۋارى-
چىلىق بولىدۇ» . ئۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزىلەر-
نىڭ كىتاب چىقىرىپ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى-
نى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى هەرىكىتى» ، «مىللىي ئازادلىق هەرىكى-
تى» دەپ تارىخىي هەق بىلەن ناهەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلى-
ۋەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ياقۇپبەگ هاكىمىيىتى توغرىسى-
دا» دېگەن ماقالىنى يېزىپ، كەسكىن رەدىيە بېرىپ مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: «ياقۇپبەگ هاكىمىيىتى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچ-
لەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قۇرغان تاجاۋۇزچىلىق قىلىش هاكى-
مىيىتى، ئەنگلىيە جاهانگىرلىكىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ
ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلىش قورالى، ئۇ شىنجاڭ رايونىنى مەملى-
كىتىمىز زېمىنىدىن ئايرىپ چىقىپ، شىنجاڭ خەلقىنى تېخىمۇ
پاجىئەلىك ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇندى» . ئۇ مۇنداق
دېدى: «خەنزۇ خەلقى مەملىكىتىمىزنىڭ جاهانگىرلىككە قارشى
كۈرىشىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغانلىقى هەمدە خەنزۇلار بىلەن
هەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان ئىقتى-
سادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەهەتلەردە ئايرىۋېتىشكە بولمايدى-
غان ئالاقە شەكىللەندۈرگەنلىكى، ۋەتەننى بىرلىكتە قۇرغانلىقى
ئۈچۈن، جاهانگىر كۈچلەر جۇڭگونى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ

ھەرقانداق بىر قىسىم زېمىنىنى ۋە خەلقىنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ
قوينىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ، شىنجاڭ مەڭگۇ جۇڭخۇا خەلق جۇم-
ھۇرىيىتىنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق ئائىلىسىدىكى ئايرىلمايدى-
غان بىر قىسىم، ئۇنىڭ تەقدىرى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى
بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان».

يولداش بۇرھان شەھىدى يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ «شىنجاڭ»
دېگەن سۆزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، «شەرقىي تۈركىستان»
سەپسەتىسىنى كۆككە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «شىنجاڭ
تارىخىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە» دېگەن ماقالىنى يازدى. ئۇ
1979 ـ يىلى «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىغا
بېسىلدى. ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «شىنجاڭ ئىلگى-
رىكى تارىخىي كىتابلاردا غەربىي دىيار، دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن
2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئۇ جۇڭگونىڭ زېمىنى-
نىڭ بىر قىسمى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ تەقدىرى
پۈتۈن جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان».
«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام XIX ئەسىردە دۇنيادىكى كۈچ-
لۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەھكەملىكى-
چىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشىغا ئەگىشىپ
بارلىققا كەلگەن نام. ئەينى ۋاقىتتا غەربتىكى مۇستەملىكىچىلەر
مەركىزىي ئاسىيا ھەمدە شىنجاڭ رايونىنى ئومۇملاشتۇرۇپ
«تۈركىستان» دەپ ئاتىدى ھەمدە زەرەپشان دەرياسىنى چېگرا
قىلىپ، غەربتىكى رايونلارنى «غەربىي تۈركىستان» دېدى،
شەرقتىكى رايونلارنى «شەرقىي تۈركىستان» دېدى، بۇ خىل نام
تامامەن تىل ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى ئاساس قىلغان بولۇپ،
روشەن تاجاۋۇزچىلىق غەرىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەزىلەر
ئەينى يىللاردا غەرب مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى
ئۈچۈن ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نامنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى-
نىڭ نامى» دەۋالدى. بۇ، روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن

ھاقارەت. «2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ
ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى ھەم ئادەتتىكى
پادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھېسابىغا ئەمەل بې-
رىش مۇناسىۋىتى، ھەم ئادەتتىكى ۋاقىتلىق بېقىندىلىك مۇناسى-
ۋەت بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنىڭ بۇ رايون-
دا ئۇزاق مۇددەت، ئۈزلۈكسىز ھالدا بىۋاسىتە يۈرگۈزۈلۈشى
بولۇپ ئىپادىلەندى.» يولداش بۇرھان شەھىدى ئىقتىساد، مەدە-
نىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئارتۇقچىلىقلارنى قو-
بۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولدۇرۇش، ئورتاق تەرەققىي
قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار ۋە
باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل، يېزىق ئۆگىنىشىنى پۈتۈن
كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى:
مىللەتلەر تىلىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە قوللىنىش بىلەن بىللە،
مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغان ئورتاق بىر تىل-
نىڭ بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ تىلىنىڭ رولىنىڭ چېكىنگەنلىكى
ۋە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىنچە بۇ ئۆز-
ئارا ئالاقىلىشىشقا پايدىلىق، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى، تىل-
نىڭ بېيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق.

بۇرھان شەھىدى روسىيە قازان ئۆلكىسى تېتىش ناھىيىسى-
نىڭ ئاقسۇ كەنتىدە بىر كەمبەغەل دېھقان — جۇڭگولۇق مۇھا-
جىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تۇرمۇشى مۇشكۈل، قىيىنچىلىقتا
ئۆتكەن، بۇ ئۇنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چى-
رىكلىكىنى، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تونۇ-
ۋېلىشىغا، ئىنقىلاب داۋلىسىنى ئاسان قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە
بولغان. 1929 ـ يىلى ئۇ گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇغان مەزگىلدە
يەنە ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆگەن-
گەن. 1932 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىشىدا موسكۋادىن ئۆتكەندە،
سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ

ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1933 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى يۈ شيۇسۇڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئالاقە قىلغان، ئىلغار تەشكىلات «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى» گە كىرگەن. يولداش بۇرھان شەھىدىدە مۇشۇنداق ئىدىيىۋى ئاساس بولغاچقا، 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە «ماۋ زېدۇڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن» دېگەن شېئىرنى يازغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يولداش بۇرھان شەھىدى پارتىيە تەشكىلاتىغا، يولداش ۋاڭ جېنغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان، ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن. ۋاڭ جېن، شۇلىچىڭ يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۆتمەيلا، دەرىجە ئاتلىتىپ ج ك پ نىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولغان. يولداش بۇرھان شەھىدى پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، ئىتتىپاق، قۇدرەتلىك، باي، گۈللەنگەن شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ پارتىيە-

ـدىن ئاغرىنمىدى، كوممۇنىزمغا، پارتىيىگە ۋە پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان ئېتىقادىدىن تەۋرەنمىدى. پارتىيە تۇرمۇشى ۋە ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى، ئۇ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا بۇرۇنقىدەكلا سادىق بولۇپ، كوممۇنىزم جەڭچىسىگە خاس ئالىيجاناپ پەزىلـ ـىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل، ھەر قېتىم پارتىيە ئىچىدە تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرغاندا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، باشقىلارغا كەڭ قورساق ئىدى، باشقىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ تەنقىد قىلمايتتى؛ باشقىلاـ ـرنىڭ ئۆزىنى قانداق تەنقىد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قارىتا خاتالىق بولسا تۈزىتىش، يوق بولسا ساقلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلىمايتتى، زەربە بېرىپ ئۆچ ئالمايتتى. ئۇ جان ـ دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىشلىدى، پاك، دىيانەتلىك بولدى، ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ جاي سالدۇرمىدى، دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىسراپ قىلمىدى، تېجەشلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بەردى، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، چىقىشقاق ئىدى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايتتى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىـ ـنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ.

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسىـ ـلىك روھى بىلەن ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى تامامەن بىرلىـ ـشىپ كەتكەن.

بىز يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىلـ ـلىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرـ ـلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇـ ـرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرـ ـلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جۇڭگوچە سوتسىـ

يالىزىم قۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# پولاتتەك ئىرادە، ئوتتەك قىزغىنلىق

## ئىسمايىل ئەھمەد

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەن شىمالىي شىنجاڭدا ئىدىم. بۇ يەر خەيىر ـ ساخاۋەتلىك، يارقىن ۋە گۈزەل. كالا، قويلار تازا سەمرىۋاتقان ئالتۇن كۈز پەسلىگە كىرگەن بولۇپ، ھەممە ياق پوئېزىيىلىك تۇسكە تولغانىدى. مەن غۇلجىغا بېرىپ ئىككىنچى كۈنى يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى بېيجىڭدىن كەلگەن تەشۋىشلىك تېلېفون خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم. 20 نەچچە سائەت ئۆتكەندە، 2 ـ قېتىم بېيجىڭدىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ، بۇرھان ئاقساقال ۋاپات بولۇپ كەتتى، دېگەن قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىدىم... كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. شىمالىي شىنجاڭ بۇرھان ئاقساقال كۆرەش ئېلىپ بارغان جاي بولۇپ، بۇ جاينىڭ ھەممە يېرىگە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىزى قالغانىدى. ئۇ ئەكسىيەتچىل مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئالدى بىلەن غۇلجىغا قامالغان؛ ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرى تەرىپىدىن شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلگەن، ئۇ ئالتايدا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش سۇيىقەستىنى پاش قىلغان... لىقىدەك ئەھۋاللار ئىسىمگە كېلىپ قالدى. دەل شۇ كۈنى مەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ھەيۋەتلىك ھەم سۈكۈناتتا تۇرغان قەھرىمانلار قەبرىسى ۋە خاتىرە مۇنارىسىغا قاراپ تۇرغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا بىر

يېڭى ئۆچمەس داغلىق ئابىدە پەيدا بولدى.
كۆز شاملى چىقىۋاتقان مەزگىل، 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ 96 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. پىكىر - خىيالىم خۇددى كۆزلۈك چۆپ-لەردەك چېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇرھان ئاقساقالغا بولغان سېغى-نىش ھېسسىياتىم ۋە چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتىمنى يېزىپ چىقىش كېرەكلىكى-نى ھېس قىلدىم.
بۇرھان ئاقساقالنىڭ ھاياتى ئۇلۇغ ھايات، مەن ئۇنىڭ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىز-غىن مۇھەببىتى، پولاتتەك ئىرادىسى، ئوتتەك قىزغىنلىقى مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «بىر كىشىنىڭ بىر ئاز ياخشى ئىش قىلىشى ئانچە قىيىن ئەمەس، قىيىنى ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىشلارنى قىل-ماسلىق» ، دېگەن داڭلىق سۆزنى قىلغانىدى. مېنىڭچە ۋەتەنپەر-ۋەرلىك مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق بولۇش كېرەك، ھەرقانداق چاغدا ۋەتەنپەرۋەرلىك قەلب بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ جاپا - مۇشەققەت-لىك پەيتلەردە ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى يوقاتمىغان ئادەم، ئاندىن ھەقىقىي، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولالايدۇ. يولداش بۇرھان شەھىدى ئەنە شۇنداق ۋەتەنپەرۋەر زات. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆت-كۆزگەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇ گېرمانىيىدە ئوقۇغان. سو-ۋېت ئىتتىپاقىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرگەن. ئۇ شىنجاڭدىكى يەر ئاستى كۆرەشكە قاتناشقان، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شېڭ شىسەي-نىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ھەمدە «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزا-سى» بولۇپ نەنجىڭدە تۇرغان. ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، شىنجاڭنى تىنچ يول

بىلەن ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇساپىگىمۇ قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە گۈزەل يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىگەن، ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپالاردىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە زىيارەتكە بارغان، دىنىي ئىشلار ۋە مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. تالانتلىق ئالىم سۈپىتىدە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. «10 يىللىق مالىمانچىلىق» مەزگىلىدە ئۇۋال قىلىنغان. . . . مەيلى قانداق ۋاقىت، قايسى جايدا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، سەمىمىي سادىق قەلبى باشتىن ـ ئاخىر ئۆچمەس يالقۇنغا ئوخشاش، كۈچلۈك لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان. مەن بۇ يەردە مۇنداق ئىككى كونكرېت ئىشنى سۆزلىگىم كېلىۋاتىدۇ:
بىرى، 1933 ـ يىلى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر جاھانگىر كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇشنى پىلانلاۋاتقان جىددىي پەيتتە، بۇرھان ئەپەندى بىر ئېغىز سۆز بىلەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ: شىنجاڭ «مۇستەقىللىق» تىن ئىبارەت بۇ خاتا يولدا ماڭمايدۇ، ئاتالمىش «مۇستەقىللىق» ماھىيەتتە جاھانگىرلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ئىبارەت، ئەگەر جاھانگىرلىككە تايىنىپ «مۇستەقىل» بولىدىغان بولسا، شىنجاڭ جاھانگىرلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنە بىر ئىش: 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇ ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ، 1965 ـ يىلىدىكى دۆلەت بايرىمى پائالىيىتىدە، ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىلىنغان مۇئامىلە

بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، لېكىن ئۇ ھېچقانداق نارازىلىق كەيپىياتىدا بولماي، خۇشال - خۇرام ھالدا ئالاقىدار تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن: مەيلى مەن قانداق ۋەزىپىدە بولماي، مەن يەنىلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى. شۇڭا مەن خۇشال - خۇرام ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىيات بىلەن ۋەتىنىمنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىم كېرەك، دەيدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئۇ بىكاردىن - بىكارلا «خەلققارا جاسۇس»، «ساتقىن» دەپ ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ، دەپسەندە قىلىنىدۇ. پىپەن ۋە كۈرەش قىلىنىۋاتقاندا، بىر ئېغىز سۆز قىلمايدۇ. لېكىن بەزىلەر «ئۇ ئەسلىدە جۇڭگولۇق ئەمەس» دېگەندە ئۇ قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەردانە ھالدا «مەن جۇڭگولۇق»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئوخشىماسلىقى ھەتتا ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىشەنچىسى ۋە ئىدىيىۋى ئېتىقادىمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بۇرھان ئاقساقالنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادى بىلەن زىچ بىرلەشكەن. ئۇ، 20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقاندا ماركسىزم بىلەن ئۇچرىشىدۇ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆپ قېتىم بېرىش جەريانىدا، تەدرىجىي ھالدا كوممۇنىزمغا بولغان مۇستەھكەم ئىشەنچىسى تىكلىنىدۇ. ئۇ، ئەينى چاغلاردا خاتىرىسىگە: 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، مېنىڭ ئىدىيە، تونۇش، دۇنيا قارىشىمدا زور يۈكسىلىش بولدى، ماركسىزمنىڭ ئەڭ توغرىلىقىنى، ئىنسانىيەتنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرەلەيدىغان ھەقىقىي تەلىمات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان بولدۇم. ۋەتىنىم — جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئەركىن، بەختىيار سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇپ

چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەنمۇ مۇشۇ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەيمەن» ، دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشەنچىسى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى. كۆپلىگەن بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولۇشى مۇمكىن. «بالىلىرىمغا ۋەسىيەت» دېگەن خەتنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ خەتتە: «مەن 1912 ـ يىلى چەت ئەلدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنىدىم، ھازىر بۇنىڭغا 80 يىل بولۇپ قالدى. 80 يىل جەريانىدا مەن بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل جەمئىيەتنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ كۆپلىگەن ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتنى ئىزدەپ، خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈردۈم، ئاخىرى ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمنى تاپتىم. ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت تۇرمۇش ئېتىقادىمنى تىكلىدىم. دەل مۇشۇ ئېتىقاد مېنىڭ كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىشىمگە مەدەت بولدى» ، دەپ يېزىلغان. بۇ، ئۇنىڭ ۋەتەنگە، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئېيتقان يۈرەك سۆزى. شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنىڭ شانلىق مۇساپىسى توغرىسىدىكى ئەينەن باياندۇر.

بىر ۋەتەنپەرۋەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش — چىن قەلبىدىكى گۈزەل ھەم مۇستەھكەم ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىنىپلا قالماي، يەنە ئۆز پائالىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كونكرېت ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىشى لازىم. بولۇپمۇ چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى ۋە چوڭ بوران ـ چاپقۇن ئالدىدا كاللىسى سەگەك، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇپ، ھەرخىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، دەسلەپكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن ھېسابلاشماي دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش لازىم. دۆلىتىمىز

بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى
ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش — ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر-
گە قويۇلىدىغان ئەڭ تۆۋەن تەلەپ. يولداش بۇرھان شەھىدى بۇ
جەھەتتە بىزگە شانلىق ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن
سەل ئىلگىرى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى
«كىشىلەر مېنىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان كۈرەش مۇساپەمنى قانداق
سۈندۇرسۇن ياكى ماختىسۇن، مەن ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە ھەرقاي-
سى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىل-
دىم.» ئۇنىڭ بۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك سۆزىدىن بىز بىر ۋەتەن-
پەرۋەرنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى كۆرۈۋالالايمىز.

جاھانگىر كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، شىنجاڭدا
بۆلگۈنچى كۈچلەرنى پەيدا قىلدى. بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھەرخىل
شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، شىن-
جاڭنى ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى،
بۇنىڭغا قارىتا يولداش بۇرھان شەھىدى يۈكسەك ھوشيارلىق ۋە
ئىگىلمەس كۈرەش روھىنى نامايان قىلدى. 1948 ـ يىلى ئەينى
چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇرھان ئەپەندىنى شىنجاڭ ئۆلكى-
سىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى، «شەرقىي تۈركىستان» دۆلى-
تىنى قۇرىمىز، دەپ مەغلۇپ بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلى-
رىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي قۇتىراشتى، جاھانگىر ئۇن-
سۇرلار ۋە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇرھان ئاقساقالغا قىستاش ۋە
قىزىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ
قارا بايرىقىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغاندا، بۇرھان ئاقسا-
قال ئۆزىنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئېلان قىلغان «پۈتۈن
شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» دىكى «بىز ئىتتىپاقىمىزنى كۈ-
چەيتىپ، بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئىتتىپاق بول-
غاندىلا، ئاندىن كۈچ بولىدۇ، بىرلىك بولىدۇ، تىنچلىق بولى-
دۇ»، «دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرغانلىق — تىنچلىققا

قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ، بىز ئۇنى ئەكسىيەتچى دەپ قارايمىز! . . . خەلقنىڭ تىنچلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە بۇز-غۇنچىلىق قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدىغان ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز»، دەپ مەردانىلىق بىلەن ئېيتقان سۆزى-نى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا تولۇق ئاساسلار بىلەن جاۋاب بەرگەن.

جاھانگىرۋە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ تۈزۈپ چىققان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قەپەزدىن چىق-قىپ، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا بەرپا بولغاندىن كېيىن، يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشتا كۆز ـ كۆز قىلىدىغان بايراقا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بالا ـ قازاغا ئايلىنىپ قالدى. بۇرھان ئاقساقال «شەرقىي تۈركىستان» نى تەرغىب قىلغان كىشىلەر بىلەن دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇش كۈرد-شىنى ئېلىپ بارغان. ئۆزىنىڭ مول تارىخىي بىلىملىرىنى ئىشى-لىتىپ، پولاتتەك پاكىتلار بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا بىرقانچە مەسىلە»، «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسى-دا» قاتارلىق تاللانغان ئەسەرلىرى، كېيىن يولداش ماۋ زېدۇڭ-نىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان» XIX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەملىكىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويغاندا ئوتتۇرىغا چىققان ئىسىم. ئەينى ۋاقىتتا غەرب مۇستەھكەمچىلى-رى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە شىنجاڭ رايونىنى «شەرقىي تۈركىس-تان» دەپ ئاتىغان، زەرەپشان دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى «غەربىي تۈركىستان»، شەرقىدىكى رايون-

لارنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان. بۇ ئىسمىدا پۈتۈنلەي تىل ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ روشەن تاجاۋۇزچىلىق غەرىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەزىلەر ئەينى چاغ- لاردا غەربتىكى مۇستەملىكىچىلەر تاجاۋۇز قىلىش مەقسىتىدە ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك ئىسمىنى «ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ ئىس- مى» دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىنغان ھاقارەت. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاددىي ھەم مەنىلىك، مۇلاھىزىلىرى چوڭقۇر بولۇپ، پاكىتلار ئوبيېكتىپ تونۇشتۇرۇلغان. داۋلىلىق چوڭقۇر بايان قىلىنغان، تاجاۋۇزچىلار شەپقەتسىز ھالدا پاش قىلىنغان، يامان غەرەزلىكلەر كۈچلۈك تەنقىد قىلىنغان.

ئۇ يەنە كۈچلۈك پاكىت، چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئۆز كەچۈر- مىشلىرى ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەر جەزمەن ئىتتىپاقلى- شىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئورتاق تارىخىي تەقدىر، ئورتاق ئىنقىلابىي تەلەپ، ئورتاق كۈ- رەش يولى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ يەنىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دەل مۇشۇ ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق تەلەپ ئارقىسىدا بىرلەشكەن كۈچ بىلەن قاندەك مۇناسىۋەت — شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقلى- رىنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا ئۇزۇۇنغىچە قۇل بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. تاجاۋۇز- چىلىققا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى شۇنى چۈشەندۈردىكى، دۆلەت ئىچى ئىتتىپاق بولمايدىكەن مۇقەررەر ھالدا تاشقى دۈشمەن پەيدا بولىدۇ، تاشقى دۈشمەن مۇقەررەر ھالدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، بۇمۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئاچچىق تارىخىي ساۋاق. ھەرمىللەت خەلقلىرى زىچ ئىت- تىپاقلىشىدىغانلا بولسا، تاشقى دۈشمەنلەر بىزنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئاندىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا

قۇدرەت تاپىدۇ.»

ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۆز
هاياتىنىڭ ئىستىكى قىلغان بولغاچقا، مەيلى نەگە بارمىسۇن
ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. 1947 ـ
يىلى يەنى ئۇ «گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى» بولغان مەز-
گىلدە، «شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۆمىكى» نى باشلاپ تەي-
ۋەنگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئويۇن قويۇشقا بارغان. ئۇ تەيۋەندىن
ئايرىلىشتىن بۇرۇن قىلغان رادىئو سۆزىدە: «شىنجاڭ
غەربىي ـ شىمالغا، تەيۋەننىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىغا جايلاشقان،
ۋەتەننىڭ چېگرىسىدىكى بۇ ئىككى ئۆلكە يىراقتىن بىر ـ بىرىگە
قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى ئۆلكىدىكى خەلقلەر بىردەك ئىتتىپاق-
لىشىپ «قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، بىرلىكنى هىمايە قى-
لىش، ۋەتەننى قوغدىشى لازىم»، دەپ سۆزلىگەن. بۇ سۆزلەر
يەنىلا تا بۈگۈنگىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە. شىنجاڭ ۋەتەننىڭ بىر
قىسمى، يەنە ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان ۋە كۈرەش قىلغان جاي
بولغاچقا، ئۇ شىنجاڭغا ئالاهىدە مۇهەببەت باغلىغان، ئۇنىڭ بۇ
خىل مۇهەببىتى، ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك هېسسىياتى
بىلەن تومۇرداش، هەمنەپەس ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇ
هەرخىل خەتەرلىك ۋە مۇرەككەپ ئەهۋال ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ
ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ چاقىرىق
قىلىپ، ئۇنىڭغا باش قاتۇردى. بۇمۇ ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ۋە
تەرەققىياتى ئۈچۈن قەهرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلغانلىق بولۇپ
هېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن،
ئۇ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق رەئىسى بول-
دى. ئۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا
قەتئىي بويسۇنۇپ، مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتىنىڭ رەهبەرلىكى-
دە، هەر مىللەت خەلقلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ
ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈ-

روش ئۇچۇن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. 1955 ـ يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى بېيجىڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، گەرچە ئۆزى يىراقتا تۇرسىمۇ شىنجاڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماي، يۇرتىنىڭ تەرەققى-ياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى. ھەر قېتىم ھۆج-جەت، گېزىت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىدىن شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىرى-نى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئالاھىدە قىزىقاتتى. «يۇرتۇمنىڭ ھەربىر تال گىياھلىرىمۇ مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ» ، دەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۇنى سولاپ قويغان مەزگىللەردە، ئۆزىنىڭ خېيىم ـ خەتىرى بىلەن ھېسابلاشماي شىنجاڭنى ئەسلەپ تۇرغان، ئۇنى سولاپ قويغان كىچىك ئۆيدە ئىلمىي فانتازىيىلىك رومان يېزىپ، سۆيۈملۈك يۇرتى — شىنجاڭنىڭ جەننەتكە ئايلانغانلىقىنى خىيال قىلغان. ئۇنىڭ يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى نېمىدېگەن سەمىمىي، نېمىدېگەن قىزغىن ـ ھە!

1983 ـ يىلى شىنجاڭدا چىن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، دۇ جۇڭيۈەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ زىياد-كەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەزگىلى-دە، ئۇ ئايرىلغىنىغا كۆپ يىللار بولغان شىنجاڭغا كەلدى ھەمدە شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. يۇرتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىر-لەندى ۋە ھاياجانلاندى. بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن «يۇرتۇمغا سەپەر» دېگەن 5000 خەتلىك ماقالىنى يېزىپ، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەرخىل ئىشلاردا قولغا كەلتۈرۈل-گەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. پارتى-يىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنى ماختىغان. بۇ ماقالە كېيىن «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ماقالىنىڭ ھەربىر قۇرلىرى-

ـدىن، بىر پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەرنىڭ تومۇرىنىڭ ۋەتەن، يۇرت،
دەۋر بىلەن بىللە سوقۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ
ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «تەڭرى ئەگەر رىزقىمنى بەرسە،
مەن يۇرتۇمغا يەنە بېرىپ كېلىشنى خالايتتىم»، دەپ يازغان.
تەڭرى نىيەت قىلغان ئادەمنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويمىـ
ـدى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىـ
ـقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، 91 ياشقا كىرىپ
قالغان بۇرھان ئاقساقال مەركىزىي كومىتېت ۋەكىللەر ئۆمىكىـ
ـنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا يەنە كېلىپ،
ھەر تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. زاۋۇت، دوخـ
ـتۇرخانا، مەكتەپلەرگە بېرىپ ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە ئەربابلىـ
ـرىدىن ھال سورىدى. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ
1983 ـ يىلى ۋە 1985 ـ يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەنـ
ـدە، مەن شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقىنىم ئۈچۈن، ئۇنى كۈتۈۋېلىش
پۇرسىتى بولدى. ئۇنىڭ يۇرتىنى قىزغىن سۆيۈشى ۋە شىنجاڭـ
ـنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى — مەندە چوڭقۇر
تەسىرات ھەمدە گۈزەل ئەسلىمە قالدۇردى. بۇرھان ئاقساقالغا
شۇنداق دەپ تەسەللى بېرىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتوـ
ـنوم رايونىدىكى ھەرمىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدە زور
قەدەملەر بىلەن ئالغا چامداۋاتىدۇ، بۇرھان ئاقساقالنىڭ يۇرتىـ
ـنىڭ جەننەتكە ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى خىيالى جەزمەن شانلىق
رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.
ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر يولداش بۇرھان شەھىدى مەڭگۈ ھايات!

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەيسا ھوشۇر**
جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى

يولداش بۇرھان شەھىدىنى قايغۇ
بىلەن ئەسلەيمەن

## تۆمۈر داۋامەت

قىلدىڭىز كۈرەش ئومۇم ئۈچۈن ئۆمۈربويى،
قىلىپ خەلققە تەقدىم ھاياتىڭىزنى.
باغلاپ ۋەتەنگە چەكسىز مۇھەببەت،
كۆرسەتتىڭىز كوممۇنىزمغا چەكسىز ساداقەت.

سىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئوغلانى،
سىز جۇڭخۇا ئېلىنىڭ قەھرىمانى.
نۇر چاچار مەڭگۇ سىزنىڭ تۆھپىڭىز،
دىللاردا قالىدۇ شانلىق نامىڭىز.

1989 ـ يىل 27 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

# ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر، قىممەتلىك دوستلۇق

— يولداش بۇرھان شەھىدى بىلەن شىنجاڭدا بىرگە بولغان كۈنلەردىن ئەسلىمە

## دېڭ لىچۈن

بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل بولىدىغان قۇتلۇق كۈن. مۇشۇنداق قۇتلۇق پەيتتە، بۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى يولىدا يولداش بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرگە بولغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلدى.

1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن موسكۋا ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا يېتىپ كەلدىم. مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىپەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىلەشكۈچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەر ئاستى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىق تەرەپلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى شۇنىڭدەك تۈرلۈك پىكىرلىرىنى ئىگىلەش، شىنجاڭنىڭ سىياسىي،

ھەربىي، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلىرىگە دائىر ئەھۋاللارنى توپ-
لاپ، ئۇلارنى ۋاقتىدا تېلېگىراما ئارقىلىق دوكلات قىلىپ،
مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس ۋە پايدىلى-
نىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە
مەركىزىي كومىتېتنىڭ تېلېگىراما ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەلۇم
قارارلىرىنى ۋاقتىدا ئالاقىدار تەرەپتىكى زاتلارغا ئۇقتۇرۇپ، بۇ
قارارلارنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە
تۈرتكە بولۇش ئىدى. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، يولداش ليۇ
شياۋچى ماڭا:

— سەن ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىلەشكۈچىسى سالاھىيىتى بىلەن
خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغىن، زۆرۈرىيەت بولسا، مەركىزىي
كومىتېت قايتا رەسمىي ۋەكىل ئەۋەتىدۇ، دېدى.

مەن ئىلىغا كەلگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىر مەزگىل
ۋاقىت ئىچىدە ئاۋۋال ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرى-
شىپ، بېيجىڭغا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يې-
غىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
ۋەكىللەرنى ئۇزىتىش ئىشىغا تۇتۇندۇم. 8 - ئاينىڭ ئاخىرى
بولسا كېرەك، ئارمىيىمىز لەنجۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن يول-
داش سەيپىدىن ئەزىزى ماڭا:

— شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇرھان شەھىدى ئەخ-
مەتجان قاسىمى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ماناس ئالدىنقى سې-
پىگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇ ئادەم بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆزى يازغان
بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى
بىلەن مۇھىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىش مۇددىئاسىنى ئىپادىلەپتۇ،
دېدى. بۇ مېنىڭ بۇرھان دېگەن ئىسىمنى تۇنجى ئاڭلىشىم ئى-
دى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىگىلىگەن ئاخباراتتىن بۇرھان شەھىدى-
نىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچان-

ـلىق كۆرسىتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت رەھبەر-
لىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى
بولاتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن يول-
ـداشلار بىلەن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش پۇرسىتىدە بۇرھان شە-
ھىدىنىڭ 2 ـ كۈيئوغلى ئۇيغۇر سايرانى بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇ
ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىلى گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،
قوشۇمچە باش مۇھەررىرى ئىكەن، شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا
يەنە بۇرھان شەھىدى توغرىسىدا بەزى ئەھۋاللارنى ئاڭلىدىم.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق يولداش
بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى سول قانات
كىشىلىرى ئىچىدە مەركىزىي شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت
رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت-
ـتە ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدىم. ئارمىيىمىزنىڭ لەنجۇنى ئازاد قىلى-
غانلىقى ئۈرۈمچىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭدىن
ئوڭ قانات كىشىلىرى جىددىيلەشسە، سول قانات كىشىلىرى خۇ-
شال بولۇشقانىدى. سول قانات كىشىلىرى شىنخۇا ئاگېنتلىقى
تارقاتقان خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەرنى ئۈرۈمچىنىڭ
ھەممە يېرىگە تارقاتتى. بۇ ئەھۋاللار شىنجاڭنىڭ مەسىلىسىنى
ھەل قىلىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەت-
ـتى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۈرۈمچىدىن
سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ بىر ئورۇنباسار كونسۇلى كېلىپ،
ماڭا ئۈرۈمچى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە «بۇرھان
ھەقىقەتەنمۇ بىر ھەقىقىي تەرەققىيپەرۋەر كىشى، بىزنىڭ ئۇزاق
مۇددەتلىك ئىتتىپاقدىشىمىز بولالايدۇ، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىل-
ـلەت ئاممىسى ئارىسىدا ئىنتايىن يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، ئۇنىڭ
خەنزۇلار ئارىسىدىكى تەسىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى. بۇ كىشى مول
تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان

مەزگىلدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان. ئۇ تار مىللەتچىلىك قارىشىدىن پۈتۈنلەي خالىي، تولىمۇ ئىقتىدارلىق، مەسىلىلەرنىمۇ دەل جايىدا ھەل قىلالايدۇ. . . ئۈرۈمچى تەرەپتىكىلەر بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتىدۇ»، دەپ تەۋسىيە قىلدى ھەمدە «قانچە تېز ئالاقىلەشسەك شۇنچە ياخشى، چۈنكى بالدۇرراق باش قوشالىساق، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، بۇ بىزگە پايدىلىق»، دېدى. شۇ سەۋەبتىن مەن مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگراما يوللاپ يوليورۇق سورىۋىدىم، مەركىزىي كومىتېت مېنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىمنى تېزلا تەستىقلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە زۇڭلى جۇ ئېنلەي گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ئاز ـ تولا خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ تاۋ سىيۆ، بۇرھان ئەپەندىگە بىر پارچە تېلېگراما يوللىدى. مەن تېلېگراممىنى ئېلىپ 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە باردىم.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغىنىمدا مۇنداق ئۈچ ئىش مېنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى: بىرى، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان بۇرھان شەھىدى ئۆزى ئايرودرومغا چىقىپ مېنى كۈتۈۋالدى؛ يەنە بىرى، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا بىرگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە سەمىمىيلىك بىلەن «يولداش» دەپ چاقىردى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ مېنى ئۆز ئۆيىدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئۆيىنى تېلېگرافچى بىلەن مېنىڭ تۇرالغۇ ۋە خىزمەت ئورنىمىز ئۈچۈن تەييارلاپ بەردى. كېيىن ئۇنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچى، سىرتىنىڭ قاتتىق

قوغدىنىش ھالىتىدىن، ئۇنىڭ ئاساسلىقى بىزنىڭ بىخەتەرلىكى-
مىزنى نەزەردە تۇتۇپ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان-
لىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇنىڭ ئۆيى ئانچە ئازادە ئەمەس ئى-
دى، بىز كەلگەندىن كېيىن مەن تېلېگرافچى بىلەن ئۆينىڭ بىر
تەرىپىدە، بۇرھان شەھىدى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يەنە بىر تەرد-
پىدە تۇردى، ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېغىزلىق ساراي
ئۆي بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك
بولۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ پوزىتسىيە-
سىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى، بولۇپمۇ ھەربىي قىسىمدا يەنىلا
ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرۇۋاتقان بىر تۇركۇم ئوفىتسېرلار
ئەڭ ئاخىرغىچە تىركىشىشكە، ھەتتا بۇرھان شەھىدى شۇنىڭدەك
باشقا بەزى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە
ئورۇنىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇرھان شەھىدىنىڭ مەندەك
بىر كومپارتىيىنىڭ ئالاقىچىسىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن
غايەت زور جاسارەت ۋە جۈرئەت كېرەك ئىدى. بۇرھان شەھىدى
بىزنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ خىزمە-
تىمىزگە تۇرلۇك قولايلىقلارنى ھازىرلاپ بەردى. كېيىن مېنىڭ
شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن ھەربىي، ھۆكۈمەت مۇھىم ئەربابلىرى بىلەن
ئۇچرىشىشىم ۋە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشىم مۇشۇ ئۆيدە بولدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ بىزگە تولىمۇ قىزغىن، ئوچۇق -
يورۇق مۇئامىلىدە بولدى، بىزنى مېھمان قاتارىدا ئەمەس، بەلكى
بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك مۇئامىلىدە كۈتتى. ئۇ ماڭا:
— سىلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆيىمىزدە ئۈچ ۋاق تامىقى-
مىزدا نېمە يېسەك، ھازىرمۇ شۇنى يەۋاتىمىز، مەن ئىشقا ئوخ-
شاشلا بېرىۋاتىمەن، سېنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلەڭنى ئورۇنلاش-
تۇرۇپ قويدۇق، خاتىرجەم بولغىن، دېدى. شۇڭا مەن بۇ ئۆيدە
قىلچە قورۇنۇش ھېس قىلمىدىم، ئۆز ئۆيۈمدىكىدەكلا ئازادە
تۇردۇم.

ئۈرۈمچىدە بولغان مەزگىلىدە، بۇرھان شەھىدى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى بەزى كىشىلەر ماڭا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرۇپ تۇردى. ئۆلكە، شەھەر يەرلىك دائىرىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىن ليۇ مېڭچۈن، چۇۋۇ قاتارلىقلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى. مۇشۇنداق پائالىيەتلەردە بۇرھان شەھىدى مول سىياسىي تەجرىبىگە ئىگە بولغاچقا، مەسىلىلەرنى تولىمۇ لايىقىدا بىر تەرەپ قىلاتتى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇرھان شەھىدى يەنە ماڭا ئۈرۈمچىدىكى بەزى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى تونۇشتۇردى. ئالايلۇق، نۇسرەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يەر ئاستى تەرەققىيپەرۋەرلىك تەشكىلاتى؛ خەن شىبىڭ، جاڭ جىيۈەن، لى يۇشياڭ، جاۋ پۇلىن، ۋاڭ دۇسۇڭلارنىڭ «كۆرەش جەمئىيىتى»؛ ياڭ ۋېنشيەن، يىاڭ تيەنيۈن، لىيۇ شۇمىن، ۋاڭ لىمىنلارنىڭ «ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى». بۇلار 40 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن سابىق غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىدىن شىنجاڭدا قېپقالغان يولداشلار ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ بەرپا قىلغان تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىدى. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن بۇرھان شەھىدىنىڭ مەن كېلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ يەر ئاستى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مۇشۇ مەزگىلدە، بۇرھان شەھىدى ماڭا ھەمراھ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا باردى، ئۇنىڭ ساۋېلىق بىلەن كەڭ - كۇشادە، ئوچۇق - يورۇق قىلىنىشقان سۆھبىتى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

بۇرھان شەھىدى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىشىغا دائىر تەدبىرىنى تولىمۇ قۇۋۋەتلىدى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۇ ماڭا بىر پارچە تېلېگراممىنى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يوللاتقۇزدى. تېلېگراممىنىڭ

تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«رەئىس ماۋ زېدۇڭغا:

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئۇلۇغ ئىشلىرىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدۈم. مۇشۇ مەزگىللەردە يېڭى دېموكراتىزم شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى چاقىرىق مەندە كۈچلۈك ئىشەنچ پەيدا قىلدى. مەن ئۇنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ھىمايە قىلىمەن ھەمدە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئۈچۈن ئىرادە باغلايمەن. كومپارتىيىسىنىڭ پۇتكۇل جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكنى قوبۇل قىلىپ، ھەممىلا يەردە يېڭى ھاياتنى بىرلىكتە تەنتەنە قىلىشقا تەييارلىنىپ بولدۇق. بۇ تېلېگراممىنى ھۆرمەت ئىلكىدە يوللىدىم.

بۇرھان شەھىدى».

تېلېگراممىغا قوشۇمچە قىلىپ يوللانغان بىر كۇپلېت خەنزۇچە شېئىرنى ساقلاپ كېلىۋاتقانىدىم، ئېچىنىشلىقى بۇ شېئىر پۇتۇلگەن مەكتۇپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە يىتۇپ كەتتى.

كۆپ قېتىملىق سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، بۇرھان شەھىدى بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىدە پۇتۇنلەي بىردەك پىكىرگە كەلدۇق، ئەمدىكى بىر تۇرلۇك ئاساسلىق خىزمەت تاۋ سىيۆنى قولغا كەلتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىدى. مەن تاۋ سىيۆ بىلەن سۆھبەتلىشىپ؛ گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تېلېگراممىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئەينى ۋاقىتتا تاۋ سىيۆگىمۇ شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبە-

ـتى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن نەنجىڭغا قايتىپ كەتمەي بېيجىڭدا قالغانىدى. لېكىن جاڭ جىجۇڭ بېيـ جىڭدا قانداق سالاھىيەت بىلەن قالدى؟ ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارىماققا جاڭ جىجۇڭغا ئەـ دەپ بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ھوقۇق ۋە ئەمەل بەرمەي قۇرۇق مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جاڭ جىجۇڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئۇنىڭ شىنـ جاڭدىكى رولىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، جاڭ جىجۇڭغا ئالاھىـ دە مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتـ قانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسى تۈگىدى. قارىغاندا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ جاڭ جىجۇڭغا يوللاتقۇزغان تېلېگراممىسى ئىنتايىن ياخشى رولىنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى.

گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى قولغا كەلتۈـ رۈش مەسىلىسىدە، ئەڭ دەسلەپىدە تاۋ سىيۆ ماڭا:

— خۇزۇڭنەن يەنە نەچچە ئايلىق ھەربىي لاۋازىمەتلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمىدى. ھەربىي لاۋازىمەتلەر يېتىپ كەلگەن ھامان دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىمىز، دېدى. ئەينى چاغدا غەربىي ـ شىمالدا خۇزۇڭنەننىڭ قىسمەن ھەربىي قىسمى بار ئىدى، تاۋ سىيۆنىڭ قول ئاستىدىكى جاھىل ئۇنسۇرلار يەنە خۇزۇڭنەندىن تەمە كۈتەتتى. خۇزۇڭنەنمۇ ئۇلارنىڭ قىسىملىرىـ نى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي ـ شىمال ئازادلىق ئارمىيىمىز خۇزۇڭنەننىڭ بۇ قوشۇنىنى بىتچىت قىلدى. گەرچە تاۋ سىيۆنىڭ قىسىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، نەچچە يۈزمىڭ سەر ھەربىي لاۋازىـ مەت يوقىتا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ خۇزۇڭنەندىن كۈتكەن تەمەسى پۈتۈنلەي تار ـ مار قىلىۋېتىلگەنـ

دى. بۇ ۋاقىتتا، ئارمىيىمىز خۇ زۇڭنەن، ما بۇفاڭ قىسىملىـ
ـرىنىڭ شىنجاڭدا قالغان قالدۇق قوشۇنىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەمـ
ـمىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. جاھىل ئۇنسۇر ما چېڭشياڭ، يې
چېڭ، لو رۇڭخېنلار ئۇمىد قالمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئامالسىز
قوشۇنلىرىنى تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولۇشتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا،
بۇرھان شەھىدى تاۋ سىيۆ بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ زور مەبلەغ
ئاجرىتىپ، ئاخىرىدا ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو رۇڭخېنلارنى
ئەسكىرىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، تېزدىن شىنجاڭ چېگرىسىدىن
چىقىپ كېتىشكە ماقۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن
ئازاد بولۇشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.
ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو رۇڭخېنلار مال ـ دۇنيانى ئېلىپ
كەتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، بۇرھان شەھىدى ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقى كونسۇلى مەن بىلەن بىرگە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ
شەھەر ئەتراپىغا ئۇۋغا چىقىپ، شۇ يەردە بىر ئاخشام قوندۇق.
ئەسلىدە ھەربىي، ھۆكۈمەت تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ھەقىقەتكە قايـ
ـتىشقا كېلىشكەنىدۇق، نېمە ئۈچۈنكىن، گېنېرال تاۋ
سىيۆ 25 ـ سېنتەبىر ئالدىدا بايانات چىقىرىپ ھەقىقەتكە قايتقانـ
ـلىقىنى جاكارلىدى. بۇرھان شەھىدى 26 ـ سېنتەبىر ئۇنىڭ
كەينىدىنلا ھەقىقەتكە قايتقانلىق باياناتىنى جاكارلىدى.

گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ پىكرى بويىچە، ھەقىقەتكە قايتىش
باياناتى چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى
مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاندىن ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرمەكچى
ئىدى. ئەمما مەن بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا بەزى
رايونلاردا يۈز بېرىۋاتقان مالىمانچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، سوۋېت
ئىتتىپاقى كونسولى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغانىدۇق. بۇرھان
شەھىدى بىلەن مېنىڭ پىكرىم پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ، ئازادلىق
ئارمىيىنىڭ تېزرەك شىنجاڭغا كىرىشىنى ئۈمىد قىلىشتۇق.
سوۋېت ئىتتىپاقلىق دوستىمىز پىكرىمىزنى ئىنتايىن قوۋۋەتـ

لەپ، «سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ئالتۇندىنمۇ بەكرەك قىممەتلىك بولدى» ، دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇرھان شەھىدى چۇۋۇ بىلەن قاسىمجان باشلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۈممكىنى جيۇچۈەنگە ئالاھىتەن ئەۋەتىپ يولداش پېڭ دېخۇەيگە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى ھەمدە شىنجاڭ خەلقىگە ۋاكالىتەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى.

ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسىدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ پىكرىنى لايىق كۆردى. ئۇنىڭ يولداش پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن راۋان بولدى. يولداش بۇرھان شەھىدى باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە بۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى ھەمدە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئازادلىق ئارمىيە ئەمدىلا شىنجاڭغا كىرگەچكە، يەرلىكنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلمەيتتى. يولداش بۇرھان شەھىدى يەرلىكنىڭ ئەھۋالى ۋە خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى پائال تونۇشتۇردى، دائىم تۆۋەنگە بېرىپ مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئىلگىرى شىنجاڭدا زاۋۇت يوق ئىدى، ئازادلىق ئارمىيە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىنىڭ ئەتراپىدا بىراقلا يەتتە زاۋۇتنى قۇردى. بىر يىلدىن كېيىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يولداش ۋاڭ جېننىڭ ئىجاتچانلىق روھى كىشىلەرگە زور ئىلھام بەخش ئەتتى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يولداش بۇرھان شەھىدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش بۇر-

هان شەھىدىنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئىپادىسىنى كۆزەتكەندىن كې-
يىن ئۇنى تېزرەك كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا قىلىشنى قارار
قىلدى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يولداش بۇرھان شەھىدى
يولداش ۋاڭ جېن، شۇ لىچىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ، كاندىداتلىق مەزگىلىنى ئۆ-
تىمەيلا بىۋاسىتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي
ئەزاسى بولدى، يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ كۆپ يىللىق ئارزۇ-
سى ئاخىرى روياپقا چىقتى. يولداش بۇرھان شەھىدى كومپارتى-
يىگە ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئەزا-
سى بولدى، 1952 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا
تەيىنلىنىپ، شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قات-
ناشتى.

1951 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئاي ئارىلىقىدا، مەن ئەينى چاغدا
قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار باشقارمى-
سىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم. جاڭ ۋېنتيەننىڭ كاتى-
پى ماڭا ياقۇپبەگ بىلەن ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ تارىخى ئاشكارىلان-
غان بىر پارچە ماتېرىيالنى يەتكۈزۈپ بەردى. مەن بۇ ماتېرىيالنى
يولداش بۇرھان شەھىدىگە كۆرسىتىۋىدىم، ئۇ ئىلگىرى كۆرگەن-
لىكىنى ئېيتىپ، ئەنگلىيىنىڭ غالچىسى ياقۇپبەگ شىنجاڭدىكى
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ،
جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان، دېدى. يولداش
بۇرھان شەھىدى بۇ نۇقتىئىنەزەرنى بەزى مىللىي كادىرلار ئارى-
سىدا مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى
توغرىسىدا»، «يەنە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن
ئىككى ئىلمىي ماقالىسىدە بۇ نۇقتىنى ئىلمىي دەلىللەپ، رەئىس
ماۋ زېدۇڭنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شىنجاڭدىكى مىل-
لىي بۆلگۈنچىلەر بولسا ئىزچىل تۈردە ياقۇپبەگنى ئاتالمىش
«مىللىي قەھرىمان» دەپ ئاتاپ كەلگەندى. مىللىي مەسىلىدە،

يولداش بۇرھان شەھىدى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن سادىق ھەم سەمىمىي ۋەتەنپەرۋەر. ئۇ تارىخىي مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتە ئۆزگىچە ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى.

1952 - يىلى، مەن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدىم. كېيىن گەرچە يولداش بۇرھان شەھىدى بىلەن خىزمەتتە بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشمىغان بولساقمۇ، لېكىن بىز شىنجاڭدا بىرگە بولغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرىدۇ. بۈگۈن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا 40 نەچچە يىل بولدى. يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى يولىدا قوشقان تۆھپىسى جۇمھۇرىيىتىمىز ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ شانلىق تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى، مەن مۇشۇ ئىشلارنىڭ شاھىدى ۋە بىۋاسىتە ئىشتىراكچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يولداش بۇرھان شەھىدى ۋە شىنجاڭدىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى يولىدىكى جاپالىق خىزمىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان سەمىمىي ھېسسىياتى ۋە خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنىدىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن باقى**

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ روھى مەڭگۇ ساقلىنىدۇ

### ئەن شىۋېي، ۋەن ياۋبىڭ، ما شيەن

بۇ يىل ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ئۇيغۇر ئالىمى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بۇرھان ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل، ۋاپاتىغا بەش يىل بولدى. بىز بۇرھان ئەپەندىنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى، يېقىملىق كۈلكىسى ۋە كەسكىن، مەردانە سۆزلىرى، مەرتلىكى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ، خۇددى ئۇ بىز بىلەن يەنىلا بىرگە ياشاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

## ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت، كەمتەر خىسلەت

بۇرھان شەھىدى 1894 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق دەۋرىدە مۇكەممەل تەربىيىگە ئىگە بولالمايدۇ. 14 ياش ئەتراپىدا روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىكى بىر كىتابخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ كىتابخانىنىڭ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قېتىرقىنىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم ئاساسىنى ياراتتى. جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ئۇنى-

ۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئىككى يىل سىياسىي، ئىقتىساد ئوقۇغاندىن سىرت، ئۇنىڭ مەدەنىيەت بىلىمى ۋە ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيىتى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ تېز يۇكسەك ئىرادىسى، قېتىرقىنىپ تىرىشىش روھى ھەمدە كۆزىتىش، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشىغا تايىنىپ ئېرىشىدۇ، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ پەيدىن - پەي ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پرىكازچىلىقتىن تەرەققىي قىلىپ سىياسىي ساھەگە قەدەم قويدى.

1949 - يىلى 9 - ئايدا، ئۇ گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە تاشقى دوستلۇق ئالماشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. بىراق، بۇرھان ئەپەندى ئەزەلدىن ئۆز تۆھپىسىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەي، ئۆزىنى ئاددىي بىر خىزمەتچى ئورنىدا قويدى. ئۇ مۇلايىم، چىقىشقاق بولۇپ ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاق كۆڭۈل، ناھايىتى كەمتەر بولۇپ كىشىگە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ھاياتىدىكى زېھنىي كۈچىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇرھان ئەپەندى، نام چىقىرىش تۆھپىسىگە باغلىق، دەپ قاراپ بىخرامان يۈرمەي، ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنىڭ ھېچقانچە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ «ئەجىرسىز، ھېچقانداق تۆھپىسى يوقلۇقىدىن بەكمۇ خىجىل بولغان» . بۇ بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئويلىشى، ئۇنىڭ قەتئىي جاسارەت بىلەن ئىزدىنىشى، مەڭگۈ ئالغا ئىنتىلىشى، ئۆز ئىزىدا توختاپ قالمايدىغان ئىسىل روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

# ۋەتەنگە رىشتە باغلاپ، ئىككى قىرغاقنىڭ بىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلىش

بۇرھان ئەپەندى ۋەتەنپەرۋەر ئىدى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيەتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇرھان ئەپەندى روسسىيىنىڭ قازان ئۆلكىسىدىكى بىر كىچىك كەنتتە تۇغۇلغان، بالىلىق ۋاقتىدا بوۋىسىدىن يۇرتىنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئاقسۇ ئىكەنلىكىنى، چوڭ بوۋىسى پولات چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە، ئېزىشىگە چىدىماي، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە 20 نەچچە ئائىلىلىك كەنتداشلىرىنى باشلاپ تاتارىستاننىڭ پايتەختى قازانغا قېچىپ كېلىپ، شۇ يەرلىك دائىرىلەر تەرىپىدىن بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ جۇڭگو ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، سەبىي قەلبىدە ۋەتەنگە قايتىش ئويى پەيدا بولىدۇ. 1912 ـ يىلى، ئۇ 18 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا شىنجاڭ بىلەن ئىمپورت ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسمايىل ھاجىنىڭ ياللانما خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. كېيىن بۇرھان ئەپەندى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مانا ئەمدى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلغان يەرگە قەدەم باستىم ۋە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدىم. 1914 ـ يىلى مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس يېزىپ، جۇڭگو تەۋەلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. 1922 ـ يىلى ئاتا ـ ئانامنى ۋە ئىككى سىڭلىمنى ئۈرۈمچىگە ئەپكېلىۋالدىم. ئائىلىمىز بويىچە يۇرتىمىزغا كېلىپ ماكانلاشقىنىمىزغا ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ كەتتۇق» . يۇرتنى ئويلاش، يۇرتىغا تەلپۈنۈش ئۈچ ئەۋلاد ياشىغان قازاندىن ۋاز كەچتۈرىدۇ.

جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بىر ماگىزىن خادى-

ـمىدىن تەرەققىي قىلىپ سىياسىي ساھەگە قەدەم قويدى. ئۇ سودا ئالاقىسى ۋە ئەمەلدارلىق پائالىيىتى ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل ھۆ- كۇمران سىنىپنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرسى ۋە شىنجاڭ جەمئى- يىتىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرۈۋالىدۇ. جۇڭگونىڭ سىرتقى جەھەتتە جاھانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى، ئىچكى جەھەتتە مىلىتارىست بيۇروكراتلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە رېئاللىقنى ئۆزگەر- تىش، كەمبەغەل خەلقنى قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئىزدەش ئىرادى- سىگە كېلىدۇ.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، بۇرھان ئەپەندى ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەيدانىدا چىڭ تۇردى. ئۇ، 30 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆرۈلگەن «پان- تۈركىزم» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ بۆلۈنۈش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇردى. 40 ـ يىللاردا ئۇ: «شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى، شىنجاڭ بىر مىللەتنىڭ شىنجاڭى ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭى، بۇ، جۇڭگو بىر مىللەتنىڭلا جۇڭگوسى بولماي، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوسى بولغىنىغا ئوخشاش» ، دېگەنى- دى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرھان ئەپەندى كۆپ قېتىم: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، تارىختىن سۈرۈشتۈرگەندە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئەزەلدىن خەن- زۇلار بىلەن يېقىن بېرىش ـ كېلىش قىلغان. ئۇزاق مۇددەت بىرگە تۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ياردەم، مەدەنى-

يەت ئالماشتۇرۇش ئايرىلغىلى بولمايدىغان زىچ مۇناسىۋەتنى شە-
كىللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق
قۇردى» ، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. بۇرھان ئەپەندى
شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، مەركەزنىڭ مىللەتلەر
باراۋەرلىكى سىياسىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش،
يەرلىك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىل-
لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور
تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ يەنە تەكىتلەپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى
بار، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، چوقۇم دى-
نىي سىياسەتنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي خىزمەت-
نى ياخشى ئىشلەش كېرەك، دېگەنىدى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى يەنە ئۇنىڭ
تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەتەننىڭ چوڭ بىرلىكىنى بەكمۇ
ئۈمىد قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، 88 ياش ۋاقتىدا يې جيەنيىڭ
ۋېييۈەنجاڭنىڭ تەيۋەننى ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش فاڭ-
جېن، سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى رادىئو سۆزىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا: «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى، بۇ
ئارزۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ» ، دەيدۇ. ئۇ ئەسلەپ: «
1948 - يىلى مەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش
سالاھىيىتىم بىلەن تەيۋەن ئۆلكىلىك رادىئو ئىستانسىسىدا نۇتۇق
سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدىم: «شىنجاڭ غەربىي شىمالغا جايلاش-
قان، تەيۋەن شەرقىي جەنۇبتىن ئورۇن ئالغان، ۋەتەننىڭ چېگرى-
سىغا جايلاشقان بۇ ئىككى ئۆلكە يىراقتىن بىر - بىرىگە قارىشىپ
تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆلكە خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلى-

شىپ، ئاكا ـ ئۇكىلاردەك يېقىن ئۆتۈشى، بىرلىكىنى ساقلىشى، ۋەتەننى قوغدىشى لازىم. 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ سۆز مېنىڭ قەلبىمدە ھازىرغا قەدەر ساقلاغلىق. مەن بۇ ئارزۇنىڭ بۇرۇنراق ئەمەلگە ئېشىشىنى بەكمۇ كۈتمەن»، دەيدۇ.

## ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەش

بۇرھان ئەپەندى مەشھۇر جەمئىيەت ئەربابى ۋە ئۇيغۇر ئالىمى، ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۇيغۇر، خەنزۇ، روس، نېمىس، ئەرەب، تۈرك قاتارلىق كۆپ خىل تىل ـ يېزىقنى ئىگىلەپ، مۇشۇ تىل ـ يېزىقلار بىلەن ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق ئېلىپ باردى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بۇرھان ئەپەندى قاراڭغۇ تۈرمىدە «ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، روسچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى»نى تۈزدى، يەنە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «ئۈچ مەسلەك»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. 50 ـ يىللاردىن باشلاپ «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» ۋە «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا قايتا مۇلاھىزە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى، ئۇ يەنە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ زالىم ھاكىمىيەتكە بولغان قارشىلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان بەش پەردىلىك دراما «يالقۇنتاغنىڭ غەزىپى»نى يازدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ 90 ياش ۋاقتىدا «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسلىمىسىنى ئاخىرقى قېتىم ئاياغلاشتۇردى. بۇ ئەسلىمە تەپسىلىي ماتېرىياللار بىلەن يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى ھەمدە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان ھەمدە بۇرھان ئەپەندىنىڭ كىشىلىك

تۇرمۇش كەچۈرمىشى ۋە ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىنىمۇ ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇرھان ئەپەندى يەنە يېڭى جۇڭگو ئىسلام دىنىي ئىشلىرىغا يول ئاچقۇچىلاردىن بىرى، ئۇ جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1953 - يىلى جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن. 40 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى سىرتتىكى خىزمەتلەرگىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ سىرتقا بولغان خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، جۇڭگو - چەت ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە، مەملىكىتىمىز بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق، دەپ قارىغانىدى. 50 - يىللاردا بۇرھان ئەپەندى ئۆمەك باشلاپ ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلدى، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش خەلقئارا يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئاكتىپلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يول ئېچىش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ مۇقەددەس دىنىي ئەقىدىلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەتقىقاتى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىياسىي ئابرويى بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ۋە چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ئىشىنىشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى. ھەر قېتىم ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي زاتلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، بىر-

دەك ئەدەپلىك ۋە مەدەنىي پوزىتسىيىدە بولاتتى. ئازراق بوغۇق ئاۋازى بىلەن «قۇرئان»، «ھەدىس»لەردىكى ئايەتلەرنى توغرا، مۇۋاپىق نەقىل كەلتۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. ئىسلام دىنىغا ئائىت مەسىلىلەردە مۆتىۋەرلىك سالاپىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى جەھەتتىكى چوڭقۇر تەربىيىلىنىشىنىمۇ نامايان قىلدى. بۇ ھەقتە ئىككى مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بىرى، 1981 - يىلى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى يەنى، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى 1 - قېتىم جامجۇم ئاقساقال باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جۇڭگوغا زىيارەتكە ئەۋەتتى. بۇرھان ئەپەندى ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىك سەۋەبىنى سۆزلىگەندە، بۇرھان ئەپەندى «قۇرئان»دىكى ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بىلىپ تۇرۇپ، ئەتەي خىلاپلىق قىلىپ، راستنى يالغان بىلەن توسۇپ، ھەقىقەتنى باستى»، «كىشىلەرنى خەير - ساخاۋەت قىلىشقا ئۈندىدىيۇ، بىراق، ئۆز - ئۆزىنى سورىمايدۇ» (44، 2:42) دەپ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇ دۆلەت ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىزىدا بىر خىل، كۆڭلىدە يەنە بىر خىل بولىدىغان بىر توپ چاكىنا ئادەملەر ئىكەنلىكىنى پاش قىلىدۇ، ئۆمەك باشلىقى مەنىلىك باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەك باشلىقى مۇنداق دەيدۇ: «بۇرھان ئەنەپدى نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەر قولىدا قۇرئاننى تۇتۇۋالىدىغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي باشقىلارنى ئەمەل قىلىشقا ئۈندىگەن كىشىلەرگە قارىتىلغان، بۇرھان ئەپەندى بۇنى جۇڭگو سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان چوڭ دۆلەتنى تەنقىد قىلىشقا تەمسىل قىلدى، بۇ، بۇرھان ئەپەندىنىڭ «قۇرئان»غا نىسبەتەن خېلى تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ».

يەنە بىرى، 1988 - يىلى 10 - ئايدا، ئىراننىڭ جۇڭگودا

تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۇرجىد ئەپەندى بۇرھان ئەپەندىگە قىزى-
قىپ ئۇنى زىيارەت قىلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدا-
رى ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ، روھلۇق ئىدى. سۆھبەت ئۇنىڭ
سالامەتلىكىدىن باشلاپ تاكى ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپى-
سى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەت تارىخى قاتارلىقلار
ئۈستىدە بولىدۇ. بۇرھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ روھلۇق، تېنىنىڭ
ساغلام بولۇشىنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇسۇلمان ئائىلە شارائىتى-
نىڭ تاۋلاش، تەربىيىلىشى ئاستىدا شەكىللەندۈرگەن تۇرمۇش
ئادىتىگە يەنى تۇرمۇشى رەتلىك، هاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەك-
مەسلىك، تاماقلىنىش ئادىتى، مۇۋاپىق بولغانلىقىغا يىغىنچاقلاي-
دۇ. ئۇ: «ساغلام تەن ۋە روھ ساغلام تۇرمۇش ئادىتىدىن كېلى-
دۇ، ساغلام تۇرمۇش ئادىتى ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلى-
تىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ» ، دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كى-
شىلىك تۇرمۇش ئېتىقادىنى سۆزلىگەندە مۇنداق دەيدۇ: «هەقى-
قەتتە چىڭ تۇرغاندىلا، كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغى-
لى بولىدۇ» . ئۇ يەنە: «مەن هاياتىمدا هەرخىل ئوڭۇشسىزلىق
ۋە بەختسىزلىككە يولۇققان هەم ئۇزۇن مۇددەتلىك نامۇۋاپىق
مۇئامىلىگە ئۇچرىغانىدىم، شۇڭا مەن راستىنىڭ چوقۇم راست
بولىدىغانلىقى، يالغاننىڭ هامان راست بولالمايدىغانلىقىغا ئىشى-
نىمەن، ‹قۇرئان› دىمۇ كىشىلەرنى هەققانىيەت بىلەن چىدام-
لىق، سەۋرچانلىق بولۇشقا ئۈندىگەن. شۇڭا مەنمۇ ئۆزۈمگە ئىل-
هام، تەسەللى بېرىمەن، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كۆڭلى -
كۆكسى كەڭ بولىدۇ» ، دەيدۇ. جۇڭگو - ئىران ئىككى دۆلەت-
نىڭ ئىنقىلابى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، بۇرھان ئەپەندى:
«ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشكە ئوخشاش
نامۇۋاپىق جەمئىيەت تۈزۈمىنى هەمدە جەمئىيەتتىكى هەرخىل
يامان خاھىشلارنى يوقىتىپ، كىشىلەرگە گۈزەل تۇرمۇش ئېلىپ
كېلىش. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ئۇيغۇن،

جۇڭگو ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ بەزى مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، مېنىڭچە، ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىمۇ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ»، دەيدۇ. باش ئەلچى بۇرھان ئەپەندىنىڭ مول ئىسلام ئىلىمىدىكى ئىگە سۆزلىرىگە چوڭقۇر ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنى قەيەردە ئۆگەنگەنلىكىنى سورايدۇ، بۇرھان ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا: «مەن كىچىكىمدە چوڭلاردىن ئەرەب تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن ۋە ‹قۇرئان› نى يادلىغان، 12 ياش ۋاقتىمدا قازاندىكى مۇھەممەد مەكتىپىگە بېرىپ ئىككى يىل ئوقۇغان، كېيىن يەنە ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمىدى. بىراق مەن ئىسلام دىنىنىڭ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ‹قۇرئان› دا مول پەلسەپىۋى قائىدىلەر بار. كىچىك ۋاقتىمدا يادلىغان ‹قۇرئان› نى تاشلىۋەتمىدىم. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن ‹قۇرئان› نى دائىم ئوقۇيمەن ۋە ئۆگىنىمەن» دەيدۇ. بۇرھان ئەپەندىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسى، ئىسلام ئىلىمىدىكى بولغان چوڭقۇر تەتقىقاتى ھەمدە دىنىي ئەقىدىلەرنى رېئال جەمئىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، قوشۇش، تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارى باش ئەلچىگە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. خوشلىشىش ۋاقتىدا، باش ئەلچى بۇرھان ئەپەندىمنى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ مۆتىۋىرى، دەپ ئاتىدى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھاياتى تولىمۇ جاپالىق، تىنىم تاپماي كۈرەش قىلغان ھايات، يورۇقلۇقنى، ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ھايات، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ھەرمىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھايات. ئۇ، ئۆز مىللىتىنى، ئۆز ئىشلىرىنى سۆيەتتى، ئاددىي - ساددا، پاك، دىيانەتلىك، ئىنتىزامچان ئىدى، كىشىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى، يۇقىرى سۈپەتلىك ماقالىلىرى بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ،

بىز ئۇچۇن ياخشى ئۈلگە يارىتىپ بەردى. بىز چوقۇم ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت تىنچلىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش چوڭ ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرغۇن ئۆمەر**
جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# جۇڭگولۇقنىڭ سەمىمي ـ سادىق قەلبى

## گۇباۋ

## 1

بۇرهان ئەپەندىنىڭ مۇبارەك نامىنى 30 ـ يىللاردا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ساياهەت خاتىرىلىرىدىن بىلگەنىدىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ يېڭى بىلىملەرگە، يېڭى مەدەنىيەتكە قىزغىن ئىنتىلىدىغان بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگەنىدىم. مەسىلەن، شۇ شۇشىڭ ئەپەندى «غەربكە سەپەر» دېگەن كىتابىدا بۇرهان ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئەينى ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنىدىغان يېڭى ئەسەرلەرنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ بيۇروسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمدا، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بۇرهان ئەپەندى بىلەن تونۇشقانىدىم. خىزمەت جەهەتتىكى ئالاقە تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم پاراڭ سېلىشقانىدىم. ئۇنىڭ چىقىشقاق، كەمتەر، ئېهتىياتچان ئىستىلى مەندە گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن ئۇرۇمچىدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق

قىلىشنى تەستىقلىدى. بۇرھان ئەپەندى تەييارلىق كۆرۈش كومى-
تېتىنىڭ مۇدىرى، ئەسئەت ئىسھاقوپ بىلەن مەن مۇئاۋىن مۇدى-
رى بولغانىدۇق. ئۇ ۋاقىتتا بۇرھان ئەپەندى مەملىكەتلىك سىيا-
سىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئەسئەت
ئىسھاقوپ بولسا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. كېيىن
ئۇيغۇر سايرانىمۇ تولۇقلىنىپ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.
ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتىدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
بۇرھان ئەپەندى بىلەن خىزمەتتىكى ئۇچرىشىشىمىز كۆپەيدى.
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، بەزى «كونا شىنجاڭلىق»لارنىڭ
ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى
ئاڭلاش ئارقىلىق بۇرھان ئەپەندىگە بولغان تونۇشۇممۇ ئاستا ـ
ئاستا چوڭقۇرلاشتى.

بۇرھان ئەپەندى ئۆمرىدە كۆپ جەھەتتىن تۆھپە قوشقان.
بولۇپمۇ ئەخلاق، تۆھپە، كىتاب يېزىپ تەلىمات يارىتىش جەھەت-
تىكى تۆھپىسى تولىمۇ گەۋدىلىك. شۇڭا شىنجاڭ خەلقى ئارىسى-
دا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمەت-
لىشىگە نائىل بولغان.

## 2

كۆپ يىللىق تەسىراتىمدىن قارىغاندا، بۇرھان ئەپەندىنىڭ
ئالاھىدە گەۋدىلىك بىر تەرىپى: ئۇنىڭدا سادىق جۇڭگولۇقنىڭ
قەلبى بار. ئۇ ئۆز مىللىتى — ئۇيغۇر مىللىتىنى شۇنداقلا باشقا
مىللەتلەرنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى —
شىنجاڭنى، ۋەتىنى جۇڭگونى قىزغىن سۆيىدىغان قەلب، جۇڭ-
گولۇقنىڭ بۇ سەممىي ـ سادىق قەلبى نۇر چېچىپ ئۇنىڭ بىلەن
ئۆزۈن يىل ھەمراھ بولدى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئەسلى يۇرتى ئاقسۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىنىڭ ئاقسۇ دېگەن بىر كەنتىگە قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلار ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇرھان شەھىدى كىـ چىك ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بوۋىسى شەرقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭـ غا: «بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز جۇڭگودا، ئۇ يەردە ئاقسۇ دەرياسى، دېگەن بىر دەريا بار، مانا شۇ ھەقىقىي ئاقسۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز، دەيدۇ. بالىلىق دەۋرىدىكى بۇرھان شەھىدى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئانا يۇرتى ۋە ۋەتىنىگە تەلپۈنىدۇ. ئۇنىڭدا شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگولۇقنىڭ سادىق قەلبى بار بولغانىدى. بۇرھان شەـ ھىدى ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن دەسلەپتە ئۆز كەنتىدە ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. كېيىن تاغىسىنىڭ ياردىـ مى بىلەن يەنە قازاندىكى دىنىي مەكتەپتە ئىككى يېرىم يىل ئوقۇيدۇ. ئۇ تېرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قازاندىكى بىر كىتابخاـ نىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇرھان شەھىدىنىڭ قەلبىدە يۇرتىغا ۋە ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر تەلپۈنۈشى بولغانلىقى ئۈـ چۈن، 1912 ـ يىلى 18 يېشىدا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە روسىيىلىك سودىگەر چوچەك ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئاچقان تيەنشىڭ ياڭخاڭدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1914 ـ يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ جۇڭگو تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلـ تۈرىدۇ. 1922 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىككى سىڭلىسىنى جۇڭگوغا ئەكىلىۋېلىپ، شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئەيـ نى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا بۇنداق قىلىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمەيتتى. ئۇ چاغ جاھانگىرلار جۇڭگودا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، روسىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىن ۋاز كېـ چىش نۇرغۇن ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ۋاز كېچىپ، ھەقىقىي جۇڭگولۇق بولۇشقا رازى بولۇشتىن قىلـ چە پۇشايمان قىلماسلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئەينى ۋاـ

قىتتا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە شىنجاڭدا تۇرۇپ كەلگەن بەزى جۇڭگولۇقلار ئەنگلىيە، روسسىيە كونسۇللىرىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئاتالمىش «مۇھاجىر كىنىشكىسى» ئېلىپ ئەنگلىيىلىك ياكى روسسىيىلىك بولۇۋېلىپ يامانغا يان تاياق بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى بوزەك قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت جەھەتتىكى ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن چەت ئەلگە خۇشامەت قىلىش نېمىدېگەن روشەن پەرقلىق ـ ھە؟ ئۇنىڭ جۇڭگو تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىشتەك بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ بۇنى پەقەتلا بىر خىللا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭدا بىر جۇڭگولۇقنىڭ سادىق قەلبى بار.

بۇرھان شەھىدى روسسىيىلىك سودىگەرنىڭ ياڭخاڭىدا 8 يىل مۇلازىملىق قىلغاندىن كېيىن 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدۇ. 8 يىلدىن كېيىن شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئەزاسى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زەيسان دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق كونسولى، ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ كونا جۇڭگودا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى رەئىسى شۇنداقلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى رەئىسى بولدى، بۇ، مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنلا ۋەتەن ۋە ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدا تۆھپە قوشۇپلا قالماي، يەنە ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن

ئالاقە باغلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي خىزمەتلىرىگە قاتناشقان.
ئۇ يەنە شىنجاڭدىكى «پانتۈركىزم» چىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ
ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان سۇيىقەستى بىلەن ئۇزاق مۇددەت
قەتئىي كۈرەش قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، شىنجاڭ-
نىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوش-
تى.

## 3

بۇرھان ئەپەندىدە كىچىكىدىن باشلاپ بىر جۇڭگولۇقنىڭ
سادىق قەلبى بار بولۇپ كەلدى. بۇنىڭغا كۆپ تەرەپلەردىكى
ئامىللار سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان مۇنداق ئىككى
ئامىلى بار: بىرى، ئۇ مول ئىجتىمائىي تەجرىبە ۋە چوڭقۇر
تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ ئانا يۇرتى ۋە ۋەتىنىگە
بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى چىڭىتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى،
شۇڭا ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى چوڭقۇر ئەمەلىي تەجربە
ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. يەنە بىرى، ئۇ مارك-
سىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە پرولېتارىياتلىق
مىللەت قارىشى ۋە دۆلەت قارىشىغا قەتئىي ئىشەنگەن. شۇڭا ئۇ
ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيە-
سىنى، ئانا يۇرتىنى، ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن
ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈشنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەن.

بۇرھان شەھىدى 1912 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر-
بىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھە-
لىرىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن

كېيىن ئاق ئورۇس باندىتلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ھەرمىللەت خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئۆز غالچىسى مۇھەممەت ئىمىنىنى پانتۈركىزىم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق چىقىرىشقا قۇتراتقانلىقىنى، مىلىتارىستلار ئارا ئارىلاشما ئۇرۇشلارنى..... قاتارلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بۇرھان شەھىدى ۋەتەن بىرلىككە كېلىپ قۇدرەت تاپقاندىلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇرھان ئەپەندى تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي تەقدىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا خەنزۇ خەلقى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان، دېگەن. ئۇ يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىپ: دۆلەت ئىتتىپاق بولمىسا تاشقى دۈشمەن باستۇرۇپ كىرىدۇ. تاشقى دۈشمەن باستۇرۇپ كىرسە مۇقەررەر ھالدا ئىچكى مالىمانچىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئېچىنىشلىق تارىخىي ساۋاق. ھەرمىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلاشسىلا تاشقى دۈشمەن بوزەك قىلالمايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئاندىن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە روناق تاپالايدۇ ۋە قۇدرەت تاپالايدۇ، دېگەنىدى. بۇرھان ئەپەندى ئۆزى يەكۈنلىگەن تارىخىي ساۋاقنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشتىكى ئەقىدىسى قىلغان. ئاندىن كىشىلەرنى بۇ ئەقلىيە سۆزنى ئېسىدە چىڭ ساقلاشقا قايىل قىلماقچى بولغان.

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىداش بولغاچقا، بۇرھان ئەپەندى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنلا، ماركـ

سىزمنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. «1932 ـ يىلى موسكۋادىن
ئۆتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ،
ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1933 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن
كېيىن يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىكى بەزى يولداشلار
بىلەن ئالاقە ئورناتقان. 1939 ـ يىلى ‹ماۋ زېدۇڭغا سالام›
قاتارلىق شېئىر ـ قوشاقلار ۋە تارىخ، تىل جەھەتلەرگە ئائىت
بەزى ماقالىلەرنى يازغان» . شۇڭا يولداش دىڭ لىچۇن «بۇرهان
شەھىدى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» غا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزد-
ـە: «بىر ئۆمۈر ھەقىقەتكە، ئىلغارلىققا ئىنتىلگەن بۇ قېرىنداش
مىللەت سىياسىئونى ۋە ئالىمى بېسىپ ئۆتكەن يولنى دەل مارك-
سىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، پرولېتارىياتلىق مىل-
لەت قارىشى يورۇتقان» ، دەپ يازغانىدى. بىزچە بۇ سۆز ئىنتا-
يىن ئورۇنلۇق ئېيتىلغان.

## 4

بۇرهان ئەپەندى بىر مەشھۇر سىياسىئون ۋە ئالىم. ئۇنىڭ
سىياسىي جەھەتتىكى تۆھپىسى ۋە ئىلىم جەھەتتىكى نەتىجىلىرى
ھەممىگە ئايان. ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى زور
تەسىر قوزغىغان.

بۇرهان ئەپەندىنىڭ ھاياتى ناھايىتى ئاددىي ئۆتكەن ھايات
ئەمەس. ئۇنىڭ ئارانلا ئىككى يېرىم يىللىق دىنىي مەكتەپ ستا-
ژىغا ئىگە بىر ئۆسمۈرلۈكتىن ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى
ۋە ئالىمى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگىچە بېسىپ ئۆتكەن يولى
جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توساقلار بىلەن تولغان. ئۇ ئانا
يۇرتى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلى-
تى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن
غالىپ كېلىدىغان قەيسەر روھى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت

خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ماختىشىغا ئېرىشكەن. خەلق ياقتۇرغان ئىشلارنى خەلقنىڭ دۈشمىنى ھامان ياقتۇرمايدۇ. بۇرھان ئەپەندى ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭ ۋە چەت ئەللەردىكى بىر ئوچۇم پانتۈرك-سىزمچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇمى ۋە پىتنە - ئىغۋالىرىغا ئۇچرىدى. بۇرھان ئەپەندى يەنە شىنجاڭدىكى مىللەتارىست شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە 7 يىل قامىلىپ رەھىمسىزلەرچە جازالانغان ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىن-غان، ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئېغىر ئوڭۇشسىز-لىقلىرى ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان ھەم بوشاشتۇرۇپ قويمى-غان. ئەكسىچە ئۇنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىكى سۇبيېك-تىپ شارائىتلارغا تولۇق باھا بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پائالىيەت قىلىدىغانلى-قىنى، شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تارىخىي شارائىت-نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كې-رەك. ھەربىر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرى تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. شۇڭا بىز، بۇرھان ئەپەندىنىڭ جىسمىدە نامايان قىلىنغان دەۋر روھىنىمۇ ئۇ ياشىغان دەۋر ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇ ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ راۋاج-لانغان. بۇ مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، يېقىنقى، ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخى ۋە شىنجاڭ تارىخى بۇرھان ئەپەندىدەك مۇشۇنداق تارىخىي شەخسكە ئېھتىياجلىق. شۇڭا شۇنداق تارىخىي شەخس ۋۇجۇتقا كەلگەن.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ مۇشۇنداق ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىختى-ساس ئىگىسى بولۇپ يېتىلگەن بىر ياشتىن مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىلگىچە قەتئىي تەۋرەنمەس، چىداملىق جاسارىتىگە تايانغان. بۇرھان ئەپەندى مەشھۇر تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناس. ئۇ ئانا تىل-

ـدىن باشقا يەنە خەنزۇچە، رۇسچىغا ئۇستا ئىدى ھەم نېمىسچە، ئەرەبچە ۋە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى چۈشىنەتتى. بىر كىشىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ تىللارنى ئۆگىنىۋېلىشى ئىنتايىن مۈشكۈل ھەم قىممەتلىك. ئۇ ئانا تىلىـ ـدىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىن باشقا يەنە خەنزۇچە، رۇسچە تارىخىي ھۆججەتلەرنى چۈشىنەلەيتتى ھەم ئۇلاردىن توغرا پايدىلىـ ـنالايتتى. «بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى»گە نۇرغۇن تارىخى ئىلمىي ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئىلمىي ماقالىلەر ئۇنىڭدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مولىلىقى ۋە نۇقتىئىنەزەر- لەرنىڭ توغرىلىقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخشۇ- ناسلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. رەئىس ماۋ زېدۇڭمۇ ئۇ- نىڭ «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى ئو- قۇپ، ماقالىدىكى كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ماختىغان. بۇ يەردە يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇرھان ئەپەندى مىلىتا- رىست شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۈرمىدە قاماقتا ياتقان مەزگىلدە، شارائىت ئىنتايىن مۈشكۈل بولسىمۇ «ئۇيغۇر- چە ـ خەنزۇچە ـ روسچە لۇغەت»نى تۈزۈپ تاماملىغانىدى. بۇ لۇغەتنىڭ يىتتۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان ئورىگىنالى جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ غەمخورلىقىدا شاڭخەيدە تېپىلىپ، 1953 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلـ ـغانىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەگەر ئاجايىپ قالتىس جاسارەت ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تىل ساۋاتى بولمىسا ھازىرغىچە نامى ئۆچمەيدىغان مۇنداق بىر لۇغەتنى تۈرمىدە تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

## 5

يولداش بۇرھان شەھىدى ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 5 يىل بولدى،

بۇ يىل 3 - ئۆكتەبىر ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئەخلاق قابىلىيىتى، سالاپىتى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، دەپ قارايمىز.

بىز قەدىرلىك بۇرھان ئەپەندىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە ئاۋۋال ئۇنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قەتئىي ئىشەنگەن ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىغان، سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي ماڭغان ھەمدە جاھانگىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پانتۈركىزم بىلەن ئۈزلۈكسىز، خالىس، باتۇرانە كۈرەش قىلغان روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

قەدىرلىك بۇرھان ئەپەندىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئۈزلۈكسىز ئىلغارلىققا ئىنتىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلىم تەھسىل قىلىش پوزىتسىيىسىنى، چىقىشقاق، كەمتەر، ئېھتىياتچان، پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئېسىل ئىستىلىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

قەدىرلىك بۇرھان ئەپەندىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىش، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. بۇ ئىش شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ، ئۇلۇغ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇرھان ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى) نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ. ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، بېيجىڭغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلىدى. بۇ ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن - تەتقىقات ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە غەمخورلۇق قىلىـ غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز بۇرهان ئەپەندىنىڭ سىياسىي ۋە ئىلىم - پەن جەھەتتىـ كى غايەت زور تۆھپىلىرى — شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قالدۇرغان بىر قىممەتلىك مىراسى، دەپ قارايمىز. بىز ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز، راۋاجلاندۇرۇ- شىمىز لازىم. بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى، تارىخنىڭ تەلىپى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئېلىنىياز ئېلى
جاۋابكار مۇھەررىر: جۇرئەت ئابلىمىت

# بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنەيلى

ئۇيغۇر سايرانى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىي تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى، بۇنداق قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتە ئىزچىل تۇردە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن روھى ھەققىدە توختىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى زور.

بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىككى ئىشى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. گەرچە يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىشلار زادى يادىمدىن چىقىپ كەتكىنى يوق.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غۇلجىدا پارتلىدى. بۇ خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇنىڭغا قارىتا ھەرخىل ئىنكاسلار بولدى. ئىلغار زاتلار بۇنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر مەيدان ئىنقىلابىي كۈرەش، دەپ قارىسا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ تەسىرىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇ «ئالتە ئوغرىنىڭ ئىش تېرىدىشى» ، دېيىشتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ «ئوغرىلارنىڭ ئىش تېرىشى» بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلى-

ىرى ئەسكىري قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئۇنى تىنجىتىشقا
ئامالسىز قالدى. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا شىنجاڭ-
نىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن ۋۇ جۇڭشىن ئىشلارنىڭ
چاتاقلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ۋەقەنىڭ تېخىمۇ كې-
ڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر
بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈقرالار قەلبىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلىماق-
چى بولدى. بىر تۈركۈم سەۋەبسىز قولغا ئېلىنغان ئىلغار زاتلار-
نى قويۇپ بەردى. مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدىم.
1945 - يىلى 5 - ئايدا مەن تۈرمىدىن چىقتىم.

تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بىر مەزگىلگىچە خىزمەت
تاپالمىدىم - دە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللايدىغان يەر ئاستى
پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، سوۋېت كونسۇلخانى-
سى بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. تەخمىنەن 7 - ئايلار بولسا
كېرەك، نەنلياڭدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ بىر دوختۇرى
ماڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش
كونسۇلى يېفىسيېف مەن بىلەن دوختۇرخانىدا كۆرۈشمەكچى بول-
غانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆز ۋاقتىدا باردىم. يېفىسيېف ماڭا:
«بۇرھان ئەپەندى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن بىلەن مۇئا-
ۋىن باش كونسۇل ئۆلمەسوف (ئۆزبېك) ئۇنى بىرنەچچە قېتىم
ئىزدەپ باردۇق، ئاخىرى كۆرۈشتۇق. مەن ئۇنىڭدىن ھازىر
غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. بۇنىڭغا
سىز قانداق قارايسىز، دەپ سورىغانىدىم، بۇرھان ئەپەندى: «بۇ
خىل ئۇسۇل خاتا. جۇڭگونىڭ تۇپرىقىدا مۇستەقىل دۆلەت قۇ-
رۇش خىيالىدا بولۇش ئاقمايدىغان ئىش. سوۋېت تەرەپ راستىنلا
بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلى-
نىشى كېرەك. ئەگەر سىلەر مېنىڭ شەخسىي كۆزقارىشىمنى
بىلمەكچى بولساڭلار مەن بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايمەن. بۇنىڭدىن
كېيىن مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك گەپلەردە مېنى ئىزدىمىسەڭلار-

مۇ بولىدۇ. مەن بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنى خالىمايمەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق سىلەرنى يەنە كۆرۈش ئارزۇيۇممۇ يوق، دەپ جاۋاب بەردى»، دېدى.

سوۋېت كونسۇلىنىڭ بۇرھان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى مەن بۇرۇن ئاڭلىغانىدىم. ئەمما كونكرېت ئەھۋالنى يېفىسيف سۆزلەپ بەرگەندەك تەپسىلىي بىلمەيتتىم. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەجەبلىنىپ، تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىم. يېفىسيف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىزنىڭ بۇرھان ئەپەندى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش ئويىمىز بار، ئەمما بۇرھان ئەپەندى ئۆز ۋاقتىدا گەپنى ئۈزۈۋەتكەنىدى، مېنى يەنە ئىزدىمەڭلار، دېگەنىدى، بىز بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى موسكۋاغا خەۋەر قىلغانىدۇق. ھازىر بۇرھان ئەپەندى توغرۇلۇق يېڭى يوليورۇق ئالدۇق. بۇرھان ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەن، سىزنى چاقىرتىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز، سىز بۇرھان ئەپەندىگە بىزنىڭ سۆزىمىزنى يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشۈش ئارزۇيىمىز بار. بىز ئۇنىڭغا موسكۋانىڭ يېڭى يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ قويماقچىمىز. بۇرھان ئەپەندىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويماي، بىۋاسىتە ئىزدەشنى بىئەپ كۆردۇق. چۈنكى ئۇ ‹مېنى ئىزدىمەڭلار› دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. سىزنىڭ بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئارىمىزدا ۋاستىچىلىك قىلىشىڭىزنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇرھان ئەپەندى ئۆزى خالىغان، قولايلىق دېگەن ۋاقىتتا بىز بىلەن كۆرۈشسە»، دېدى.

بۇرھان ئەپەندى ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىدە يەنى نەنمىن تەرەپتىكى بىر تار كوچىدا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، سوۋېت كونسۇلىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى يەتكۈزدۈم. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. گەپ تۈگىگەندىن كېيىن، جىددىي، سۇرلۇك قىياپەت بىلەن: «سەنمۇ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغانمىدىڭ؟ سىلەرگە ئەقىل كۆرسەتكۈچى ئادەملەر

زادى نېمە قىلماقچى؟ تۈپ مەقسىتى نېمە؟ سىلەرگە نېمىلەرنى دەيدۇ؟ قانداق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ؟ سەن ئۆزۈڭ بۇلارنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ گەپلەرنىڭ تېگىنى چۈشەندىڭمۇ؟ خەق نېمە دېسە شۇنى تەكرارلاۋاتقان گەپمۇ!؟» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ بۇ بىر قاتار سوئاللىرىغا مەن جاۋاب بەرمىدىم، چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدىم. پەقەت يىفىسىفنىڭ يېقىندا دېگەن تۆۋەندىكى گېپىنى ئېيتىپ بەردىم. «يىفىسىف: پۈتۈن جۇڭگو بويىچە گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن جۇڭگو يېڭىلىنىدۇ، ھاكىمىيەت ئۆزگىرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇ كۈرەشكە ئاتلاندى. ئىلى تەرەپنىڭ كۈرىشىمۇ مۇشۇ كۈرەشنىڭ بىر قىسمى. سىلەر ياشلار ئىلى تەرەپكە بېرىپ كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە بولۇشۇڭلار كېرەك».

بۇرھان ئەپەندى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ: «ئەگەر راستىنلا شۇنداق دېگەن بولسا، ئۇ ئوبدان ئىكەنغۇ، ئەمما يىفىسىف بۇرۇن ماڭا بۇنداق دېمىگەنىدى. ئۇلار: جۇڭگونىڭ بىر پارچە يېرىنى ئېلىپ، ئۇ يەردە بىر ‹جۇمھۇرىيەت› قۇرساق بۇنىڭغا قانداق قارايسىز، نېمە دەيسىز؟ دېگەنىدى. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئەمەلدارى تۇرۇقلۇق بۇنىڭغا قانداق ماقۇل بولاي. مېنىڭ پەقەت قارشى تۇرۇشلا مەجبۇرىيىتىم بار. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى رەت قىلدىم. ھازىر ئۇلارنىڭ گەپلىرىدە چوڭ پەرق بار، گەپلىرى ئۆزگىرىپتۇ»، دېدى.

بۇرھان ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «سوۋېتلىكلەر ئىزچىل تۇردە شىنجاڭغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇلار بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەتكە دائىر ھەرقانداق ئىشى توغرۇلۇق شىنجاڭ خەلقىگىلا پايدىلىق بولسا پىكىر ئالماشتۇرغىلى، مەسلىھەتلەشكىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىكى ئاساسىي شەرت — شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى

بولۇشى كېرەك. ئەگەر شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈۋېلىپ، قانداق شەكىلدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو خەلقى ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. مۇبادا بىر مەزگىل ئايرىلىپ كەتسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگونىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئىشلار جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن. شىنجاڭمۇ ئۆز تارىخىدا ھەرخىل ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەسمۇ! ؟ بۇنداق ئەھۋاللارنى ئوبدان چۈشىنىش لازىم»، دېدى.

ئارىدىن ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇرھان ئەپەندى مېنى كۆرۈپ: «مېنىڭ يېشىم سىلەرنىڭكىدىن چوڭ، مەن 30 ـ يىللاردا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرگىمۇ قاتناشقان. شۇ چاغدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىزلەرگە ياردەم قىلغان. ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى ئاپرېسوف نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغانىدى. نەتىجىدە شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىدىمۇ «ئەكسىل ھەرىكەتلەرنى تازىلاش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ناھەقچىلىق ئىشلارمۇ يۈز بەردى. كۆپلىگەن ئادەملەر ئۆلتۈرۈلدى، ئۇۋال بولۇپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. باش كونسۇل ئاپرېسوفنى ئۈرۈمچىدىن چاقىرتىۋېلىپ «ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسى» دېگەن قالپاق بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا بىللە ئىشلىگەن ئادەملەرنىمۇ ھەرخىل يوقىلاڭ ناملار بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى»، دېدى.

بۇرھان ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئاشۇ يىللاردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مېنى گېرمانىيىگە بىر خىزمەتكە ئەۋەتتى. قايتىپ كېلىپ بىر مەھەل ئىشلىگەندىن كېيىن، مېنى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زەيسان دېگەن شەھىرىگە كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئەۋەتتى. ئۇ يەردە بىرەر يىل ئىشلەپ 1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرتىشى بىلەن خىز-

مەتلىرىمدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتاتتىم.
قورغاس ئېغىزىدىن ئۆتۈپ جىڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە قولغا ئې-
لىندىم. شۇنىسى قىزىقكى، مەن جۇڭگو ئادىمى، سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىن قايتىپ كېلىپ جۇڭگو تۇپرىقىدا تۇرغىنىمدا ئىلى ۋىلا-
يەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى بولۇپ ئىش-
لەۋاتقان سوۋېت ساقچىسى ئۈگلىن قولغا ئېلىپ، جۇڭگو تۈرمى-
سىگە قاماپ قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم ئەۋەتىپ مېنى
سوراق قىلدى. كېيىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نامىدىن مېنى
«گېرمانىيە جاسوسى» ، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش سۈيى-
قەستىدە بولغان» ، دېدى. دىپلوماتىك قانۇن ـ قائىدىلىرى بويى-
چە، بۇنداق قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ئەمما شىنجاڭدا
بۇ خىل قاملاشمىغان ئىشلار يۈز بەردى. بۇنىڭ جاۋابكارلىقى
پۈتۈنلەي سوۋېت تەرەپتىدۇر. ئارىدا 8، 9 يىل ئۆتكەندىن كې-
يىن يەنە شۇ سوۋېت ئادەملىرى مېنى ئىزدەپ، ئۆزلىرى جۇڭگو-
دا بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىپ، ئىلىدا قانداقتۇر بىر «جۇمھۇرى-
يەت» قۇرۇلغانىدى، شۇنى قوللاپ بەرسىڭىز، دەيدۇ. بۇ زادى
قانداق ئىش! ؟ سوۋېتنىڭ بۇ ئادەملىرى ماڭا زادى قانداق قاراي-
دۇ؟ يەنىلا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئىشپىيونى، جاسوسى دەپ
قارامدۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئېنىقلىۋالماي بولمايدۇ، مۇشۇ ئىشلارنى
ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن سوۋېت تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچ-
رىشىشنى ئويلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ» ، دېدى.

بۇرھان ئەپەندى سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇ-
رۇن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئەھۋالغا قارىغاندا بۇ شەرتنى ئەتراپلىق، ئۇزۇن ۋاقىت ئويلاپ
ئوتتۇرىغا قويغان بولسا كېرەك. بۇرھان ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرى-
نى مەن سوۋېت كونسۇلىغا يەتكۈزدۈم. ئۇلار ئاڭلىغاندىن كېيىن
بەك مەمنۇنىيەت بىلەن خۇشال كەيپىياتتا: «بۇرھان ئەپەندى
ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلغىلى

بولىدۇ. سوۋېت تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىپ بولدى. بىز ئەمدى ئۇچراشساق بولىدىكەن»، دېدى.

1946 - يىلىنىڭ بىر كۈنى بۇرھان ئەپەندى ھۆججەت كۆرۈۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، خۇش چىراي بىلەن: «مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەل بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى يىللاردا ماڭا قىلىنغان تۆھمەتلەرنى، مېنى قاماپ قويغانلىقلىرىنى، سوراق قىلغانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتا، دەپ ئېتىراپ قىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن دۇچ كەلگەن جەبىر - زۇلۇملار ئۈچۈن سوۋېت كونسۇلى سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدىن مەندىن ئەپۇ سورىدى. مېنىڭ تارىخىم ئېنىقلاندى. خاتىرجەم ئىشلەيدىغان بولدۇم. مەن ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشسام بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆز ھەسسەمنى قوشىمەن»، دېدى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەن ئۇنىڭ سوۋېت كونسۇللىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، سۆھبەتلەشكەنلىكىنى بىلدىم. بۇرھان ئەپەندىنىڭ سوۋېت كونسۇللىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى، مۆلچەرىمچە تەخمىنەن 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى موسكۋادىن مەخسۇس بىر مەسئۇل خادىم ئەۋەتىپ، سوۋېت ساقچىلىرىنىڭ بۇرھان ئەپەندىنى قاماپ سوراق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم رەسمىي ئەپۇ سورايدۇ. مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەم ئىشچىبايىف فامىلىلىك گېنېرال بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشى بۇرھان ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدا ئۆتكەن 50 يىل» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ «ئالتاي مەمۇرىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» دېگەن پاراگرافىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئىشچىبايىفنىڭ بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقان ئورنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدە تۇ-

رۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا، سوۋېت كونسۇلىنىڭ بۇرھان ئەپەندى
ئۆرۈمچىگە قايتىش ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئۇزىتىش زىياپىتىدە.

گېنېرال لېيتېنانت ئىشچىبايېف زادى كىم؟ بۇ ئادەمنى
بۇرھان ئەپەندى تونىمايدۇ، بۇرۇن كۆرمىگەن. بۇرھان ئەپەندى
بىزگە ئۇنىڭ ھەربىي ئادەم، گېنېرال ئىكەنلىكىنىلا سۆزلەپ
بەرگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بىر قەدەر
ئوبدان بىلىدىغان بىر ئاغىنىمىز گېنېرال ئىشچىبايېف توغرىسىدا
پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتى-
كى باش مەسلىھەتچىسى ۋىلادىمىر ئىستىپانوۋىچ كوزلوف بولمى-
سۇن - يەنە. چۈنكى بۇ ئادەم ئۈچ ۋىلايەت بىلەن موسكۋا ئارىلى-
قىدا دائىم كېلىپ - كېتىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى-
لىرىمۇ ئوخشاش تۇردۇ، فامىلىسىنى «ئىشچىبايېف» دەپ قويى-
غان بولۇشى مۇمكىن، دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. ئەمما بۇ پەقەت
بىر پەرەز، مۆلچەردىنلا ئىبارەت.

بۇرھان ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئەكسىل ھەرىكەتچى-
لەرنى تازىلاش ھەرىكىتى» كېڭەيتىۋېتىلگەن شارائىتتا قولغا ئې-
لىنغان. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىدىن بوشىتىلغان.
سوۋېت كونسۇللىرىنىڭ بۇرھان ئەپەندى بىلەن بىرىنچى قېتىم
كۆرۈشكەن ۋاقتى 1945 - يىلىنىڭ 2 -، 3 - ئايلىرى بولۇشى
مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ 2 - قېتىم ئۆزرى-
خاھلىق ئېيتىپ ئەپۇ سورىغان ۋاقتىغىچە ئارىدا ئىككى يىلچە
ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇرھان ئەپەندى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ،
ئاخىرى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان تۆھمەتلىرى، چاپلىغان قارى-
لىرىدىن تەلتۆكۈس تازىلىنىدۇ. بۇرھان ئەپەندى ئەخمەتجان قا-
سىمى بىلەن كېڭىشىپ ئۈچ ۋىلايەتكە بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا،
تۇيۇقسىز جاڭ جىجۇڭنىڭ نەنجىڭگە بېرىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت
ئەزاسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇ-
ۋالىدۇ. نەنجىڭدا سەككىز - توققۇز ئاي تۇرغاندىن كې-

يىن 1948 ـ يىلى يازدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى بولىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ خاتا سىياسىي تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تارىخى، شىنجاڭنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا دوكلاتلارنى بې-رىپ، مۇھەممەت ئىمىن بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردۇ.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇرھان ئەپەندى يېڭى ۋەزىپىگە — شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ چاغلاردا لياۋ شىن، خۇەيخەي، پىڭجىن جەڭلىرى غەلىبىلىك تاماملانغان بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ «تىنچلىق» نەيرەڭلىرىمۇ مەغلۇپ بولغانىدى. ئارىدا ئۇزاق ئۆتمەي ماۋ جۇشى، باش قوماند-دان جۇ دېلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەرمانلىرىمۇ ئېلان قىلىندى. گومىنداڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشايلا دەپ قالغانىدى.

مۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭ خەلقى ئەلۋەتتە مەملىكەتتىكى ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەغدى-رىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. بىر قېتىم بۇرھان ئەپەندى مېنى كۆرۈپ: «ۋەزىيەت بەك ئوبدان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملى-كەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىدىن خەۋەر تاپتىم. جايلاردىكى ھەربىي ـ مۇلكى ئەمەلدارلارغا قارىتا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش چاقىرىقىنى كۆردۈم. گومىنداڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى-نى جازالاش توغرىسىدىكى شەرتلىرىنىمۇ كۆردۈم، ھازىرقى گەپ تاۋ سىيۈنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىش» ، دېگەنىدى. بۇنىڭ-دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇرھان ئەپەندى ئەمدى شىنجاڭدا نېمە قىلىش كېرەك؟ ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى قەدەملىرى قانداق بولۇشى كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىشىۋاتاتتى. تاۋ سىيۈ گومىند-

ـداڭ ھۆكۇمىتىنىڭ غەربىي ـ شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىق
مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونـ
ـنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، قولىدا ھەربىي ھوقۇق بار ئىدى.
شۇڭا ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىگە، ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن
دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
تاۋ سىيۆنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئوبدانراق بىلمەكچى بولۇپ،
بۇرھان ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۇمەتنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى
مەخسۇس باشقۇرىدىغان خادىمى ليۇ زىرۇڭنى تاۋ سىيۆنىڭ قېشىـ
ـغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ليۇ زىروڭ ئۇزۇن يىل سوۋېت ئىتتىپاـ
ـقىدا خىزمەت قىلغان، بۇرھان ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىـ
ـتى ياخشى ئادەم ئىدى. ليۇ زىرۇڭ بۇرھان ئەپەندىنىڭ مەقسىتىـ
ـنى ئۇقاندىن كېيىن، بۇ چوڭ ئىشقا ئىككى ئادەم بارساق
بولارمىكىن، دەپ باش كاتىپ ليۇ مىڭچۇن بىلەن بىرگە بېرىشنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇرھان ئەپەندى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ،
ليۇ مىڭچۇننى چاقىرىپ ئەھۋالنى دەيدۇ. نەتىجىدە ئىككىسى
بىللە بېرىپ بۇرھان ئەپەندىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايـ
ـتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئېيتىدۇ. تاۋ سىيۆ ئۇلارنىڭ سۆزىـ
ـنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمەيـ
ـدۇ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى پىكىردىمۇ بولـ
ـمايدۇ. ليۇ مىڭچۇن، ليۇ زىرۇڭلار تاۋ سىيۆنىڭ پوزىتسىيىسىـ
ـگە قاراپ ئۇنىڭدا بىر قاتار ئەندىشىلەر بار ئوخشايدۇ، دېگەن
پىكىرنى بۇرھان ئەپەندىگە يەتكۈزىدۇ. ھەقىقەتكە قايتساق ئۇنىڭ
ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا قانداق قارار؟
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ نېمە دەر؟ دېگەن ئويلار تاۋ سىيۆنىڭ ئىدىيەـ
ـسىدە تېخى ھەل بولمىغان ئوخشايدۇ، دېگەن پەرەزگە كەلگەن
بۇرھان ئەپەندى تاۋ سىيۆنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن
يۈزتۇرا سۆزلىشىدۇ. تاۋ سىيۆ پرىنسىپ جەھەتتىن تىنچلىق
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قوشۇلىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى ئەندىشىلەـ

رىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇرھان ئەپەندى ئۇنىڭغا: «ئەگەر
شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا چىقارساق، بۇنى سوۋېت
ئىتتىپاقىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ ئالقىشلاي-
دۇ. ھاياتىمىز، مال - مۈلكىمىز ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە
ئۇچرىمايدۇ، بۇنىڭغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىمەن. جۇڭگو كوم-
پارتىيىسى ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قارىتا بىر يۈرۈش سىياسىتىنى
ئېلان قىلدى. بۇنىڭغا گۇمان قىلىش كەتمەيدۇ، تۇرمۇشقا تولۇق
كاپالەت بار، ئۇلار مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كونك-
رېت نېمە خىزمەتكە قويىدۇ، بۇنىڭغا ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش
تەس، چۈنكى بۇ مەسلىھەت بىلەن بولىدۇ. رەئىس جاڭ جىجۇڭ
ھازىر بېيجىڭدىغۇ، زۆرۈر بولغاندا ئۇمۇ بىرنېمە دەر» ، دەيدۇ.
ئۇلار ئىككىسى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئارمىيە سىس-
تېمىسى بويىچە ھازىرلىق ئىشلىرىغا تاۋ سىيۆ مەسئۇل بولۇشقا،
ھۆكۈمەت - مەمۇرىي سىستېما بويىچە ھازىرلىق كۆرۈشكە بۇر-
ھان شەھىدى مەسئۇل بولۇشقا كېلىشىدۇ.
بۇرھان ئەپەندى ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى مۇھىم ئورۇن-
لاردىن تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش ئېھتى-
مالى بولغان جاھىل ئۇنسۇرلارنى - پانتۇركىست مەسئۇتنىڭ
ئەشەددىي مۇرىتلىرىنى تازىلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەر
ئاستى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى بولغان تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى
قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى-
نى ئېلان قىلىش پوزىتسىيىسىنى كۈتىدۇ.
1995 - يىل 11 - ئايدا، يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن قىلغان
بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرى-
مىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ، شۇ چاغدى-
كى سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە
بۆلگەندۇق. بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر — سولچىلار، ئىككىنچى
تۈركۈمدىكىلەر — ئوتتۇرىدىكىلەر، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر —

ئوڭچىلار. سولچىلار تۈركۈمىگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق رەھبە-
رى، بۇرھان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلاشقان يەر ئاستى تەشكى-
لات ئەزالىرى كىرەتتى؛ ئوتتۇرىدىكىلەرگە تاۋ سىيۇ ۋە ئۇنى
قوللىغۇچىلار كىرەتتى، بۇلار بىزنىڭ قولغا كەلتۈرۈش ئوبيېك-
تىمىز ئىدى؛ ئوڭچىلار تۈركۈمىگە جياڭ جيېشى گۇرۇھىدىكى
يې چىڭ قاتارلىق ئەشەددىي ئۇنسۇرلار كىرەتتى. يولداش دېڭ
لىچۈن شۇ سۆھبەتتە يەنە: «ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن مەن
بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم، ئاساسىي ۋەزىپەم تاۋ سىيۇ-
گە خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، جاڭ جىجۇڭ-
نىڭ تاۋ سىيۇگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردىم.
بۇنىڭدىن ئىلگىرى تاۋ سىيۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا قوشۇلىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرۈۋەرگە-
نىدى. ئۇنىڭ بۇنىڭغا كۆرسەتكەن باھانىسى — گۇاڭجۇ ھۆكۈمى-
تى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىنات راسخوتىغا پۇل ئەۋەتمەكچى ئىدى.
شۇ پۇللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتقانلىقى-
مىزنى ئېلان قىلسام، دەپ تۇرغانىدى. بۇ پۇلنىڭ قاچان كېلى-
دىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرغانلار
تاۋ سىيۇنىڭ ئارقىغا سوزۇشىدىن تىت - تىت بولۇپ، بۇ ئادەم
ھېلىغىچە ئىككىلىنىۋاتامدۇ - يە؟ خۇ زۇڭنەننىڭ ئاقىۋىتىگە
قاراۋاتامدۇ - يە؟ دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، گېنېرال تاۋ سىيۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۈش-
لۇق قىينىلىۋاتقان يەرلىرى بار بولسا كېرەك، چۈنكى، ئۇنىڭ
ئۆزى جياڭ جيېشى گۇرۇھىدىكىلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. تاۋ
سىيۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى يۇقىرى (گېنېرال لېيتېنانت)، ئىناۋى-
تى، خىزمەت ئورنى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمەلىي ھەربىي ھوقۇقى
قول ئاستىدىكى يې چىڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلارنىڭكىگە
يەتمىسە كېرەك. تاۋ سىيۇ بىرەر ھەرىكەت قوللانماقچى بولسا،
بۇ ئەشەددىي ئۇنسۇرلارنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى

نەزەردە تۇتماي بولمايتتى. يې چىڭ قاتارلىقلار مۇبادا تاۋ سىيۈ-
نىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ چاتاق چىقارسا، قانداق چارە قول-
لىنىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئويلاشماي بولمايتتى. ئۇقۇشىمىزچە،
بۇرهان ئەپەندىمۇ شۇ چاغدا كونكرېت ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ
ئىككى قوللۇق هازىرلىق قىلغانىكەن. مۇبادا كۈتۈلمىگەن بىرەر
سەۋەب بىلەن گېنېرال تاۋ سىيۈ كېلىشىپ قويغان پىلانلار بويىچە
ھەرىكەتكە كېلەلمەي قالسا ياكى بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلمايدى-
غانلىقىنى بىلدۈرسە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇرهان ئەپەندى
شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىنىڭ قوماند-
دانى بولۇپ، قول ئاستىدا مەلۇم مىقداردا ئەسكىرىي كۈچى بار
ئىدى. بۇرهان ئەپەندى مۇشۇ ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ،
تاۋ سىيۈنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مۇئا-
ۋىن قوماندانى داڭ بىگاڭنىڭ خىزمىتىنى يۆتكەپ، ئورنىغا جاڭ
فىڭيىننى بەلگىلەيدۇ. جاڭ فىڭيىننىڭ قول ئاستىدىمۇ بىرقانچە
پولك ئەسكەر بار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ كومپارتىيە-
گە مايىل كىشىلەر بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. قاراشەھەردىكى بىر
خەنزۇ پولك كوماندىرى موڭغۇل ئايال ھاكىم شې مىڭچىڭ ئارقى-
لىق ئەگەر تاۋ سىيۈ ھەقىقەتكە قايتىشقا ئۇنىمىسا بىز ھەقىقەتكە
قايتىشنى قوللايمىز، دەپ خەت يازىدۇ. بۇنداق ئىپادە بىلدۈرگەن
ھەربىيلەر خېلى كۆپ بولىدۇ. مەخسۇس بىر ئاتلىق پولك بو-
لۇپ، ئۇنىڭغا 30 ـ يىللاردىلا لۇيجاڭ (برىگادا كوماندىرى)
بولغان، ھەربىي تەجرىبىسى مول هامۇتخان (بۇ كىشى كېيىن
قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى بولغان) دېگەن كىشىنى قوماندانلىققا تەكلىپ
قىلىدۇ. هامۇتخان ئۆز قىسمى توغرىسىدا شۇ چاغدىلا تۆۋەندىكى-
لەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: «ماڭا تاپشۇرۇلغان پولك كۈچەي-
تىلگەن پولك بولۇپ، سان جەھەتتە ئادەتتىكى ئاتلىق پولكلەردىن
كۆپ ئىدى. قورال‑لىرىمىز خىل بولۇپ، ئەسكەرلىرىمىز چەۋەن-
دازلىقتا ئۇستا مىللىي باللار ئىدى. ماڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە

يې چىلىك قاتارلىقلار ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ چاتاق چىقىرىدىغان بولسا شۇلارغا قارشى 4، 5 كۈن تىركىشىپ سوقۇشقا ھازىرلىق قىلىپ قوي، دېگەنىدى. ھازىرلىقىمىزنى ئوبدان قىلىپ قويدۇق، بىزگە قارشى سوقۇشىدىغانلار لاۋمەنچىڭدا تۇرىدىكەن، ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇلار لاۋمەنچىڭدىن شەھەرگە كەلگىچە، بىز شەھەرنى ئېلىپ بولىمىز. ئازاد بولغان ئۈرۈمچىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، مىللىي ئارمىيىنى قارشى ئالىمىز» . كېيىن مەسىلە بۇ دەرىجىگە يەتمىدى. ئىشلار بۇرۇنقى پىلان بويىچە ئوڭۇشلۇق ھەل بولىدۇ.

ھەقىقەتكە قايتقانلىق توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى بۇرھان ئەپەندى بىلەن تاۋ سىيۆ ئىككىسى بىرلىكتە بېرىشكە ئالدىنئالا كېلىشكەنىدى. كېيىن تاۋ سىيۆنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن مەركەزگە تېلېگراممىنى ئاۋۋال يوللىشىغا بۇرھان ئەپەندى ماقۇل بولىدۇ.

ئومۇمەن خۇلاسىلەپ قارايدىغان بولساق، بۇرھان شەھىدىنىڭ مۇشۇ بىر قاتار ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا دۆلەت بىرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، بۆلۈنۈشكە، پارچىلىنىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇرھان ئەپەندى مول تارىخىي بىلىمگە، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگە، سىياسىي سەزىمى ئۆتكۈر ئادەم. بۇرھان ئەپەندى تارىخنىڭ رەھىمسىز قانۇنىيەتلىرىدىن مۇنداق ئىلمىي خۇلاسە چىقارغان: جۇڭگو ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىق كۈچى بار. تارىختا گەرچە بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجىدە يەنە قەددەممۇقەددەم مۇستەھكەم بىرلىككە كەلگەن. بىز بىرەر ئىش قىلغىنىمىزدا، مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە تارىخىي تەجرىبىلەرنى، تارىخىي قانۇنىيەتلەرنى نەزەردە تۇتماي بولمايدۇ. تارىخنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەتتە بولۇشىمىزغا تېخىمۇ

بولمايدۇ. بۇلارغا رىئايە قىلمىغاندا، تارىخنىڭ جازاسىغا دۇچ كېلىمىز، تارىخ ئالدىدا ئەيىبكار بولۇپ قالىمىز.

بۇرھان ئەپەندى دەل مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەرقانداق مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ھەرقانداق بىر ئۇقۇشماسلىق، رەنجىتىشلەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، بۇلارنى چىداپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ جۇڭگولۇققا خاس غۇرۇرىنى ساقلاپ كەلدى. قانداقلىكى ئادەم جۇڭگو تۇپرىقىدا بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويسا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم، دېگەن نۇقتىدا چىڭ تۇردى. دەل مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىنى قوللىدى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن چوڭقۇر ئىنقىلابىي دوستلۇق ئورناتتى. ئەمما ھەرقانداق بۆلۈنۈش، ئايرىلىش ھەرىكەتلىرىنى قوللىمىدى. بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ تۇرغان ئورنى، مۇھىتى ئوخشىمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇللىرىدىمۇ پەرق بار ئىدى. ئەخمەتجان ئەپەندى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە قەدەممۇقەدەم ھالدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. بۇرھان ئەپەندى بولسا سوۋېت كونسۇللىرىنىڭ ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» جۇمھۇرىيىتىنى ھىمايە قىلىشىنى كۆزلەپ قىلغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلىرىنى بايرىقى روشەن ھالدا قەتئىي رەت قىلدى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ بۇ بىر قاتار پائالىيەتلىرى يەنە ئۇنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنى، سوتسىيالىزمنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇرھان ئەپەندى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا (شۇ چاغدا 55 ياشتا ئىدى) قارىماي، قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ ھەممىنى ئىشلىدى. بۇرھان

ئەپەندى ھۆكۈمەت رەئىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرغاچقا، يۇقىرى - تۆۋەن، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇۋا-پىق ئورۇنلاشتۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، تىنچ بولۇشىنى ساقلاش، ھەرخىل چاتاقلارنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى. مۇشۇنداق ئالدىراپ يۈرۈپ قاتتىق چارچىغانلىقتىن، خەلق ئازاد-لىق ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان كۈنلىرىدە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن كۆپچىلىك بەك ئەندىشە قىلغانىدى. تەلىيىگە يارىشا ئۇ ئاغرىققا چىداپ كۆپچىلىكنىڭ تىرىشىشى ئار-قىسىدا شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى.

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇرئەت ئابلىمىت
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن

ئەنۋەر خانبابا

بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، داڭلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق ۋەكىلى بۇرھان شەھىدىنىڭ تەۋەللۇتىغا 100 يىل بولدى. بۇ خاتىرە كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن مەن بۇرھان شەھىدىنى چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلەيمەن. بۇرھان شەھىدىنى ئەسلىگىنىمدە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئۆچمەس خىزمەتلىرى، ئېسىل پەزىلەتلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

بۇرھان شەھىدى 1912 ـ يىلى شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن تارتىپ، تا ئازادلىققا قەدەر بولغان بىرنەچچە دەۋردىكى مۇرەككەپ شارائىتتا ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزدى.

ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى بايلارنىڭ دوكىنىدا پىرىكازچىك بولۇشتىن باشلاندى. كېيىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ھەرخىل مۇلازىمەتلەردە بولدى. ئۆلكە ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، غەربىي ـ شىمال

ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭىشى 2 -، 3 -، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سىياسىي مەسلى-
ھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ
رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، پەخرى
مۇدىرى، 1 -، 2 -، 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋەكىلى، 1 -، 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر
ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت پائالىيىتىدىكى
قىزىل يىپ بولۇپ گەۋدىلەنگەن بىر خۇسۇسىيەت، ئۇنىڭ ئىلغار-
لىقى، تەرەققىيپەرۋەرلىكى، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچانلىقى، دې-
موكراتىيىنى قوللاش، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇش، خەلق
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى.

بۇرھان شەھىدى شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە
ئەڭ ئاۋۋال ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن تونۇشقانلارنىڭ بىرى.
ئۇ 1929 - يىلى گېرمانىيىدىكى ۋاقتىدا ماركسىزم بىلەن تو-
نۇشقان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سا-
ھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆ-
رۈپ، سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادى باشلانغۇچ قەدەمدە تىكلەن-
گەن. 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا
قاتناشقان. شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن يەر ئاستى ئىنقىلابىي
ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىر-
لىككە قارشى ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدا، جۇڭگو كومپارتى-
يىسىنىڭ ئەزاسى يۇ شيۇسۇڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن
يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئۇ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ كۈرەش تارىخى، لۇشيەن، سىياسەتلىرى بىلەن
تونۇشقان. بۇ ئۇنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئىنقىلا-

بى پائالىيەتلىرى ئۇچۇن ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئۇ
مىلىتارىست شېڭ شىسەي تۇرمىسىدە ياتقان چاغلىرىدىمۇ، كەل-
گۈسىگە ئۇمىدۋارلىق بىلەن قارىغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى ۋە داھىي ماۋ زېدۇڭنى ئەسلەپ «ھۆرمەت بىلەن ئەسلەي-
مەن، سىزگە سالام ماۋ زېدۇڭ» دېگەن شېئىرنى ياز-
غان. 1912 - يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان قۇمۇل خەلقى باشچىلىقى-
دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە 1931 - يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان
خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قىزغىن
ھىمايە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
رەھبەرلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلىدى. «11 ماددىلىق
بىتىم» ئاساسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغاندا، 7
ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاممىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھۆكۈمەت ئەزالى-
قىغا ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىككە كۆرسىتىلدى. بۇ جەرياندا ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە «11 بىتىم»نىڭ ئىجراسى
ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلدى. يەكەن ۋىلايىتىدە سايلام خىزمە-
تىگە رەھبەرلىك قىلغاندا، سايلامغا قارشىلىق قىلغان ئەكسىيەت-
چىلەرگە قارشى تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدى. ئۈرۈمچىدە
يۈز بەرگەن «25 - فېۋرال ۋەقەسى» دە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي پاش قىلدى. مەس-
ئۇد، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسالارنىڭ پانتۈركىزملىق ئى-
دىيە ۋە ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. خەلق ئۈچۈن
جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەرمىللەت
خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.
بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئازاد بولۇ-
شى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشىغا باغلىق، دەپ قاراپ
پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىگە ئېرىشىشنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى. شىنجاڭنىڭ

تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا تاۋ شىيۈ جاڭجۇن بىلەن بىرلىكتە باشچىلىق قىلدى. يولداش ۋاڭ جېن «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» گە بېغىشلاپ يازغان سۆز بېشىدا «يولداش بۇرھان شەھىدى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئىشىغا ئاكتىپ تۆھپىلەرنى قوشتى» ، دەپ يازىدۇ.

بۇرھان شەھىدى ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قىزغىن ھىمايە قىلدى ۋە قەتئىي ئىجرا قىلدى. ئۆلكە مەركىزىدە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۆرۈشتى.

ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت بولغىنىدەك، شىنجاڭمۇ كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايون. ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىغا باغلىق. مىللەتلەر ئارا ئىناقلىق بولمىسا، مۇقىملىقمۇ، تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھان شەھىدى ئىناقلىقنى بەك قەدىرلەيتتى. يازغان ماقالىلىرىدە، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا، سۆھبەتلەشكەنلەردە دائىم ئىناقلىق ئۈستىدە توختىلاتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزئارا ئىناق بولۇشنى، ئومۇمەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئىناق بولۇشنى تەكىتلەيتتى، چۈنكى بۇرھان شەھىدى ئىناقلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى نەزەرىيە جەھەتتە تولۇق چۈشىنىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمۇ ئىناق بولۇشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تولۇق تونۇتقانىدى. كونا دەۋردە ئىستىبدات

ھاكىمىيەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يۈز بەرگەن مىللىي نىزالار، مىللەتلەر ئارا ئىناقسىزلىقنىڭ مىللىي زۇلۇم، ئېزىلىش، باراۋەرسىزلىك، ھوقۇقسىزلىققا دۇچار قىلغانلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىناقلىقنى قەدىرلەپ، كۆز قارىچۇقىدەك ھىمايە قىلاتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەر ئارا ئىناقسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىچىدە كەلتۈرگەن ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كونا جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئارا ماجىرالار تۇغۇلغاندا، ئۇلارنى ئىناقلاشتۇرغانىدى. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىناق بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇرھان شەھىدى مىللەتلەر ئىناقلىقىنىڭ تەشۋىقاتچىسى، تەشكىللاتچىسى ۋە كەلگۈسى ئىدى. بۇرھان شەھىدى ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئالدى بىلەن ۋەتەن بىرلىكى جەھەتتە ئىپادىسىنى تاپقانىدى. شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، دەپ قارايتتى. بۇ خىل قاراش ئۇنىڭدا ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە، نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدە ۋەتەن بىرلىكىنى توغرا شەرھلىگەنىدى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرۇلۇق ئىغۋا، پىتنە ۋە ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

بۇرھان شەھىدى جۇڭگونى قىزغىن سۆيەتتى. ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايتتى. ئۇلۇغ ۋەتەن جۇڭگودا يۈز بەرگەن تەرەققىياتلار ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى.

يولداش ۋاڭ جېن: «ئۇنىڭ پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى چەكسىز قەدىرلەيدۇ ۋە سەممىي ھىمايە قىلىدۇ،

مۇشۇ ئەڭ مۇھىم سەۋەب تۈپەيلىدىن يولداش بۇرھان شەھىدى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى» ، دەپ يازغانىدى.

بۇرھان شەھىدى كەمبەغەل ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ياش ۋاقتىدا ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى. لېكىن ئوقۇشنىڭ قەدرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگەندى. 1929 - يىلى گېرمانىيىگە بارغاندا بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا مۇۋەققەت بولدى. ئۆمۈر بويى بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشتى. ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي كىتابخانىسى بار ئىدى. سوۋېتتە ۋە ئۆزىمىزدە نەشر قىلىنغان كىتابلارنى ئېلىپ تۇراتتى. كىتابنى كۆپ ئوقۇيتتى. ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئادەم ئىدى. خۇسۇسەن ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى، تىل، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. تىلغا باي ئىدى. تۈركىي مىللەت تىللىرىنى — ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تاتارچە، تۈركچە تىللارنى ۋە خەنزۇچە، رۇسە، نېمىسچە تىللارنى تولۇق بىلەتتى. بۇرھان شەھىدىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، مىللەتلەر تىل تەرەققىيات ئورنىنىڭ باشلىقى، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو سىياسىي - قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىشتىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

بۇرھان شەھىدى تىرىشچان ئادەم ئىدى. داۋاملىق ئۆگىنەتتى ھەم يازاتتى. كىتابخانىلىرىمىز بۇرھان شەھىدىنىڭ 1952 - يىلى يازغان «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن تارىخىي

رىسالىسى، «يالقۇنتاغنىڭ غەزىپى» دېگەن تارىخىي سەھنە ئەسە-
رىنى، «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسلىمىسىنى ئۇيدان
بىلىدۇ. بۇرھان شەھىدى مىللەتپەرۋەر شىنجاڭ شىسەيىڭ ئۈرۈم-
سىدىمۇ ۋاقىتىنى بىكار ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىگە راۋا كۆر-
مەي، جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ «ئۇيغۇرچە، خەن-
زۇچە، روسچە لۇغەت» تۈزگەن ۋە سۇن جوڭسەننىڭ «3 مەس-
لەك» دېگەن كىتابىنى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان.
بۇرھان شەھىدى ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچلىق ئەلچىسى، داڭلىق
ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن دۆلەت-
لەرگە بارغانىدى. خۇسۇسەن ئەرەب دۆلەتلىرى بۇرھان شەھىدى-
نى ئوبدان تونۇيتتى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە -
ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيىسىنى، دى-
نىي، مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەرەب ئەللىرىدە قىزغىن تەشۋىق
قىلغان ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھ-
كەملەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. بۇرھان شەھى-
دى 1956 - يىلى جۇڭگو مەدەنىيەت دىپلوماتىيىسىنى باشلاپ
ئەرەب دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا جۇڭگو
ھەج ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ ھەج سەپىرىنى داۋام قىلدى. مەنمۇ
جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بۇ ئەمگەككە
قاتناشتىم. بۇ قېتىمقى ھەج ئۆمىكىمىز 35 كىشىدىن تەركىب
تاپتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەج قىلىش ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن
كېيىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئەرەب دۆلەتلىرىگە بېرىپ،
دوستلۇق خىزمىتى ئىشلەش ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەج سەپىرىدە
بىز سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، سۈرىيە، لىۋان، ئىئوردانى-
يە، تونىس، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە بولغانىدۇق. ھەر-
بىر بارغان جايلاردا دۆلەت، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، جامائەت
ئەربابلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق ۋە سۆھبەتلەشتۇق. بۇ ئۇچرىشىش-
لاردا بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ تىنچلىق ئەلچىسى ۋە داڭلىق

ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ ۋاقىتلار-
دا بىزنىڭ ئەرەب مەملىكەتلىرىدە مىسىر بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە-
مىز بار ئىدى. سۇرىيىدە پەقەت ۋاكالەتخانىمىز بار ئىدى. بىز-
نىڭ مىسىردىن باشقا دۆلەتلەردە ئەلچىخانىمىز بولمىغانلىقى ئۈ-
چۈن، ئۇ دۆلەتلەرگە بېرىش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئوڭاي
بولمىدى. لېكىن بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت جە-
ھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقى ۋە ئەرەب دۇنياسىدا نامى
بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتلىرىمىز نەتىجىلىك بولدى. بۇ دۆلەت-
لەردە دەسلەپكى قەدەمدە دوستلۇق ئاساسىنى ئورناتتۇق.

بۇرھان شەھىدى ئازادلىقتىن كېيىن ئىلگىر- كېيىن بو-
لۇپ جۇڭگو ـ ھىندونېزىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى،
جۇڭگو ـ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ
باشلىقى، جۇڭگو خەلق تىنچلىقنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئاسىيا، ئافرىقا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئافرىقا خەلقلىرى دوستلۇق جەمئىيە-
تىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ـ ئاسىيا، ئافرىقا ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان-
دى. بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ،
ھارماي ـ تالماي مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن
بولغان دوستلۇقىنى تىكلەش، مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىل-
دۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ
ئىشلىگەن ۋاقىتتا، مەن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدىم.
خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ ئۇچرىشىشقا توغرا كېلەتتى.
ھەج سەپىرىدە ئۈچ ئاي بىللە بولدۇم. مەملىكەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتاي ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مەجلىسلىرىدە بىللە
بولدۇم. بۇرھان شەھىدىنىڭ ئاخىرقى ھاياتىغىچە بېرىش ـ كېلى-

لىش ئالاقەم قويۇق بولدى. بۇرھان شەھىدى بىللە بولغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ كۆپ ياخشى خىسلەتلىرى ماڭا تەسىر قىلدى.

بۇرھان شەھىدى كەمتەر ئادەم ئىدى. ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماستىن، ئۇنىڭدا قىلچە مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق يوق بولۇپ، ھەممە ئادەملەرگە ياشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە، خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە، مىللەت، جىنس ۋە دىن ئېتىقادىغا قارىماستىن سەمىمىي، دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى. بۇرھان شەھىدى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغانلىقى، ھاياتىدا كۆپ ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر تەبىقە ئادەملەر بىلەن ئورتاق تىلغا ئىگە ئىدى. سۆزلەشكەندە ھېكايە، لەتىپە، ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن سۆزىنى دەلىللەپ، ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى. سۆزى چوڭقۇر، مەنالىق بولۇپ، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئۆگىنىشكە ماھىر ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ كەسپىگە دائىر ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇشتىن سىرت، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەم كۆرۈپ تۇراتتى. چەت ئەل ئەدەبىياتى بىلەن ھەم شۇغۇللىناتتى. رۇس كلاسسىكلىرى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن ئوبدان تونۇش ئىدى. ئۆگىنىش بىلەن بىلىم يېزىقچىلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.

تۇرمۇشى تەرتىپلىك ئىدى. بىر كۈنلۈك ھايات سائەت، مىنۇتلارغا بۆلۈنگەنىدى. ۋاقىتنى بەك قەدىرلەيتتى، ئىشلەشنىمۇ، دەم ئېلىشنىمۇ بىلەتتى، ۋاقتىدا تۇراتتى، ۋاقتىدا ياتاتتى، ۋاقتىدا تاماق يەيتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ گىمناستىكا ئوينايتتى، كەچتە يېتىشتىن بۇرۇن خاتىرە يازاتتى. سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرەتتى، يېمەك ـ ئىچمەككە دىققەت قىلاتتى.

بۇرھان شەھىدى تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىقىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئالاھىدە خاتىرىلەشنى بەلگىلىدى. بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى، بۇ شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

بۇرھان شەھىدى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

جاۋابكار مۇھەررىر: دىلدار ئەزىز

# مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بايراقدارى — بۇرھان شەھىدى

## جاڭ دۇڭيۈ

بۇرھان شەھىدى بىزدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ ماڭغان ئىزىنى ئىزدىسەك، بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭدىن كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى تېپىۋالالايمىز!

## 1

بۇرھان شەھىدىنىڭ روسىيىدىكى قازاندا تۇرغان كىچىك ۋاقتىدىلا ۋەتەن قارىشى بىخلانغانىدى. ئۇ، بوۋىسىنىڭ كۆپ چىقىشنى كۆرسىتىپ: «بىزنىڭ يۇرتىمىز يىراق جايدىكى جۇڭگو دېگەن يەردە، ئۇ يەردە ئاقسۇ دەرياسى دېگەن بىر دەريا بار، ئاقسۇ دېگەن ئەسلى ئەنە شۇ» ، دېگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئوقۇپ بىلىملىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. بۇرھانمۇ ئىرادىلىك بولۇپ، دېگەندەك بوۋىسىنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويمىدى.

بىر تاسادىپى پۇرسەتتە، بۇرھان شەھىدى جۇڭگوغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىدۇ. 1912 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تيەنشىڭ سودا فىرمىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. 3 ـ يىلى، يەنى 1914 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس يېزىپ، جۇڭگولۇق تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

1922 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىككى سىڭلىسىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشۋالدۇ، ئائىلىسى بويىچە يۇرتىغا كېلىپ ماكانلاشقاندىلىقىغا ئىنتايىن خۇشال بولدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، چاررۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەنگۈەندىن نەنلياڭغىچە بولغان ئارىلىقتا «سودا چەمبىرىكى» بولۇپ، بۇ سودا چەمبىرىكى رايونىدا سەككىز فىرما ۋە 30 ئائىلىلىك سودىگەر، جەمئىي 800 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، 1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى زاپاس مېلىنىڭ قىممىتىلا 300 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلغان ماللىرىدىن بىردەك چېگرا بېجى ئېلىنمىغان. «سودا چەمبىرىكى» ئىچىدىكى ھەممە ئىشنى چاررۇسىيىنىڭ كونسۇلخانىلىرى تەسىس قىلغان «شاڭزۇڭ» (سودا ئاقساقىلى) باشقۇرغان. بۇ «سودا چەمبىرىكى» دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قىلغان تاجاۋۇز بولۇپ، ئىچكىرىدىكى چوڭ سودا رايونىدىكى كونسېسسىيە (ئىجارە زېمىنلار) دىن ھېچ پەرقلەنمەيتتى. ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشتىكى سودا بازىرى ۋە خام ئەشيانى بۇلاشتىكى بازىرى قىلىۋالغانىدى.

بۇرھان شەھىدى روسىيىنىڭ تيەنشىڭ سودا فىرمىسىدا خىزمەت قىلىسىمۇ، ئۇ، چاررۇسىيە تاجاۋۇزىنىڭ ۋەھشىلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلدى. يەنە مىللىي قول سانائەتنىڭ چەت ئەل ماللىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆردى. شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىن روسىيىگە توشۇلغان يەرلىك مەھسۇلات 160 مىڭ تاي، تەخمىنەن 2400 توننا بولۇپ، روسىيىلىكلەر بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان تەرىنى شورىۋالغان. يەنە سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپى مول جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۆزىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانى قىلىۋالغان. مەسىلەن، تيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ سانجى، گۇ-

جۇڭلاردا چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بولغان. گۇچۇڭ ناھىيىسىگە
قاراشلىق نەنسەننىڭ بەيياڭخې دەرياسى ئەتراپىدىكى چارۋىچىلىق
مەيدانىنى تيەنشىڭ قاتارلىق ئون نەچچە فېرما ئىگىلىۋالغان. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە روسىيە سودىگەرلىرى قەستەن مال بېقىپ، زىرا-
ئەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، دېھقانلارنىڭ ياخشى ئېتىزلىرىنى
خالىغانچە يايلاق قىلىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا
ئۇچراتقان ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈز-
گەن. يەرلىك ئەمەلدارلار بۇنى سوراشقا ئامالسىز قالغان. روسى-
يە سودىگەرلىرى تېررىتورىيىدىن تاشقىرىلىق ھوقۇقىدىن پايدى-
لىنىپ يەرلىك دېھقان، چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان،
ئايال ئىشچىلارنى خورلىغان. بۇنداق دەھشەتلىك ئىقتىسادىي زۇ-
لۇم ۋە كىشىلىك ھاقارەتكە ھەرقانداق ئەقلى بار جۇڭگولۇق قاراپ
تۇرالمايتتى. بۇرھان شەھىدى مۇشۇنداق مۇھىتتا تۇرۇپ جۇڭگو
جەلقىنىڭ روس سودىگەرلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ۋە
قارشىلىقىنى كۆرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كەچۈرمىشىگە ھېسداش-
لىق قىلدى ھەمدە تەبىئىي ھالدا جۇڭگو خەلقى تەرەپتە تۇردى.
رۇس سودىگەرلىرى جۇڭگودا سودا قىلىشتا بەزى ئەمەلدارلار
بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇشاتتى. تيەنشىڭ فېرمىسىنىڭ باش
دىرېكتورى بىلەن پەن ياۋنەن تونۇش ئىدى. ئۇ تيەنشىڭ فېرمى-
سىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. بۇرھان شەھىدى ئۇلارنىڭ
تەرجىمانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. پەن ياۋنەن بىلەن بىرگە كەل-
گەن لەن فامىلىلىك كىشى يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىدىن بو-
لۇپ، گۇمانىتار پەنلەر جەھەتتە خېلى چوڭقۇر بىلىمى بار ئالىم
ئىدى. بۇرھان شەھىدى كەمتەر، تىرىشچان بولغانلىقتىن، ئۇلار
بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا بەزى كۇڭزى تەلىماتلىرىنى ئۆگى-
نىۋالدى. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ كېيىن سودىنى تاشلاپ سىياسىي
بىلەن شۇغۇللىنىشىدا مەلۇم مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك.

كونا جۇڭگودىكى ئەمەلدارلار سورۇنىدا، بۇرھان شەھىدى

بىر ئاجايىپ - غارايىپ ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، چەتكە سۈرگۈن قىلىنغان، تۈرمىگە تاشلانغان، ئەمەلدارلار سورۇنىدا ئاز كۆرۈلىدىغان شەخس. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن مۇئاۋىن رەئىس، رەئىسلىككە كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن كۆپ، مەسىلەن، كۆپ خىل تىلنى بىلگەنلىكى، كەمتەر، چىقىشقاق بولغانلىقى قاتارلىقلار. مېنىڭچە، بۇ مۇھىم ئامىل ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى، بۇ خىل كىشىلەر جەمئىيەتتە ئانچە كەم ئەمەس. مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى، بۇرھان شەھىدى كۈچلۈك ۋەتەن كۆزقارىشىنى تىكلەپ ئۆزىنى ئائىلە، دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىغان. ئۇ كونا جۇڭگودىكى ئاز تېپىلىدىغان ئىنقىلابىي ئىدىيىسى ۋە ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئېڭى بىخلانغان ئەمەلدار.

## 2

بۇرھان شەھىدىنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋەقەلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بۇرھان شەھىدى 1912 - يىلى ۋەتىنىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان ۋاقىت دەل ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ئوت - ئۇچقۇنلىرى تېخى ئۆچمىگەن ۋاقىت ئىدى. ئىلى قوزغىلىڭى ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرلىشىپ تەشكىللىنىپ، فېئودالىزمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ — شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. بۇ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى زور كۈرەشنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئىككى چوڭ كۈرەشنى قوزغىدى. بىرى، (خوتەندىكى) چىرا

ۋەقەسى بولۇپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گېلاۋخۇينىڭ قوللىشى بىلەن روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلقنى بوزەك قىلغان-لىقىغا قارشى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان كۈرىشى بولۇپ، جاھان-گىرلىككە قارشى خاراكتېرگە ئىگە ئىدى؛ يەنە بىرى، تۆمۈر خەلىپە رەھبەرلىك قىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بولۇپ، ئۇمۇ شۇ يەردىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ دېھقانلارنىڭ شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ سېلىق، ئېكسپې-لاتاتسىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى بولۇپ، ئۇمۇ فېئو-دالىزمغا قارشى خاراكتېرگە ئىگە ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتلىغان تۇرپاندىكى ئەمەت قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش ئى-دى. يۇقىرىدىكى بارلىق قوزغىلاڭ ۋە ۋەقەلەر بۇرھان شەھىدىدە شىنجاڭدىكى مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ھېسسىي بىلىشنى پەيدا قىلدى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۈچ نۇقتىغا بۆلۈنگەن: بىرى، شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ماھىيەتتە يەر مەسىلىسى؛ ئىككىنچىسى، شىنجاڭدىكى مىللەت مەسىلىسى جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش بىلەن مەلۇم باغلىنىشلىققا ئىگە؛ ئۈچىنچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بىرلەشكەندە كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

رېئال كۈرەش بۇرھان شەھىدىنىڭ مىللەت قارىشىنى تېخى-مۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىماي، ھە دەپ ئەسكەر كۆپەيتىپ خەلقنى زار - زار قاقشاتتى. خېشى مىلىتارىستى ما جۇڭيىڭ ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، ئالدى-دا خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، كېيىن يەنە ئالتايغا باردى، مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبقا چېكىنىش يولىدا قازاق ئاقساقاللىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلا-ردىن «مۇسۇلمانلاردىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش»نى تەلەپ

قىلدى. يەنە: «سىلەر بىر يىل بۇرۇن ئالتايدا نۇرغۇن خەنزۇ، رۇس، موڭغۇللارنى ئۆلتۈردۈڭلار... خەنزۇ ھاكىمىيىتى سىلەردىن ئۆچ ئالماي قالمايدۇ»، دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، نۇرغۇن قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ چىڭخەيگە كۆچۈپ، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىشىغا سەۋەب بولدى. 1933 - يىلى قىشتا، ئەنگلىيە سابىت داموللىنىڭ قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى پەيدا قىلىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ئۇ ئۈچ ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپىتى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. جاھانگىرلار 1937 - يىلى يەنە مەخمۇت مۇھىتى، ما خۇسەن توپىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئوخشاشلا يەرلىك خەلققە ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرەپتىن ئالغان ساۋاق: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن بىرلەشكەندىلا جاھانگىرلىك، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشتە مۇئەييەن دەرىجىدىكى غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى پەيدا قىلىشنى قەست قىلغان جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى مىللەتلەر ئارا ئارازلىقنى پەيدا قىلىشنى خام - خىيال قىلغان، قارا نىيەتچىلەر ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن مىللىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بالا - قازاغا ئىتتىرگەن. رېئال كۈرەش جەريانىدىكى كۈچلۈك سېلىشتۇرما بۇرھان شەھىدىنىڭ كۆڭلىدە كەسكىن بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. بۇ ۋاقىتتىكى بۇرھان بۇرۇنقى بۇرھان ئەمەس ئىدى. ئۇ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئومۇمىي كرىزىس يۈز بەرگەندىن كېيىنكى كاپىتالىستىك گېرمانىيىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. جۇڭگونىڭ بىر ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ نۇرىنى كۆرۈۋالدى.

بۇرھان شەھىدى گېرمانىيىگە ئىككى قېتىم بارغان. موسك-
ۋادىن ئۆتكەندە بېستروفنى زىيارەت قىلغان، بېستروف بۇرۇن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇپ،
ئۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىنغا تەرجىمان بولغاندا تونۇشقان ھەم
دوست بولغان. بېستروف ئۇنىڭغا شىنجاڭغا بېرىش ئالدىدا تۇر-
غان پوگونىنى تونۇشتۇردۇ. بېستروف، پوگونىلارنىڭ ياردى-
مى ۋە تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇرھان شەھىدى ئىنقىلابىي خىزمەت-
كە رەسمىي قاتنىشىدۇ. ئارقىدىنلا بۇرھان شەھىدى كوممۇنىس-
تىك ئىنتېرناتسىئونال شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىدىن يۇ شيۇسوڭ (مەخپىي ئىسمى
ۋاڭ شۇچىڭ) ، جاڭ يىۋۇ قاتارلىقلار بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىنقى-
لاب ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان يېقىن دوستلىرى بولۇپ
قالدى. بۇرھان شەھىدى ماركسىزم ۋە ماركسىزملىق مىللەت
قارىشىغا بولغان چۈشەنچىسىنى سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەنىدى:
«مەن ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى قۇتقۇزۇش يولىدا قاراڭغۇلۇق ئى-
چىدە يەككە - يېگانە تەمتىرەپ يۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ، ئۇنى دۇنيا-
دىكى پرولېتارىيات ۋە ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ كونا دۇنيانى ئۆزگەر-
تىش ئىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بول-
دۇم» . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇرھان شەھىدى جۇڭگوغا
ئوخشاش قالاق، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە پەقەت پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايىسى مىللەت-
نىڭ ئىتتىپاقلىقى بولغاندىلا ئاندىن ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىش-
تۈرگىلى، ھەرقايىسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگى-
لى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، بۇرھان شەھىدىنى يەنىلا كونا جەمئى-
يەتتىكى ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى تۇز ئەمەلدار، دېسەك بول-
ماس، ئۇنى كونا ھاكىمىيەتنى دەپنە قىلغان، كوممۇنىستىك
ئىدىيىۋى ئاڭغا ئىگە ئىنقىلابچى، دەپ قارىشىمىز لازىم.

## 3

بۇرھان شەھىدىدە ئادەتتىكى ئەمەلدارلاردىن يۇقىرى ئىدىيە-
ۋى مەنزىل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بېجىرگەن ئىشلىرى، ئېرىش-
كەن ئۇنۇمىمۇ دائىم باشقىلاردىن يۇقىرى تۇراتتى، شۇڭا ھەر-
مىللەت خەلقى ئۇنىڭغا ھەقىقىي قايىل بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى
گەۋدىلىك بىر نۇقتا ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى سۆزلەش بولۇپ، بۇ بۈگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى ھەممە
كىشى ئەمەل قىلىدىغان بىر پرىنسىپ بولسىمۇ، ئەمما سىنىپىي
زۇلۇم ھەممە يەرنى قالىغان كونا جەمئىيەتتە بۇ بەكمۇ قىممەت-
لىك. بۇرھان شەھىدى 1933 - يىلى 6 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ
كېلىپلا ئالتايغا تىنچلاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىك
تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئۇ، كۈندىلىك خاتىرىسىگە
مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش». ئۇ ۋاقىتلاردا ئالتايدىكى ئاساسلىق
ئاھالە قازاق، ئۇنىڭدىن قالسا موڭغۇل، ئۇنىڭدىنمۇ قالسا خەن-
زۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئىدى، يەنە ئاز ساندىكى رۇسلارمۇ بار
ئىدى. لېكىن ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما خېيىڭ ئالتاي،
تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا سوقۇنۇپ كىرىپ، «شىنجاڭ قىزىل-
لاشتى» دەپ پىتنە - پاسات تارقاتتى. «دىنىي دۆلەت» قۇرۇش
بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىش» شو-
ئارىنى توۋلاپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى،
ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان قازاق چارۋىچىلار شەرقتىكى تاغ-
لىق رايونلارغا يۆتكىلىپ، شەرقتىكى چىگىخەيگە قېچىشقا تەييار-
لاندى. يېزىلاردىكى خەنزۇلارمۇ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تاشلاپ قې-
چىشقا مەجبۇر بولدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىلار ئۆ-
لىدىغان، ئادەملەر ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە
باشلىدى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پاراكەندىچىلىككە چۈ-

شۇپ، جەمئىيەت تىنچسىزلاندى.

بۇرھان شەھىدى ھەممىنى ئويلاپ قويغان بولۇپ، ئىش ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ تەمتىرىمىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئامال قىلىپ قازاق قەبىلە باشلىقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، ئاندىن قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ شەرققە كۆچۈشىنى توسۇش نەسىھىتىنى قىلدى؛ ئارقىدىن قازاقلار بىلەن موڭغۇللار، موڭغۇللار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنى تۈگەتتى. پىتنە - پاساتنىڭ مەنبەيى، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئالتايدىكى قىرغىنچىلىق ھەم بەختسىزلىك ۋەقەسى-نىڭ گومىنداڭ مىلتارىستى ما جۇڭيىڭ پىتنە - پاسات تارقى-تىپ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەن ما خېيىڭ، ما رۇلۇڭغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇرھان شە-ھىدىنىڭ ئالتايدىكى تىنچلاندۇرۇش خىزمىتى، كونا جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولالايدۇ.

ئالتايدىكى قالايمىقانچىلىق بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇر-ھان شەھىدى بۇيرۇققا بىنائەن بارىكۆلگە قازاقلار مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بېرىپ، ئۇلارنى چىڭخەيگە يۆتكەلمەسلىككە نەسى-ھەت قىلىپ توسۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، بۇرھان شەھىدى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىقتىسادىنى ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. سالاھىيىتى، ئورنى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئاساسىي پرىنسىپىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، يە-نىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى نىشان قىلىپ، مىللەتلەر ئارا ئىشەنچىنى ئىكلەيدۇ، شۇڭلاشقا چارۋىچىلارنى شەرققە قېچىشقا كۈشكۈرتۈش پىتنە - پاساتلىرى ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ، چارۋى-چىلار تىنچلىنىدۇ.

بۇرھان شەھىدى ھاياتىدا كىتاب يېزىپ تەلىمات يارىتىش،

ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇ-ھىملىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. شىنجاڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ھارپىسىدىكى ھەرخىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، بۇ تېخىمۇ ئېنىق بولدى. بۇ جەھەتتىكى ماقالىلەر كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن.

كونا جەمئىيەتتە بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىل-لەت خەلقىنىڭ قىزغىن سۆيۈشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشتىكى تۈپ سەۋەب، ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى باشتىن - ئاخىر ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىدە، ئۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بايراقدارى بولۇشقا مۇناسىپ.

## 4

بۇرھان شەھىدى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشنى، ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىزچىل قوغداش ئېتىقادىدىن ئايرىپ قارىغىلى بول-مايدۇ. بۇرھان شەھىدى ئالتايدا قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، سابىت داموللا قەشقەردە ئاتال-مىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇراشتۇر-دى. ئۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بولۇپ، مەقسەت، شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىش ئىدى. ئەمما، بۆلگۈنچىلىك كىشىلەر قەلبىگە ياقمىدى، ئۈچ ئايدىن كېيىنكى 1934 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ خەلق تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بەرگىنى باشقىلار ئەمەس، بەلكى شىمالىي شىنجاڭدا مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىن-جاڭغا چېكىنگەن ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى ما شىمىڭ قاتار-

لىقلار ئىدى. بۇ بۆلگۈنچىلىك تىل بىرىكتۈرۈشكە، بۇرھان شەھىدى ئالتايدا تۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دوستلىرىغا خەت يېزىپ ئۇلارنىڭ ۋەزىيەتنى تونۇپ يېتىپ، ئۇ خىل كىشىلەر بىلەن بىرگە بولماسلىقنى نەسىھەت قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان ۋاقىتتا، بۇرھان شەھىدى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئىدى، كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇ بۇ ئىنقىلابنى قوللىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بايرىقى ئاستىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىشىغا قارشى تۇردى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ئالدىدا بۇ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. كېيىنكى سۆز - ھەرىكىتىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ ۋاقىتتا نىسبەتەن ئېيتقاندا مېڭىسى سەگەك، مەيدانى ئېنىق ئىدى.

سېرىق نامى پۇر كەتكەن پانتۈركىست مەسئۇد گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن بۇرھان شەھىدى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مەسئۇد مۇھەممەت ئىمىن بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قوشۇمچە پروفېسسورلۇق سالاھىيىتى بىلەن ياش ئوقۇغۇچىلارغا ياسالغان «تارىخ» تىن دەرس سۆزلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئاشكارا قۇترىتقۇلۇق قىلدى.

بۇرھان شەھىدى نەنجىڭدە «ھۆكۈمەت ئەزاسى»، «زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى مەسلىھەتچىسى» نامىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ خىل ئىنكاسلارنى ئاڭلايدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قوشۇمچە باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن پۈتۈن ئىنستىتۇتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار

يىغىنىدا مۇھەممەت ئىمىنىڭ خاتا نەزەرىيىسىگە رەددىيە بېرىپ: «شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. خۇددى جۇڭگو بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس، ھەممە مىللەتنىڭ جۇڭگوسى بولغىنىدەك، شىنجاڭمۇ بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەتنىڭ شىنجاڭى، ئەگەر شىنجاڭدا بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى بار دېيىلسە، ئۇنداقتا شىنجاڭ دائىرىسىدە چوڭ مىللەتچىلىك خاتالىقى سادىر بولغان بولىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئالغاندا يەرلىك مىللەتچىلىك يەنى تار مىللەتچىلىك خاتالىق سادىر بولغان بولىدۇ».

ئىككى خىل تارىخىي قاراش، دۆلەت قارىشىغا بولغان بەس - مۇنازىرە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ تارىخىي پاكىت، ئاساسقا ئىگە بولغان يوللۇق كۆرىشى، تەبىئىي ھالدا كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلارنىڭ بۇرھان شەھىدىگە شەخسىي ھۇجۇم قىلىشتىن باشقا ئامالى قالمىدى،

مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى. جاڭ جىجۇڭمۇ ئۇنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە كۆرسىتىشىنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، نەنجىڭ تەرەپنىڭ بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە قويۇشىنى ئامالىنىڭ بارىچە قايىل قىلدى، بۇنى ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭغا بۇرۇنلا ئېيتقانىدى.

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا، بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلەندى. ئۇنى قۇتلۇقلايدىغانلار ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىمۇ بار ئىدى، ئۇ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى) نىڭ مۇستەقىللىقى» ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇرھان شەھىدى ئوچۇقلا قىلىپ: «ئۆلكىمىزنىڭ تارىخىغا، سىياسىي ئالاھىدىلىكى ۋە

جۇغراپىيىلىك شارائىتىگە ئاساسەن، مەن شىنجاڭ مۇستە-
قىل بولۇشى لازىم، دەپ قارىمايمەن، بىز جۇڭگودىن ئايرىلال-
مايمىز» ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنگلىيە ئەلچىسى: «گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىلەن ئەتە
مەۋجۇت بولۇشى ناتايىن» ، دەيدۇ. بۇرھان شەھىدى ئۇلاپلا رەدد-
يە بېرىپ: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەۋجۇت بولماسلىقى مۇم-
كىن، لېكىن جۇڭگو يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ» ، دەي-
دۇ. بۇنداق ئۆتكۈر سۆزنى ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ سىياسىي
ساھەسىدىكى ھەممە كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىرالىشى ناتايىن
ئىدى.

بۇرھان شەھىدى مۇشۇنداق دېدى، مۇشۇنداق قىلدى. ئۇ
زاۋالىققا يۈز تۇتقان كونا جۇڭگونىڭ كەينىدە يېڭى جۇڭگونىڭ
چوڭ قەدەم بىلەن سۈبھىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسلىك ئورنى ۋە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ،
شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاھىل
ئۇنسۇرلارنىڭ بارلىق سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپ، يېڭى جۇڭ-
گونى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

شېرىپجان داموللا ھاجى

1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، ئاتاغلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل تولغان خاتىرە كۈن. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇرھان ئەپەندىنى ئەسلەپ؛ ئۇنىڭ ھايات چېغىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا خەلقلىرى بىلەن بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسىنى مەدھىيىلىدى. بۇنداق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىش، ئالغا بېسىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەممە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك رو-

ھىنى جارى قىلدۇرۇشتا پائال تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.
يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ھاياتى ئاجايىپ ھايات، ئىنقىلا-
بىي ھايات، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھى-
مايە قىلىش، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئالغا بېسىش ئىشلىرىنى
گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان
ھايات بولۇپ، كىشىلەر ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.
ئۇ شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ
چېگرا رايونىنىڭ ئازادلىقى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئالا-
ھىدە تۆھپە ياراتتى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۇنى ئەس-
لەيدۇ، ھەرمىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىمۇ ئۇنى ياد ئېتىدۇ.
بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىسمى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن
ئالىدۇ.
بۇرھان ئەپەندى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ، ھەرمىللەت خەل-
قىنىڭ گۈللىنىشى، ئالغا بېسىشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسى-
تىنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇراتتى؛ ئۇ دائىم دىنىي ساھە-
دىكى زاتلارنىڭ ئىدىيىسى، تۇرمۇشى، خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلەت-
تى. ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە
جەمئىيەتتىكى ئالىيجاناب ئابرويى ئارقىلىق دىنىي زاتلارنى تەربى-
يىلەپ ۋە ئۇلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلاردىن پارتىيىنى،
ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى
ۋە ياردىمىدە، شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان دىنىي ساھەدىكى زاتلار
ئىلغار دىنىي زات ۋە ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ،
ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن
تۆھپە قوشتى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ چىقىشقاق، ئامما بىلەن زىچ
ئالاقە باغلايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات
قالدۇرغانىدى. بۇرھان ئەپەندى جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيە-
تىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىلگىرى ئىسلام دىنىي

جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 4 ـ ، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ پەخرى باشلىقى بولغان. ئۇ، ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ھەمكارلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇردى؛ ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي ئىشلارنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ھەرمىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە بېرىش ـ كېلىشنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ شەھىرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدە تەسىرى چوڭ، ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى، گەرچە ئۇ ۋاپات بولغان بولسىمۇ دىندار ئامما ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مەدھىيىلىمەكتە ۋە ياد ئەتمەكتە.

بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار بۇرھان ئەپەندىنى ئەسلەيمىز، ئۇنىڭ بۇلاققا ئوخشاش ئىنسانلارغا بەخت يارىتىغان ئەخلاق پەزىلىتىنى مەدھىيىلەيمىز ۋە ياد ئېتىمىز. ئۇنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننىڭ ئىنقىلابىي ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش چوڭ ئىشلىرى، دۇنيانىڭ تىنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلىشتەك ئالىيجاناب روھىدىن ئۆگىنىمىز. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سى-

ياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، گۈللىنىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇرئەت ئابلىمىت
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان هايات

## — دادام بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن

نۇسرەت شەھىدى

دادام بىر ئەسىرگە يېقىن ياشاپ، بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشتى. مېنىڭ دادام بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلىرىم كۆپرەك بولدى، ئەمما ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىمۇ ئاز بولمىدى. ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىمدىمۇ ئۇچرىشىپ تۇردۇم ۋە خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇردۇم، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەربىيىسى، نەسىھەت ۋە ئۈمىدلىرى قەلبىمدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى.

1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مەن بېيجىڭغا بېرىپ تۆت ئايغا يېقىن ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم. بۇ مەزگىلدە دادام كۆپرەك دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ياتتى. مەن دائىم بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ تۇردۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەلچان بولۇپ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىغا قارىماستىن، يەنە بىزگە دائىم تەربىيە بېرىپ كەلدى. كېيىن كېسىلى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ دادام بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق خوشلىشىشىم ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. دادام بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش — ماڭا ۋە بارلىق ئائىلە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زور يوقىتىش

بولدى. ئۇنىڭ يەنىمۇ كۆپرەك تەربىيىسى ۋە نەسىھەت سۆزلىرىنى ئاڭلىۋالغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى؟!

1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مەن بېيجىڭدا تۇرغان مەزگىلدە، دادام ئۆزىنىڭ بالىلارغا قارىتىپ يازغان خېتىنى تەييارلاپ قويغانىدى. مەن نىمە ئۈچۈن بۇ خەتنى تەييارلاپ قويدىڭىز، دەپ ئۇنىڭدىن سورىغىنىمدا، «يېشىم چوڭىيىپ قالدى، ئەستە قالدۇرۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىم كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئاخىرى سىلەر بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىمەن. بۇنى ئالدىن تەييارلاپ قويغىنىم ياخشىراق، ئەگەر يەنە ئۇزۇنراق ياشىسام، ئۇ چاغدا دەيدىغان گەپلىرىمنى يەنە ئېيتارمەن»، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. خۇددى دادام ئېيتقاندەك، تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى ۋە ئۇنىڭ بىزگە تەييارلاپ قويغان خېتى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بەرگەن تەربىيە ۋە نەسىھەت سۆزلىرى بولۇپ قالدى.

## 1

ئاڭلىشىمچە، تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەمەتىمىزنىڭ 4 ـ بوۋىلىرىدىن بولغان پولات ۋە ئۇنىڭ ئوغلى زاھىدۇللا دېگەن كىشىلەر شۇ ۋاقىتتىكى قاتتىق ئېزىلىش ۋە زۇلۇمغا چىدىماستىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن 20 نەچچە ئائىلە روسىيىگە قېچىپ چىقىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. كېيىن ئۇلار ئەسلى يۇرتى شىنجاڭ ئاقسۇنى ئەسلەپ، ئۆزلىرى تۇرغان ئاشۇ جاينى «ئاقسۇ» دەپ ئاتىغانىكەن (بۇنداق سىرتقا قېچىپ چىقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى شىنجاڭ تارىخىدا كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن).

قەدىردان دادام 1894 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

روسىيىنىڭ قازان ئۆلكىسىنىڭ تېتىش ناھىيىسى ئاقسۇ كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن، دائىم ئالتە - يەتتە ياشلىرىدىن تارتىپلا ئەمگەك قىلىشقا باشلىغان.

ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قازان شەھىرىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن «مۇھەممەدىيە» مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان، كېيىنچە تاغىسى ئوقۇتۇش خىراجىتى بېرەلمىگەچكە، ئۇنى «مائارىپ» كىتابخانىسىغا شاگىرت بولۇپ ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ كىتابخانىدا ئىككى يېرىم يىل ئىشلىگەن. ئىش ئېغىر بولسىمۇ (كىتابخانىنىڭ ئىشلىرىدىن باشقا يەنە تازىلىق، خوجايىنىنىڭ ئۆي ئىشلىرى، بالا بېقىش قاتارلىقلار) ھەمىشە ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب كۆرۈپ روسچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن، يەنە كىتابخانىدىكى بوغالتىر خادىمدىن بوغالتىرلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن.

ئۇ 1911 - يىلى شەمەي شەھىرىگە كېلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى قىلىدىغان سودا فېرمىسىغا خىزمەتكە كىرگەن. 1912 - يىلى شۇ سودا فېرمىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تارمىقى (تيەنشىڭ سودا فېرمىسى)غا يۆتكىلىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. بۇ فېرمىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ داۋاملىق روسچە ئۆگىنىپ، سەۋىيىسىنى تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىگە يەتكۈزگەن، بوغالتىرلىق كەسپىنىمۇ پىششىقلىغان. خەنزۇچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، خەنزۇچە خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. ئەمما بۇ ئۆگىنىشلەر ئاسانغا چۈشمىگەن، دۇكاننىڭ دىرېكتورى ئۆگىنىشكە يول قويمىغانلىقتىن، دائىم كېچىلىرى ۋاقىت چىقىرىپ، چىراغ تۈۋىدە ئۆگەنگەن.

1919 - يىلى خارجى باجخانا (گۈەنشۈيجۈي) قۇرۇلۇپ ئۇنىڭدا مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن. 1924 - يىلى بۇرۇن

ئىشلىگەن مال فىرمىسىغا باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن
(ئۇلارغا كۆپ خىل تىلنى بىلىدىغان ئادەم لازىم بولۇپ قالغانلىد-
قى ئۈچۈن) مەسئۇل بولغان. 1925 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتومو-
بىل شىركىتى قۇرۇش تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ،
شوپۇرلارنى تەربىيىلەشكە كىرىشكەن ھەمدە ماشىنا يوللىرىنى
ياساش ئىشلىرىغا قاتناشقان.

1929 - يىلى گېرمانىيىگە شىنجاڭغا ئېھتىياجلىق بولغان
يول ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋې-
لىشقا بارغان. ئۇ يەردە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇزۇنراق
تۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن
پايدىلىنىپ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى تەييارلىق سى-
نىپىغا كىرىپ، بىرقانچە ئاي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن بېر-
لىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسى - ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئوقۇش-
قا كىرگەن، بۇ جەرياندا، ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئائىت كىتاب-
لارنى سىستېمىلىق ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. 1933 - يى-
لى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئالتايدا شۇەن ۋېيشى ①
بولغان. 1935 - يىلى يەرلىك مال شىركىتى (تۇسەن گۇڭسى)
گە باشلىق بولغان. 1937 - يىلى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى
زەيسانىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا كونسۇل بولۇپ تۇر-
غان. 1938 - يىلى 4 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە
سولانغان. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن
چىققان. كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى كونترول قىلىپ
تۇرۇپ، نازارەت قىلىش ئۈچۈن ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى
تەرجىمان بۆلۈمىدە ئىشلەتكەن. كېيىن خەلق ئىشلار نازارىتىگە
مۇئاۋىن نازىر، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان. 1946 -
يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ،

① شۇەن ۋېيشى — تەشۋىق قىلىش، ھال سوراش ئەلچىسى — (ت).

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئۆلكە رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى (چاڭۋېي)، غەربىي - شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 2 -، 3 -، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، پەخرىي مۇدىرى، 1 -، 2 -، 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1 -، 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، پەخرىي مۇدىرى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

## 2

دادام نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بايلارنىڭ نامرات ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئالدامچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەنگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن شىنخەي ئىنقىلابى، 1913 - يىلى خوتەن چىرىيىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ گېلاۋخۇي بىلەن بىرلىشىپ چارروسىيە مۇھاجىرلىر-

ـنىڭ خەلقنى ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، يەنە 1912 ـ يىلى قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېزىـ ـلىشكە قارشى قوزغىلىڭى ھەمدە بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى ئارقىـ ـسىدا قوزغالغان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلىڭى قاتارلىق دېھقانلارنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرى دادامنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلى يېزىپ چىققان.

1929 ـ يىلى گېرمانىيىگە شىنجاڭغا ئېھتىياجلىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن بارغاندا سوۋېت ئىتتىپاـ قى ئارقىلىق ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇـ رۇلۇش ئىشلىرىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرۈپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئائىت كىتابلارنى تىرىشىپ ئوقۇپ، سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن ھەمدە گېرـ مانىيىدە ئۆزۈنراق تۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسى ـ ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋاقىتلىرىدا لېنىن ـ ستالىن ئەسەرلىرىنى، ماركىسـ ـنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنى تەدبىق قىلىپ ئۆگەنگەن. كاپىتالىستىك گېرمانىيىدە ئىقتىسادىي كرىزىس نەتىجىسىدە، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىپ ئۆتكۈزگەن ئېغىر، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ھەتتاكى، ئالىي مەلۇماتلىق زىياـ ـيىلارنىڭ ئىشسىز قېلىپ قەلەندەرچىلىك قىلىشلىرىنى، پاجىـ ـئەلىك ھالدا تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىشلىـ ـرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تېخىمۇ زور تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. 1930 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ ماشىنا زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. ئۇ دۆلەتتىمۇ كاپىتاـ ـلىستىك تۈزۈمدە ئىنسانلارنى خارلىققا قالدۇرىدىغان مەنزىرىلەرـ ـنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بولۇپـ

مۇ ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشى چوڭقۇر-
لاشقان. لېنىننىڭ «بىر مىللەت ئىچىدە ئىككى مىللەت بار»
دېگەن سۆزىگە ئۆتكەندە، چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، كېيىن
كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ-
نىڭغا جاۋاب تاپقانلىقىنى ئۆز خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇرغان.
1932 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندا، ئۇ يەردە ئىنقى-
لابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان. دادامنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يازغان
خاتىرىسىدە «1932 ـ يىل ئاخىرى ۋە 1933 ـ يىل بېشىدا،
مېنىڭ ئىدىيەمدە، تونۇشۇمدا، دۇنيا قارىشىمدا چوڭ سەكرەش
پەيدا بولدى. ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئەڭ توغرا، ئىنسانىيەت-
نى ئازاد قىلىپ قۇتقۇزۇدىغان ھەقىقىي تەلىمات، نەزەرىيە ئىكەن-
لىكىنى تونۇدۇم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان مۇھەببىتىم كۈ-
چەيدى. ئۆز ۋەتىنىمىز جۇڭگودا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى
بىلەن ئەركىن ـ بەختلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشنى
ئۈمىد قىلىپ، شۇ ئۇلۇغ نىشان يولىدا ئىشلەشكە قەسەمياد
قىلدىم» دەپ يېزىلغان.
1933 ـ يىلى دادام ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىنقىلابىي
كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. بۇ دەل شېڭ شىسەي
ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ،
سوۋېت بىلەن دوست بولۇش تەكىتلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى.
1935 ـ يىلى دادام شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان ھەمدە ئۇنىڭدا بۆلۈم باشلىقى،
ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. شۇ مەزگىلدە ئۇيۇشما
باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى يۇ شيۇسۇڭ بىلەن تونۇشۇپ، قو-
يۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. پارتىيىنىڭ كۈرەش تارىخى ۋە لۇش-
يەن، سىياسەتلىرى بىلەن تونۇشقان. جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە ھەمدە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا قارىتا چوڭقۇر مۇھەببەت
ئورناتقان.

شۇنداق بىر يۈكسەك نىشان يولىدا قىزغىن ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىلدە، تۇرلۇك ئويدۇرما ۋە تۆھمەتلەر بىلەن 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا زالىم، قانخور شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر چەككەن. قاتتىق قىيناشلارغا ئۇچرىغان چاغلاردىمۇ ئۆز ئىرادىسىدىن يانمىغان. ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «تار، كىچىك، قاراڭغۇ، سوغۇق كامېردا مەن ئۇلۇغ داھى ماۋجۇشىنى ئەسلىسەم، ئۇماڭا يورۇقلۇق، ئىلھام ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى. مەن ماۋجۇشى يولىدا ئىشلەشكە قەسەمياد قىلىپ شېئىر يازدىم. بۇ شېئىر تۆۋەندىكىچە:

هۆرمەت بىلەن يوللايمەن سىزگە سالام ماۋ زېدۇڭ،
ئاچتىڭىز ھەقىقەت، ئازادلىق، ئەركىن ئەمگەك بەخت ـ سائادەت يولىنى.
تىترەيدۇ دۇشمەن ئالدىڭىزدا، ئىنسانىيەت شادىمان!
مەن بىر يۈلتۈز چاقىرغۇچى سىزدىن ئالغان نۇر بىلەن،
كۈرەشكۈچى يولىڭىز ئۈچۈن سەممىي ـ ساپ ئاڭ بىلەن،
بولسىمۇ كۈچلۈك شىۋىرغىنى، يامغۇرى ھەم قار، بورىنى،
ھېچقايسىمۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ ياققان چىن مۇھەببەت ئوتىنى.

ئۇ يۈرەك سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. تۈرمىدە ياتقان ۋاقىتلاردىمۇ لېنىن ـ ستالىن ئەسەرلىرى، لېنىنىزم مەسىلىلىرىنى، ۋ ك پ قىسقىچە تارىخى قاتارلىق كىتابلارنى تېپىپ ئۆگەنگەن. ئەمما تۈرمىگە قارىغۇچىلار بۇ كىتابلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. زالىم شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دادام تۈرمىدىن بوشىتىلغان. 1944 ـ يىلى ئىلى. تارباغاتاي ۋە ئالتايدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلا-

بى پارتلىغاندىن كېيىن، دادام ئۇنى باشتىن ـ ئاخىر قوللاپ كەلدى. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى‍لابى تەرەپ بىلەن «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلى‍گەندە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ خادىملىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ خىزمەت ئىشلىدى. 1947 ـ يىلى «بىتىم» بۇزۇ‍لۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كېتىش ئالدىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبىرى ئەخمەتجان قاسى‍مى بىلەن بىرلىكتە «مىللىي ئازادلىق ئىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇ‍رۇش» يولىدا قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ تۇرۇپ قەسەمياد قىلغاز‍لىقىنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدى.

1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دادام جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. بۇ ۋاقىتلاردا ئىلغار ئا‍دەملەرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت ئىلغار ياشلى‍رىنىڭ «يەر ئاستى» تەشكىلاتلىرىنى يوشۇرۇن قوللاپ، ئۇلارغا ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەم باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ كەلدى. ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك كۈچلەرنى راۋاجلاندۇردى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇر‍لۇكسىز تۈردە مۇناسىۋەت باغلاپ يۈردى (يەنى ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈلدۈرمىدى ). بۇ مەزگىللەردە ئىش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. مۇئاۋىن رەئىس پانتۇركىست مىللەتچى مەمتىمىن بۇغرا بىلەن بولغان كۈرەش كەسكىن بول‍دى. دادام شىنجاڭ تارىخى، ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتى‍پاقلىقى ھەققىدە سۆزلىسە، مىللەتچى پانتۇركىستلەر ۋەتەننى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ھەرىكەتلىرىنى ئو‍چۇق ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئېلىپ باردى. ئۆزلىرىنىڭ قول چوماق‍چىلىرى ئارقىلىق ھەتتاكى دادامنىڭ ھاياتىغا تەھدىد سالدى. جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى غالچى ئەمەلدارلىرىمۇ تۇر‍

لۆك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. دادام ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. گەرچە ئەكسىيەتچى كۈچلەر دادامنىڭ ئوبرازىغا ھەر خىل ئويدۇرما ۋە تۆھمەتلەرنى چاپلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىتچىت بولۇپ ئۇلار ئاخىرى ئۆز پۇتىغا ئۆزلىرى پالتا چېپىپ، كىشىلەر نەزەرىدىن ساقىت قىلىنىپ ئەخلەت ـ سۇپرەندە دۆۋىسىگە ئايلاندى.

1949 ـ يىلى دادام خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور غەلىبىلىرىدىن ئىنتايىن چوڭ ئىلھام ئېلىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق يولى بىلەن ئازادلىققا چىقىرىشنى پىلانلاپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى «شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازادلىققا چىقىرىش» ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، يولداش ۋاڭ جېن، يولداش شۇ لىچىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن دادام جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشاللاندى ۋە روھلاندى. ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئىشەنچىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا ئىرادە باغلىدى.

## 3

ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلابىي كۈرەش دادامنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى تاۋلاپ چىققان. زالىم شېڭ شىسەي دەۋرىدە تۈرمىدە ياتقان ۋاقىتلىرىدا، قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىغان.

مەسىلەن، خىش پارچىلىرىغا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قىينى-
غان. 21 كۈن ئۆرە تۇرغۇزۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگۈ-
زۈپ تۆت ئادەم نۆۋەت بىلەن ئۈچ سائەتتىن كۆزىتىپ ئولتۇرۇش-
قىمۇ، قوللىرىنى پەسكە چۈشۈرۈشكىمۇ رۇخسەت قىلماستىن
قىينىغان. دادامنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئالتە كۈن بەك قىينال-
غان، ئازاب چەككەن، پۇتلىرى ئىششىپ، تىزلىرى ئېگىلمەس
بولۇپ قالغان. پۇتلىرى قاتتىق ئىششىپ كەتكەنلىكتىن كىيگەن
ئىشتاننى سېلىشقا مۇمكىنچىلىك بولماي، ئىشتاننى يىرتىپ سې-
لىشقا توغرا كەلگەن. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قېتىم ھوشسىزلىنىپ
يىقىلىپ چۈشۈپ، باش - كۆزلىرى جاراھەتلىنىپ ئىششىپ
كەتكەن. مۇشۇنداق قىيىن - قىستاق، ھايات - مامات خەۋپى
ئاستىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب يولىدا ئىشلەش قەسەمىيادىغا خىلاپ
كېلىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان. دادام ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى
ۋە ئىنقىلاب ھەقىقەتلىرى ئارقىلىق بىزگە داۋاملىق تەربىيە بې-
رەتتى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دادام
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىس بولۇپ
بەلگىلەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە
بيورۇسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇر-
دى. خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، يولداش ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېن-
ماۋ ۋە مەركەزدىن كەلگەن مەسئۇل يولداشلارھەم ئۈچ ۋىلايەتتىن
كەلگەن رەھبىري يولداشلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرى-
شىپ، ئۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە تولۇق ھەمكارلىشىپ
بىرلىكتە خىزمەت ئىشلەپ كەلدى. دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىشقا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى
تىرىشىپ ئىشلەپ كەلدى.

# 4

1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان شىنجاڭدىن ئايرىلىپ مەركەزگە بارغاندىن كېيىنمۇ ھۆكۈمەت ئۆزىگە تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، يەنە پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا خەلقى بىلەن بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرى خەلقلىرى بىلەن دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە خىزمەت ئىشلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ «دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش» كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ـ ھىندونېزىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ـ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ـ ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ـ ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى . . . قاتارلىق قوشۇمچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچلىق ئەلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىكى ئون نەچچە دۆلەتكە زىيارەتكە باردى ھەم خەلقئارا تىنچلىق يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى. بۇ دۆلەتلەردىكى دۆلەت باشلىقلىرى ۋە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1956 ـ يىلى جۇڭگو ـ مىسىر ھەم جۇڭگو ـ ئىراق دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىي ئالاقە توختامنامىسىگە قول قويۇشتى ھەم شۇ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ يەنە بىرقانچە دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى. ئۆمەكنىڭ ۋەزىپىسى ھەج قىلىشلا بولماستىن، ئەرەب مەملىكەتلىرى خەلقلىرى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن كېيىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 2 ـ نۆۋەت-

لىك 3 ـ قېتىملىق يىغىنىدا تەسىراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:
«دۆلىتىمىزنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدە زىيارەت-
تە بولۇش جەريانىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى
ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى سىياسىتى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈ-
رۈلدى. جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تۆھمەت چاپلاپ دىنغا قارىتا
‹يوقىتىش سىياسىتى› نى قوللاندى، دەيدىغان ئالدامچىلىق تەش-
ۋىقاتلىرى ئېچىپ تاشلىنىپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ
دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈردۇق». دادام بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن
ئاز ـ تولا خىزمەتلىرىنى ئەسلەپ، «يەنىمۇ كۆپرەك خىزمەت
قىلالمىدىم، تۆھپە قوشالمىدىم» دەپ ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ بۇ خىزمەتلىرىدە، دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى
خوجا بولۇشى ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئىز-
چىل تۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە بالايىئاپەت كەل-
تۈرگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قوزغىلىپ، لىن بياۋ، «تۆت
كىشلىك» گۇرۇھ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى گوماشتىلىرىنىڭ ھەر-
خىل بوھتان چاپلىشى ۋە تۈرلۈك قالپاقلارنى كەيدۈرۈشى بىلەن
دادام رەھىمسىزلەرچە پىپەن قىلىندى. كۈرەش قىلىندى، تۈر-
مىگە تاشلاندى. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئازابلان-
غان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆزىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا جىنا-
يەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى، مەسىلىلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى توغرا
ھەل قىلىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ باغلاپ، كوممۇنىزمغا،
پارتىيىگە ۋە پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان ئېتىقادى ۋە ئىشەنچى-
سىدىن قەتئىي تەۋرەنمىگەنىدى. 1971 ـ يىلى 5 ـ ئايدا
تۈرمىدىكى ۋاقتىدا يازغان خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:
«ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — ئۇلۇغ داھى ماۋ جۇشىنىڭ
دانا رەھبەرلىكىدە، ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى ئۇلۇغ، توغرا ۋە
شەرەپلىك جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۈنساناپ

گۆللىنىۋاتىدۇ. باياشات، ئاۋات، كۆچلۈك بولۇۋاتىدۇ. خەلقئا-
رادىكى ئابرويى كۈنسايىن ئۆسۈۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ خۇ-
شاللىق! پەقەت مۇشۇنداق ئۇلۇغ، شەرەپلىك سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر
پەيتىدە، ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغ داھى ماۋ جۇشى رەھبەرلىكىدە بىر
كىشىلىك ھەسسە قوشالماستىن، ناھەقچىلىق بىلەن زىنداندا يې-
تىشىمغا چەكسىز ئېچىنىمەن، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنى-
مىزگە قىلغان ھېچقانداق بىر جىنايى ھەرىكىتى ۋە خىيانىتىم
بولمىغاچقا، ئۇلۇغ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل قۇياش نۇرى
ئاستىدا، ئەلۋەتتە ھەقىقەتەن بىر كۈنى مەيدانغا چىقىدۇ. مەنمۇ
مۇشۇ قالغان ئۆمرۈمدە، ھامان بىر خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە
ئىگە بولىمەن، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن ۋە بىر كۈنى مەنمۇ
ئۇلۇغ داھىمىز ماۋ جۇشى رەھبەرلىكىدە جەمئىيەتكە، سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا، ئۇلۇغ كوممۇنىزم ئىشلىرىغا
ۋە دۇنيا ئىنقىلابىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشىمەن، دەپ ئىشى-
نىمەن (ئەگەر ئۆلۈپ كەتمىسەم)».

1972 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۈرمىدە يېتىپ
يازغان خاتىرىسىدە يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ ۋەتىنىمىز-
گە، ماۋ جۇشىغا، خەلققە ۋە پارتىيىگە قىلغان ھېچقانداق خىياند-
تىم ۋە جىنايىتىم يوق، قورقىدىغان ھېچقانداق نېمەم يوق.
قورسىقىمدا جىن يوق، نېمىدىن قورقىمەن؟ ھېچنېمىدىن قورق-
مايمەن. تارىخ، دىئالېكتىكىسى رەھىمسىزدۇر ئەلۋەتتە. ئۇ بىر
كۈنى ماڭا ئۇۋالچىلىق بولغانلىقىنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسىنى چىد-
قارغۇسىدۇر. ماڭا زىيانكەشلىك بولغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ».

دادامنىڭ مەسىلىسى بىلەن پۈتۈن ئائىلىدىكى چوڭ ـ كى-
چىكلەرنىڭ ھەممىسى باغلىنىپ، پېپەن، كۈرەش قىلىندى.
تۈرمىگە تاشلاندى. بەزىلىرى تۆۋەنگە ئەمگەككە چۈشۈرۈلدى.
ھەتتاكى دادام بىلەن بۇرۇن بىرگە ئىشلىگەن تونۇش ـ بىلىشلەر-

مۇ قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىدى. پىپەن قىلىندى ۋە كۈرەش قىلىندى.
ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىمىزدىكى چوڭ ـ كىچىك باللار، ئۇ-رۇق ـ تۇغقانلار، تونۇش ـ بىلىشلەردىن دادام بىلەن چەك ـ چېگرانى قەتئىي ئېنىق ئاجرىتىش، ئۇنى پاش قىلىش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دادامنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقىي تەكرار ـ تەكرار چۈشەنگەنلىكتىن، ھەرخىل قىيىن ـ قىستاق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيىگە ۋە خەلققە سادىق بولۇپ ۋە پارتىيە مەيدانىدا تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلماي، دادامنىڭ مە-سىلىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئېنىقلىنىپ چىقىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ھەرقانداق جاپالىق ئىشلا-رنىمۇ تىرىشىپ ئىشلىدى.
1975 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دادام تۈرمىدىن بوشۇتۇلۇپ، ئائىلىمىزدە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇردى. بۇ مەزگىللەردە تۇر-لۈك ھاقارەت ۋە روھىي زەربىگە ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىدىمۇ مەسى-لىلەرگە سەۋرچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.
1975 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، كوچىدىكى بىر قىسىم ئامما سەپەرۋەرلىك قىلىنىپ، دادام ئۆزىمىزنىڭ ھويلى-سىدا كۈرەش قىلىندى. شۇ چاغدا يازغان خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بىر كۈنى ھەقىقەتنىڭ ئاشكارىلىنىپ چىقىشىغا ئىشىنىمەن. . . تارىخ بىر كۈن توغرا خۇلاسە چىقارغۇسى. بۇ-نىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق».
دادام مانا شۇنداق ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن ياشاپ، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، ناھەقچىلىق ئايدىڭلاشتۇ-رۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زاما-

نىۋېلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

## 5

دادامنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋاقىتلاردىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئۆزىگە بولغان تەلەپچانلىقى، ئاددىي ـ ساددىلىقى، كەمتەر، ئامما بىلەن چىقىشقاقلىقى، ھېچقانداق كىبىرىسى يوق، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى قاتارلىق ياخشى ئىستىللىرى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

دادام بىزگىمۇ ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى. بولۇپمۇ بىزگە ياش ۋاقتىمىزدىن باشلاپلا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەستىن كۆپرەك ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىملىقى ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى. مۇمكىنقەدەر بالىلارنى ئوقۇتۇپ ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ چىقىشنى ئويلايتتى. . . ئەپسۇسكى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. شېڭ شىسەي ۋاقتىدا، ئۇ تۈرمىگە سولىنىپ، بالىلار ۋە ئائىلىمىز سىرتقا سۈرگۈن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ياشلار ئوقۇيالماي قالدى. كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۇ يەنە تۈرمىگە ئېلىنىپ، بالىلار ئۇنىڭغا باغلىنىپ، يېزىلارغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلدى. ئۇلارغا ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بالىلار ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ بىلىم ئاشۇردى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەلۇماتلىقى تۆت نەپەر، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىقى ئىككى نەپەر.

كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپلا دادام بىزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك

روھى ھەققىدە تەربىيە بېرىپ كەلدى. تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى ھەمدە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ، جۇڭگو خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن زۇلمەتلىرىنى، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن بۆلۈۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش سۇيىقەستلىرى ھەققىدىمۇ، شۇنىڭدەك شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى. ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى، ۋەتەننى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراشنى تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب پەزىلىتى بىزگە ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغانىدى.

كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا، ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن تەربىيە مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىپ ۋە بىلىپ كېتىشىمىزمۇ تەس ئىدى. ئەمما يېشىمىز چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن تەربىيىسى ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىرى بىزدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

دادامنىڭ بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنقىلابىي يولداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ تىكلەندى. ئازاد بولۇش ئالدىدا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئاممىسى بىلەن شىنجاڭنى ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن بىرگە كۈرەش قىلغان يىللاردىمۇ، بىزگە ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە داھىي ماۋ جۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيە تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەربىيىلىرى ــ بىزنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىمىزدا يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رول ئوينىدى. بىز نۇرغۇن قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتلاردىمۇ پارتىيىگە ئىشىنىش، ئاممىغا ئىشىنىش ئىرادىمىزدىن تەۋرەنمىدۇق. مەن دادامنىڭ بۇ جە-

ھەتتىكى تەربىيىسىنى ئەسلىگىنىمدە، دادىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن تەربىيىسىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ۋە ئۇنىڭغا تۈگىمەس تەشەككۇر ئېيتىمەن.

خىزمەت جەريانىدا ئۇ ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولالىدى. شۇڭلاشقا ئاممىمۇ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتالايتتى. ئۇنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى ئۆيدە ياكى ئىشخانىسىدا بولسۇن قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشۇپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋاللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرەتتى. ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋاللارنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلاتتى. بەزىدە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى ياكى تاماق يېيىش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن، دېگۈچىلەرنىمۇ قوبۇل قىلاتتى. ئۇ ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا، ئۇنىڭ مىللىتى ۋە ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، ئەمىلىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىغا قارىماستىن، دوستانە ۋە مۇلايىم مۇناسىۋەتتە بولاتتى. ئۇنىڭ مۇنداق كىچىك پېئىل ۋە كەمتەرلىكى ئاممىا ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بەزىلەر «مەسىلە ھەل بولمىسىمۇ، ئەپەندىمدىن رازى بولۇپ چىقىشتۇق» دېيىشەتتى.

دادام بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى، مەيلى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان ۋاقىتلاردا بولمىسۇن، ياكى سىياسىي، ئىجتىمائىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان چاغلىرىدا بولمىسۇن، ئۇ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ناچارلىشىپ قالغانلىقى بىلەن كارى بولماستىن، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى بوشاشماي داۋاملاشتۇردى. ئۇ «ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، روسچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى» نى يېزىپ چىقتى، دراما «يالقۇنتاغ ئاستىدا غىزەپلىك سادا»

نى ئىجاد قىلدى، «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» ناملىق
ئىلمىي ماقالىسى بىلەن «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ناملىق ئەسلى-
مىسى قاتارلىقلارنىمۇ يېزىپ چىقتى. ئۇ تارىخىي ماتېرىياللىزم-
لىق نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزىگە قورال قىلىپ، تارىختا مۇناسىۋەت-
لىك ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ چىقتى. يېزىلىپ بولغان
ماقالىلىرىغا قارىتا پەرزەنتلىرى ۋە كەسىپداشلىرىنىڭ پىك-
رىنى ئالاتتى. بىز ماقالىدىكى بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا
ئۆزىمىزنىڭ كۆزقارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ مۇۋا-
پىق دەپ قارىغانلىرىنى قوبۇل قىلاتتى.
دادامنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كۈندىلىك خاتىرە يازاتتى.
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئۇنىڭ كۆپلىگەن خاتىرە دەپ-
تەرلىرى ئۆيدە باشقا نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇسادىرە قىلى-
نىپ يوقاپ كەتتى. ئۇ بۇ خاتىرىلىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە
ناھايىتى ئېچىناتتى. ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكى خاتىرىلىرى
ھازىرغىچە ساقلانماقتا. دادامنىڭ يەنە يازماقچى بولۇۋاتقان نۇر-
غۇن نەرسىلىرى بار ئىدى. ئويلىغانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرال-
مىدى. ئۇنى يېزىشقا ئۈلگۈرمەيلا بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇ بىزگە بەزىبىر قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى
قالدۇرۇپ كەتتى.
دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇنىڭ
پۇتكۈل ھاياتىغا: «يولداش بۇرھان شەھىدى — سادىق كوممۇ-
نىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، ئاتاغلىق جامائەت ئەرباپى،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق ۋەكىلى» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا
بەردى. بۇ دادامغا بېرىلگەن ئالىي شان ـ شەرەپ بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. بۇنىڭغا مەن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ۋە چىن يۈرىكىم-
دىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.
دادامنىڭ قەدىناس دوستى، ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇئاۋىن رە-
ئىس يولداش ۋاڭ جېن «بۇرھان شەھىدىنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەن-

گە، خەلققە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ» دەپ بېغىشلىما يازدى. بىز ئۇنىڭغىمۇ چىك قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. دادامنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلققە جاۋاب قايتۇرىمەن.

دادا! خاتىرجەم بول! سېنىڭ روھىڭنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىمەن.

جاۋابكار مۇھەررىر: دىلدار ئەزىز

# بۇرهان ئەپەندىنىڭ مورى خەلقىگە قىلىپ بەرگەن بىرنەچچە ئىشلىرى

## ئابلىمىت قۇربان

مەن بۇرهان شەھىدىنىڭ سابىق ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەل-لىمىن مەكتىپىگە مۇۋەققەت مۇدىر بولغان چاغلىرىدىكى ئوقۇ-غۇچىسى ئىدىم. جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇن يىل رادىئو ـ ئاخباراتچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندىم؛ كېيىنچە مورى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قى-لىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. مەرھۇمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مورى خەلقىگە سىڭدۇرگەن ئەجىرلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇ-رۇپ، نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئەسلە-مىنى يېزىپ چىقتىم.

### 30 ـ يىللاردا بۇرهان شەھىدىنىڭ موريدا سودا بازىرى قۇرۇشى

1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سودا ـ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەخسلەر-نىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ، كىشىلەر كۆڭلىنى تىنجىتىش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش-تىن ئىبارەت بىر يۈرۈش سىياسەتنى يولغا قويدى. مورى بىلەن باركۆلنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئوخشاش بولۇپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن قوشنا بولغاچقا، بۇ ئىككى ناھىيىدىكى چارۋىچىلار-

نىڭ بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇشى قويۇق ئىدى. مۇبادا بۇ ئىككى ناھىيىدىكى قازاق چارۋىچىلار گەنسۇ تەرەپكە بىراق كۆ-چۈپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، شەرقىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە ئېغىر دەخلى يېتەتتى. بۇنىڭدىن شېڭ شىسەي خاتىر-جەم بولالمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇرھان شەھىدى شېڭ شىسەيگە: «بىرنەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش يۈز بېرىپ، سودىگەرلەر چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بارال-مىدى، مورى ۋە باركۆل ناھىيىلىرىدىكى چارۋىچىلار ئېھتىياج-لىق بۇيۇملار ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى سىرتقا سېتىلماي، تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. شۇڭا، ‹يۈيشىن› يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا سودا ئەت-رىتى ئەۋەتسە، ئۇلار بىر تەرەپتىن قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئېھتى-ياجىنى قاندۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسەتنى تەشۋىق قى-لىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرسا» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ شېڭ شىسەينىڭ دىتىغا يېقىپ، بۇ ئىشنى بۇرھان شەھى-دىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىدۇ.

بۇرھان شەھىدى 1935 ـ يىلى شىنجاڭ «يۈيشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سۈپىتىدە مورى ناھى-يىسىگە ئۈچ قېتىم كەلدى. دەسلەپ 8 ـ ئاي ئىچىدە كېلىپ، پەقەت بىر كۈنلا تۇردى. ئۇ، موريدا مىللىي سودا بازىرىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقلىرىنى ئىشلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن موريدىن گۇ-چۇڭ ناھىيىسىگە بېرىپ، ناھىيە ھاكىمى ۋاڭ باۋچيەنگە گۇچۇڭ-دىكى سودىگەرلەرنى موريدىكى سودا بازىرىغا بېرىپ تىجارەت قىلغاچ، موريدا ئېچىلىدىغان سودا بازىرىنىڭ داغدۇغىلىق بولۇ-شىغا كۈچ چىقىرىشقا تەشكىللەشنى تاپشۇردى.

ئىككىنچى قېتىم ئۆلكىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيى-تىنىڭ مۇدىرى جۇ خەيدۇڭ، قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى

سىيىتقازى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرگە 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ
كۈنى كەلدى. بۇ قېتىم ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ جاپا تارتقان
بولسىمۇ، چارچىغىنىغا قارىماي چۈشتىن بۇرۇن سودا بازىرى
قىلىنىدىغان ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردى؛ چۈشتىن كېيىن
جىددىي يىغىن ئېچىپ، مورى ناھىيىسىنىڭ تەييارلىق خىزمەت-
لىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مورى ناھىيىسىدە
ئېچىلىدىغان سودا بازىرىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ
تەركىبىدىكى توققۇز كىشى بىلەن تونۇشتى. ئاندىن ئۇلارنى تەس-
تىقلاپ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى: ھاكىم ياڭ ۋېنخۇەن گۇرۇپپا باش-
لىقىغا تەيىنلىنىپ، ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى؛ مۇئاۋىن
ھاكىم نىياز مەتسايىت مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلە-
نىپ، ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ ساقچى ئىدارىسى-
نىڭ باشلىقى تۇرسۇن خېلىلوپ بىلەن موردا تۇرۇشلۇق قوشۇن-
نىڭ باشلىقى جاۋ لىيەنجاڭ يىغىن مەيدانى، سودا بازىرى ۋە
ناھىيە بازىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولدى؛ سودا ـ
سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىن ئورنى ۋە ئو-
يۇن قويىدىغان سەھنىنى تەييارلاش، سودىگەرلەرنى تەشكىللەپ
سودا بازىرىدا تىجارەت قىلىشقا قاتناشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل
بولدى؛ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى سەپەرۋەر
قىلىپ سودا بازىرىغا قاتناشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. بۇرھان
شەھىدى بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇپ، يەنە نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى
تاپشۇرۇپ، شۇ كۈنى كەچتە گۇچۇڭ ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى.
بۇرھان شەھىدى گۇچۇڭ ناھىيىسىدىمۇ خىزمەتلەرنى كۆز-
دىن كەچۈرۈپ، مورى ناھىيىسىدىكى سودا بازىرىغا سودىگەرلەرنى
تەشكىللەپ مال تەييارلاش، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ھەل قىلىش
ئىشلىرىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. ئۇ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ بار-
غاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مورى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىلى-
رىدە قىلىنغان ئىشلاردىن دوكلات بېرىپ، شىڭ شىسەي قاتارلىق

ئۆلكە مەسئۇللىرىنى خاتىرجەم قىلدى؛ ئاندىن مورى ناھىيىسىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان مال مەنبەلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇردى.
مورى ناھىيىسىدىكى سودا بازىرى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېچىلاتتى. بۇرھان شەھىدى پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا مورى ناھىيىسىگە 3 ـ قېتىم كەلدى. ئۇ، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىلا ئۈرۈمچىدىن سەككىز چوڭ ئاپتوموبىلغا يۈك باستۇرۇپ يولغا چىقىپ، 17 ـ كۈنى مورىغا يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىم جۇ خەيدۇڭ، ئازباي، تۆمۈر غالى قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۈرۈمچىدىكى «گۇاڭمىڭ» چاڭچىلە ئۆمىكىنى بىللە ئېلىپ كەلدى. گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋچ-يەنمۇ ئۆز ناھىيىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سودىگەرلەر ۋە ماللارنى ئېلىپ بۇرھان شەھىدىلەر بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇلار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مورىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئىككى كۈن داۋاملاشقانىدى. بۇرھان شەھىدى: «بۇ يامغۇر ياخشى ياغ-دى. بىرىنچىدىن، توپا ـ چاڭلار بېسىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوت ـ چۆپلەر ياخشى كۆكلەيدۇ، چارۋا ماللار ئۈچۈن پايدىلىق» دېدى ۋە يامغۇرنىڭ توختىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى.
سودا بازىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. مورى تارىخىدا 400 دىن ئارتۇق ئادەم قات-ناشقان مۇنداق زور يىغىن ئېچىلىپ باقمىغانىدى؛ شۇنىڭدەك، مۇنداق كۆپ سودا دۇكانلىرى ۋە يايمىچىلارمۇ بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. مورى بازىرىنىڭ ئىلگىرىكى دۇكان ۋە يايمىچىلى-رى 12گە يەتمەيتتى. بۇ قېتىم سودا بازىرى ئۈچۈن ھەرىكەتلەن-دۈرۈلگەن دۇكان ۋە يايمىچىلار 40تىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن سودا بازىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئىگىلىدى. سودا بازىرىدىكى تاۋار ماللارنىڭ تۈرى 400 خىلدىن ئاشتى. بۇ ماللارنىڭ بىر قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن، كۆپ قىسمى ئۈرۈمچىنىڭ

يەرلىك ماللىرى بولۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇردى. مورى بازىرىدىكى دۇكان ۋە يايمىچىلارنىڭ ماللىرى ئىلگىرى چاي - تۇز، چەكمەن - ماتا، يەل - يېمىش قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنەتتى. مورى خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. سودا بازىرى ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە، بۇرھان شەھىدى ھەر كۈنى دۇكان ۋە يايمىچىلارنى ئارىلاپ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇردى. چارۋىچىلاردىن داۋاملىق پىكىر ئېلىپ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇردى. شۇڭا، نەق پۇلى يوق چارۋىچىلار تىرىك مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىگە كېرەكلىك ماللارغا ئالماشتۇردى. بۇرھان شەھىدى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بۇ قېتىمقى سودا بازىرىدا چارۋىچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ مال ئالماشتۇرۇشىغا باج جەھەتتىن كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشنى قاتتىق جېكىلىدى. بۇ سودا بازىرى بىر ھەپتە داۋاملاشتى. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كىشىلەر كۆڭلىنى تىنجىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. شۇڭا، بۇرھان شەھىدىنىڭ مورى خەلقىگە سىڭدۈرگەن بۇ ئەجرى مورى خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

## دېھقانلارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرىشىنى قوللىدى

1945 - يىلى گومىنداڭنىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق 46 - دىۋىزىيىسىنىڭ كاتىپى ۋاڭ ۋېنچىڭ مورى ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، دېھقانلارغا سېلىنىدىغان ئاشلىق بېجى ۋە ھەر خىل ئالۋان - ياساقلار ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتتى، پارا ئېلىشمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 1948 - يىلىغا

كەلگەندە، ۋاڭ ۋېنچىڭنىڭ دېھقانلاردىن زورلۇق بىلەن سېتىۋا-
لىدىغان ئاشلىقنىڭ سانى 5000 دادەندىن (بىر دادەن 10 كۈرە،
بىر كۈرە 40 جىڭ ھېسابلىناتتى) ئېشىپ كەتتى. بۇ ئاشلىقنىڭ
300 دادىنىنى ئۇنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ئاق ھاراق ئىشلەي-
دىغان قېيناتىسى، 500 دادىنىنى گۇچۇڭ ھەربىي پونكىتىنىڭ
باشلىقى بولۇپ تۇرغان ئاغىنىسى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى،
ھەتتا بۇ ئاشلىقلارنى ئەرزان باھادە سېتىۋالغان تۇرۇقلۇقمۇ،
دېھقانلارنىڭ قولىغا نەق پۇل بەرمەي، ئاشلىقنىڭ پۇلىنى «ئۇ
پۇلى، بۇ پۇلى» دەپ تۇتۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىچارە دېھقان-
لارنىڭ قولىغا پۇل تېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى يەنە بىرمۇنچە
قەرز ئارتىلىپ قالدى؛ بۇنداق ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ كاسا-
پىتىدىن دېھقانلارنىڭ كۈنى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا قېلىپ،
ئۇلار يا بالا - چاقىلىرىنى سېتىش، يا يۇرتىنى تاشلاپ سەرگەر-
دان بولۇپ چىقىپ كېتىش، يا بولمىسا ئۆلۈۋېلىشتەك ئۈچ يول-
نىڭ بىرىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇنداق زۇلۇمغا چىداپ تۇرالمىغان دېھقانلار ئاخىر
1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پارتلاپ چىقتى، 3000دىن
ئارتۇق كىشى ۋاڭ ۋېنچىڭغا قارشى قوزغىلىپ، ناھىيە بازىرىنى
قورشىۋالدى. ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ناھىيىلىك پوچتا -
تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى گۇچۇڭدىكى 46 - دىۋىزى-
يىدىن ۋاڭ ۋېنچىڭغا كەلگەن بىر مەخپىي تېلېگراممىنىڭ تولۇق
تېكىستىنى كۆچۈرۈۋېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان دېھقانلارغا
يەتكۈزۈپ بەردى. تېلېگراممىدا گۇچۇڭدىن مورىغا زور قوراللىق
قوشۇن بارىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ
باشلىقلىرى كەچتە مۇزاكىرىلىشىپ، «بىزدە قورال بولمىغاندىن
كېيىن ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز، بىز چېكىنىپ كۈچىمىزنى
ساقلاپ قالايلى. لېكىن، بىكار ياتماي ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋە-
تىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىگە ۋاڭ

ۋېنچىلىك ئۇستىدىن ئەرىز بېرەيلى» دېگەن قارارغا كەلدى ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلدى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرىدىن جىيا چېڭخۇ، جاڭ پېيشياۋ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن بۇرۇن، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ ئۆيىدگە بېرىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالدى (تۇرسۇن خېلىلوپ شېڭ شىسەي ۋاقتىدا مورى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، شېڭ شىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەندە ئۇنى 1 ـ قاتاردا قولغا ئالغانىدى. ئۇ تۈرمىدە بەش يىل يېتىپ چىققاندىن كېيىن، دېھقانلار تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا قويغان) . تۇرسۇن خېلىلوپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئاستىرتتىن قوللاپ، دېھقانلارغا نۇرغۇن مۇھىم ئەھۋاللارنى يەتكۈزدى ۋە ئىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بۇ قېتىم جىيا چېڭخۇ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەرىز قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بۇرھان شەھىدىگە ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ بەردى ۋە بۇ ئۈچ نەپەر خەنزۇ ۋەكىلگە ئادالەتپەرۋەر يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ھەمدۇل دايى، قادىر جىيسا دېگەن ئىككى ئۇيغۇر كىشىنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغدىشىنى، گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىلەرگە بارغاندا مېھمانخانىلارغا چۈشمەسلىكىنى قاتتىق تاپىلىدى. بۇ بەش كىشى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇدۇل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىرگەن ئىكەن، بىر خەنزۇ كاتىپ ئۇلارنىڭ ۋاڭ ۋېنچىلىك ئۈستىدىن ئەرىز قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، «شىنجاڭ بويىچە پەقەت ئىككىلا قالتىس ھاكىم بار. شۇنىڭ بىرى سىلەرنىڭ مورىدىكى ۋاڭ ۋېنچىلىك. ھەجەپ سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرىز بەرمەكچى بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟ يۈرىكىڭلار قاپتەك بار ئىكەن» دەپتۇ ۋە ئۇلارنى بۇرھان شەھىدى بىلەن زادى كۆرۈشتۈرمەپتۇ. لېكىن ھەمدۇل ئاكا بىلەن قادىر ئاكا بۇرۇن بۇرھان شەھىدىنى كۆرگەن ۋە مورىدا بىرقانچە كۈن

بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇرھان شەھىدى بىلەن ياخشى تونۇشاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كەچكىچە ساقلاپ تۇرۇپ، بۇرھان شەھىدى ئىشتىن چۈشۈپ مېڭىشىغا، پىكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالغان. بۇرھان شەھىدى بۇنىڭغا رەنجىمەي دەرھال پىكاپتىن چۈشۈپ، ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تۇرسۇن خېلىلوپ يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆتۈرۈپ، «ئۇنداق بولسا، ھەممىلىرى ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىشسىلا، ئۆيدە سۆزلىشەيلى» دېگەن ۋە ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرگەن.

ئەتىسى ئۇلار بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۆيدە ئادەم كۆپ ئىكەن. ئۇ يەردە سۆزلىشىش ئەپسىز بولغاچقا، بۇرھان ئەپەندى يانچۇقىدىن تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ خېتىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا: «ئاخشام بۇ خەتنى يەنە بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ ئەھۋالىنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئەمما بۈگۈن سىلەر بىلەن مۇڭدىشالمايدىغان بولدۇم، ئەتە چۈشتىن كېيىن ئىشخانامغا بېرىڭلار» دېگەن ۋە ئۇلارنى بىر ۋاقلىق تاماق بىلەن كۈتۈپ ئۇزىتىپ قويغان. ئۇنىڭ ئەتىسى ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايلا، ئۇدۇل بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن. بۇرھان شەھىدى ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن: شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ، مورىغا بەش كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى، گۇرۇپپىنىڭ ئەتىلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بۇنىڭدىن ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشقان.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مورىغا قايتىپ كەلدى. ۋاڭ ۋېنچىڭ بۇ ئىشتىن بىر ئاز چۆچۈگەن بولسىمۇ كېرەك، 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دېھقانلار ۋەكىللىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى

بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشمىشتە، دېھقانلار ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا
قويغان: (1) كىشى بېشىغا زورلاپ تاڭغان ئاشلىق تاپشۇرۇش
سېلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن؛ (2) ۋاڭ ۋېنچىڭ مورى ناھە-
يىسىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىلسۇن؛ (3) تۈرمىگە تاشلانغان كىشى-
لەر قويۇپ بېرىلسۇن؛ (4) بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار قالايمى-
قان تۈرمىگە تاشلانمىسۇن؛ (5) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرىز
قىلغىلى بارغان كىشىلەرنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ۋاڭ ۋېنچىڭ
ئۈستىگە ئالسۇن، دېگەن بەش شەرتنىڭ ئالدىنقى تۆتىگە ماقۇل
بولۇپ قول قويىدى. لېكىن 5 ـ شەرتكە يېقىن كەلمىدى. بۇ
ئىش كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ قايتىدىن كېڭىشىپ ھەل قىلىشىغا
قالدۇرۇلۇپ، ماقۇل بولغان مەسىلىلەرگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ چوڭ تامغىسى بېسىلدى. بۇ كېڭەشمىش گويا بىر بىتىم
بولدى ۋە بۇ بىتىم راستىنلا ئەمەلگە ئېشىپ، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا
ۋاڭ ۋېنچىڭ مورى ناھىيىسىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭدىن
دېھقانلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىنجىپ،
ۋەزىيەت مۇقىملاشتى، ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مو-
رىدىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد
قىلىنىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈ-
تۈۋېلىشتى.

## 1500 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىنى ئەمىن تاپقۇزدى

1949 ـ يىلى كۈزدە، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لەنجۇدىن شىن-
جاڭغا كېلىۋاتقانلىقى مورىغا ئاڭلانغاندا، ئوسمان جانىمقان بىلەن
بىرلىشىپ، مورىدىكى قازاق چارۋىچىلارنى چەت ئەلگە ئېلىپ
چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئىنقىلابىي تەشۋىقاتمۇ، ئەك-
سىلئىنقىلابىي تەشۋىقاتمۇ تەڭ تارقىلىپ تۇرغانلىقتىن، چارۋى-

چىلار زادى قايسى يولغا مېڭىش زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق بىلمەي تۇراتتى. بۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش ئۈچۈن قازاق چارۋىچىلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاۋۇل ئاقساقاللىرىدىن بىرقانچە كىشى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. تۇرسۇن خېلىلوپ ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە خوش بولۇپ، شۇ ئاخشىمىلا (1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) ئۆز ئۆيىدە ئۇلار بىلەن مەخپىي يىغىن ئاچتى. يىغىنغا ناھىيىدىكى ئىشەنچلىك زىيالىيلار ۋە ئىلغار كىشىلەرنىمۇ چاقىرتىپ، بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتى. يىغىنغا قاتـناشقان ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن تۆۋەندىكى كىشىلەر بار ئىدى:

ئەسەن ئىبىرسقان (چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاـكىمى)، ئەبدى بەلدەۋباي (قارىقاش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى، ئاـزادلىقتىن كېيىن چوقپارتاش يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ۋاپات بولۇپ كەتتى)، رۇستەم سىدىق (سارباش قەبىلىسىدىن، شاڭيۇ بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ئەبەجان جۇماـدىل (بوجاڭ بولغان. ئۆزبېك. ۋاپات بولۇپ كەتتى)، زەكەرىيا نۇغمان (دانەنگو مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، تاتار، ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپى بولغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ۋاپات بولۇپ كەتتى)، قالىيدۇللا مۇـقامباي (ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاـزادلىقتىن كېيىن ناھىيىدە ئۇزۇن يىل تەرجىمان بولغان. ۋاپات بولۇپ كەتتى)، تەمەن ئايدارقان (زىيالىي. ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ھازىر پېنسىيىگە چىققان).

يىغىننىڭ مەزمۇنى: ئوسمان بىلەن جانىمقان مورى ۋە چىڭـگىل ناھىيىلىرىدىكى قازاقلارنى ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ كەتمەكچى. ئۇلارغا ئەگىشەيلى دېسەك، ئۆز

ماكانىمىزدىن ئايرىلغىمىز كەلمەيدۇ؛ ئەگەشمەيلى دېسەك، ئۇلارنىڭ بېسىمى بەك ئېغىر. زادى قانداق قىلىمىز؟ كومپارتىيەنىڭ كېلىشىنى كۈتىمىزمۇ؟ كومپارتىيە بىزنى قوغدارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەسىلىدە كۆپچىلىك بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىر بۇرھان شەھىدىگە خەت يېزىپ يوليورۇق سورىماقچى بولدى. خەتنى زەكەرىيا كېلىشتۈرۈپ يازدى. ئۇنىڭغا سەككىز كىشىنىڭ ھەممىسى قول قويدى. ئۈرۈمچىگە ئەسەن ھاكىمنىڭ چاپارمىنى قۇۋانقان بىلەن تەمەن بىرلىكتە ئاتلىق بارماقچى بولدى. بۇ ئىككەيلەن ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ، ئاتلارنى ئوبدان تەييارلاپ، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يولغا چىقتى. خەت تەمەننىڭ ئىچكى چاپىنىنىڭ ئەستىرى ئىچىگە تىكىپ بېرىلدى. ئۇلار چوڭ يولچىلاپ ماڭماي، تاغ ياقىلاپ مېڭىپ، 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە بارغاندا دەرۋازىدىكى پوستلار ئۇلارنى ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ مەھكىمە ئىچىگە كىرگۈزمىگەن. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا ئىلاجسىز ئۇزۇنغىچە تۇرغان. بىر ھازادىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قازاق كاتىپى سىرتقا چىققانىكەن، تەمەن ئۇنى تونىغاچقا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ تەمەننى باشلاپ كىرىپ بۇرھان شەھىدى بىلەن كۆرۈشتۈرگەن.

بۇرھان شەھىدى تەمەننى ياخشى تونۇيدىكەن. ئۇ تەمەننى كۆرۈپلا: «ھە، قازىنقىم. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ تۇرسۇن خېلىلوپ، ئەسەن، ئەبدىلەر بارمۇ؟» دەپ سورىغان. تەمەن: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى بار، تىنچلىق. شۇ كىشىلەر مېنى سىزگە ئەۋەتتى» دەپ چاپىنىنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈپ، خەتنى بۇرھان شەھىدىگە سۇنغان. بۇرھان شەھىدى خەتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «ياخشى بوپتۇ، تاۋ سىيۆ بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمىز، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىز بىرلىككە كېلىپ جاۋاب بېرىپ، سىلەرنى يولغا

سېلىپ قويىمىز» دېگەن. ئاردىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بۇرھان شەھىدى ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ، مەخسۇس قوبۇل قىلغان ۋە ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان جاۋاب خەتنى بېرىپ مورىغا تېز يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان. بۇ خەت تۇرسۇن خېلىلوپ، ئەسەن، ئەبرى ۋە رۇستەملەرنىڭ نامىغا يېزىلغان بولۇپ، خەتتە: «خېپتىڭلار دەل ۋاقتىدا يېزىلىپتۇ، سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارغا قوشۇلىمىز. ئوسمان، جانىمقانلارغا ئەگەشمەڭلار، ئۇلارغا ئەگەشمەكچى بولغان چارۋىچىلارنىمۇ ئېلىپ قېلىڭلار. خەۋىرىڭلارنى كۈتىمىز. ئەگەر سىلەر چارۋىچىلارنى ئۇلارغا ئەگەشتۈرمەي ئېلىپ قالالىساڭلار، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سىلەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئازادلىق ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرىمىز. ئۇ چاغدا يۈزۈڭلارمۇ يورۇق بولىدۇ»، دېيىلگەن. بۇرھان شەھىدى خەتنى بېرىۋېتىپ: «ئۇلار قورقمىسۇن» دەپ تاپىلىغان. تەمەن بىلەن قوۋانقان مورىغا شۇنداق تېز قايتتىكى، خەتنى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ قولىغا ساق - سالامەت تاپشۇردى.

تۇرسۇن خېلىلوپ چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتلىنىپ، ھەممە ئاۋۇل ئاقساقاللىرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىغا خەتنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق يەتكۈزدى. ئاندىن ئۇلار باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ، مۇنداق پىكىرگە كېلىشتى: ئەگەر چارۋىچىلارنى ئوسمانغا ئەگەشتۈرمەي، ئاشكارا ئېلىپ قالىمىز دېسەك، ئىككى ئوتتۇرىدا زور توقۇنۇش يۈز بېرىپ كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللار بولۇپ قالسا، چارۋىچىلار پاراكەندىچىلىك ھەم زور زىيانغا ئۇچرايدۇ، چارۋىچىلارنى ئوسمانغا ئەگەشتۈرمەي ھەم زىيانغا ئۇچراتماي قوغداپ قېلىش، ئوسمان ۋە جانىمقانلارنىڭ چىشىغىمۇ تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا: ئەگەر چارۋىچىلار سىلەرگە ئەگەشسە ئېلىپ كېتىڭلار، دەيلى. چارۋىچىلار كۆرۈنۈشتە ئوسمانغا ئەگەشكەن بولۇپ ھەممىسى ماڭسۇن، ئەمما يولدا تۈركۈملەپ چۈشۈپ قې-

لىپ قايتىپ كەلسۇن. مۇشۇنداق قىلساق، ئىككى ئوتتۇرىدا ھېچقانداق ۋەقە تۇغۇلمايدۇ. مۇشۇنداق قىلىشقا ھەربىر قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاۋۇل ئاقساقاللىرى مەسئۇل بولسۇن.

مەسلىھەتتىن كېيىن ھەممە باشلىق ۋە ئاقساقاللار ئۆز قەبىلە ئاۋۇللىرىغا بېرىپ چارۋىچىلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاش توغرىسىدا قەسەم قىلىشتى. ئاندىن ھەممە ئاۋۇل مېڭىش تەييارلىقنى كۆردى. ئوسمان 1500 ئۆيلۈك چارۋىچىنىڭ ئۆزىگە «ئەگەشمەكچى» بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، مورى ناھىيىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مورىدىن بۇرۇنراق ئاتلىنىپ، قوشۇن تارتىپ ماڭدى. 1500 ئۆيلۈك چارۋىچى يول ئۈستىدە تاغلىق رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تىك داۋان ۋە ئۆزۈن سايلارغا بارغاندا ئاۋۇللار بويىچە سەپتىن چۇشۇپ قېلىپ، ھەممىسى ئۆز ماكانلىرىغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇرھان شەھىدى بىلەن تاۋ سىيۇ دەرھال تۇرسۇن خېلىلوپ، زەكەرىيا، ئەسەنلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى 15 ـ ئۆكتەبىر كۇنىگىچە ئۇرۇمچىگە يېتىپ بېرىشقا چاقىرتتى. بۇ ئۈچ كىشى ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغاندا، بۇرھان شەھىدى بىلەن تاۋ سىيۇ ئۇلارنى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرغان. ئازادلىق ئارمىيە رەھبەرلىرى ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، مورى چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشى ئۈچۈن 20 تال مىلتىق مۇكاپات بەرگەن؛ تۇرسۇن خېلىلوپ بىلەن ئەسەنگە بىردىن ئالتۇن مېدال تاقاپ، بىردىن ئالتۇن قەلەم، زەكەرىياغا بىر ئالتۇن قەلەم مۇكاپات بەرگەن. ئۇلار ئۇرۇمچىدە بىر ھەپتە تۇرۇپ نۇرغۇن ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتىپ كەتكەن.

دېمەك، بۇرھان شەھىدىنىڭ يوليورۇقى بىلەن مورى چارۋى-

چىلىرى توغرا يولنى تاللاپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان زور زىيانلاردىن ساقلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشتى.

## مورىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى

1955 ـ يىلى ئەتىيازدا قارلار ئېرىپ، يوللار پاتقاقچىلىق بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى مورى ناھىيىسىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مورى ناھىيىسىنىڭ قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سەككىز ئايلىق خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ ھەمراھلىقىدا پاتقاقچىلىققا قارىماي، ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممە كوچا ۋە مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. ئەتىسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەجلىسخانىسىدا ناھىيىلىك ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيىدە بار 100دىن ئۇشۇقراق ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ھەممىسى قاتناشتى.

بۇرھان شەھىدى يىغىندا مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، بىز دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ۋەزىپىلىرىنى مەسىلەن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش، ‹3 ۋە 5كە› قارشى تۇرۇش، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، باندىتلارنى تازىلاش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداپ، ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قازاندۇق. ھازىر ئېلىمىزدە 1 ـ بەشيىللىق خەلق ئىگىلىـ

كى پىلانى باشلاندى. بۇ دەۋردە پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ئومۇمىيۇزلۇك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتى-نىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇردۇ. سىلەرنىڭ قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرىڭلار 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قۇرۇلغاندى، بۇ يىل شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدۇ.

ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «چۈنكى، شىنجاڭدا 13 مىللەت، 8 مىليون ئاھالە بولۇپ، 13 مىللەت ئىچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ پارلاق ۋە ئۇلۇغ مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز؛ شۇنداقلا چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ ھەربىر ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ، ھەر-بىر كىشىنى تولۇق خەۋەردار قىلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ ئورۇنلاشقان يەرلەردە، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە، ئاپتونوم يېزىلار قۇرۇلدۇ؛ بۇ مىللىي رايونلاردا شۇنىڭغا ماس ھالدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدۇ. پارتىيە بىزگە تاپشۇرغان بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىككى يىل ئىچىدە ئورۇنداپ بولۇشىمىز زۆرۈر. بىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلى-شىپ، گۈللەنگەن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم».

رەئىس بۇرھان شەھىدى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ناھى-يىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى لى يۈگىلىندىن: «بۇ مەجلىسخاناڭلار بەك كىچىك ئىكەن. مۇشۇنچىلىك كۆپ كىشى-نىڭ قىستىلىپ ئولتۇرۇشى ئوڭاي ئەمەس، ئازاد بولغىلى بىرقانچە يىل بولدى، تېخىچە چوڭراق بىر زال سالماپسى-

لەر ـ ھە؟» دەپ سورىغانىدى. كاتىپ ئۇيالغاندەك بولۇپ: «بىز بىرقانچە يىلدىن بۇيان مەركىزىي خىزمەتلەر بىلەن بولدۇق، ئىككىنچىدىن، بۇنىڭغا راسخوتىمىز يېتىشمىدى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن يىغىلغان ئازغىنە باج كىرىمىمىزنى مائارىپ ئىشلىرىغا يەتكۈزەلمەيۋاتىمىز. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاددى ـ ساددا بولۇپ كېلىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. بۇرھان شەھىدى ئاندىن مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسۇن خېلىلوپتىن: «ناھىيە بازىرىڭلارنىڭ شەرقىدىكى كۆل ئىچىدە سەيلە راۋىقى بار ئىكەن، ئۇنى قاچان سالدۇرغان؟» دەپ سورىدى. تۇرسۇن خېلىلوپ: «ئۇنى كونا جەمئىيەتتە سالدۇرغان. ئۇنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن بۇرھان شەھىدى: «ياخشىغۇ، گومىنداڭ ۋاقتىدا ئاشۇ راۋاقنى سالدۇرغان ئىكەنسىلەر، ئازادلىقتىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى رېمونت قىلدۇرۇپ بېزەپ، كادىرلار بىلەن خەلق ئامىسىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىدا سەيلە قىلىدىغان يېرىگە ئايلاندۇرمىدىڭلار؟» دەپ سورىۋىدى، تۇرسۇن خېلىلوپ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ: «بايا كاتىپمۇ ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى سىلىگە تونۇشتۇردى. ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز شۇنداق بولغاچقا، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كۆندىلىك خىزمەت تەرتىپىگە كىرگۈزەلمەي كېلىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. بۇرھان شەھىدى ئاخىردا: «مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن مالىيە نازارىتىگە ئېيتاي، ئۇلار ناھىيىڭلارغا 10 مىڭ يۈەن (10 مىڭ يۈەن شۇ چاغدا ئاز پۇل ئەمەس ئىدى) قۇرۇلۇش راسخوتى ئەۋەتسۇن. لېكىن، بۇ پۇلنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىڭلار» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان يىغىن قاتناشچىلىرى (بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر) قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئۆلكە رەئىسىنىڭ مورىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي 10 مىڭ يۈەن مەخسۇس راسخوت يېتىپ

كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن خېلىلوپ باشچىلىقىدا شەھەر قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گۇرۇپپىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بازار ئىچىدىكى كوچىلارنى رەتكە سېلىش، سەيلە راۋىقىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا، يەنە بىر قىسىم ئەزالىرى ناھىيىگە چوڭراق بىر يىغىن زالى سېلىشقا مەسئۇل بولدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ قايتىش ۋاقتىدا «ئاز پۇل بىلەن كۆپرەك ئىش قىلىپ، تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈڭلار» دەپ بەرگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بازىرىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تولۇق سەپەرۋەر قىلىنىپ، كوچىلارنى تۈزلەش، دۆڭلەرنى قېزىپ ئويمانلارنى تىندۇرۇش؛ كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىغا ياغاچ ياقىلىق ئېرىق قېزىپ، قار ئېرىندىلىرى، يامغۇر سۇلىرى ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان قىلىش؛ كوچا يوللىرىغا شېغىل ياتقۇزۇپ، پاتقاقچىلىق بولىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئاتلاندۇرۇلدى. ئۇ چاغدىكى توپا قېزىش قورالى تۆمۈر گۈرجەك، توپا توشۇش قورالى زەمبىل ئىدى. بىر - ئىككى ئاي جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق كوچىلار رەتلەندى، سەيلە راۋىقى رېمونت قىلىندى، ھۆكۈمەت ھويلىسىغا ئالتە ئېغىز ئۆيى بار چوڭ يىغىن زالى سېلىندى. زال ئىچىگە ئۇزۇن يۆلەنچۈكى بار بەش كىشىلىك ئورۇندۇقلار، سەھنىسىگە ئۈستەللەر ياسىتىلدى، ئون ۋولتلىق ئوسلىتىل (ئاۋاز كېڭەيتكۈچ) ۋە ئىككى كاناي ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مورىنىڭ ناھىيە بازىرىغا يېڭى تۇس كىردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭمۇ روھىي - قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى شۇ يىلى «1 - ئۆكتەبىر» بايرىمىنى (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتە يىللىقىنى) ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالدى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئەزىز**

# بۇرھان ئەپەندى ۋە مورىدىكى ۋاقىتلىق بازار

زۇ چۇنشىن

1933 - يىلى شېڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ شىنجاڭ دۇبەنى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە 1935 - يىلى 2 - قېتىملىق ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. قۇرۇلتايدا ئۇ: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق، قۇرۇلۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، شەخسىي مۈلۈكنى قوغداش، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە خىيانەتچىلىكنى يوقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى گەرچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق، گۇمانلىنىدىغانلارمۇ خېلى بار ئىدى. قۇمۇللۇق ئۇيغۇر يولۋاس ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقتى. مورى بىلەن بارىكۆلدىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرى بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشمىدى. ئەگەر بۇ جايدىكى قازاقلار ئىش چىقارسا ياكى گەنسۇغا قېچىپ كەتسە، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىتلەرنى كەلتۈرەتتى. شېڭ شىسەي بۇ ئەھۋاللاردىن ئەنسىرەيتتى ۋە باش قېتىمچىلىق ھېس

قىلاتتى
شۇڭا بۇرھان ئەپەندى شىڭ شىسەيگە: نەچچە يىلدىن بۇيان
بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى نەتىجىسىدە سودىگەر-
لەر چەت چارۋىچىلىق رايونلىرىنى خەتەرلىك جاي، دەپ بارمى-
غاچقا مورى، بارىكۆلدىكى چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت
بۇيۇملىرى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھسۇ-
لاتلىرىنىمۇ سىرتقا ساتالماي قالدى. شۇڭا يۇشىن يەرلىك مەھ-
سۇلات شىركىتى بىر سودا ئەترىتى تەشكىللەپ، تاۋارلارنى مو-
رى، بارىكۆللەرگە ئاپىرىپ، ئالدى بىلەن ئىشنى قازاق چارۋىچى-
لارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتىن باشلىسا ھەمدە
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى سىيا-
سەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شۇ جاينىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاش-
تۇرسا، دېگەن تەكلىپنى بەردى. شىڭ شىسەي بۇرھان ئەپەندى-
نىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە يۇشىن يەرلىك مەھسۇ-
لات شىركىتى مەسئۇللۇقىدىكى ۋاقىتلىق بازار باش ھەيئىتى
قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئارقىدىنلا مورى، بارىكۆللەردە بۇنىڭ
تارماق ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى ھەمدە بۇ خىزمەتكە بۇرھان ئەپەندى
تولۇق ھوقۇق بىلەن مەسئۇل قىلىندى.
1935 - يىلى 8 - ئايدا، بۇرھان شەھىدى بىلەن تۇڭ باۋ
(يۇشىن يەرلىك مەھسۇلات شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتو-
رى) بىرلىكتە، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋچيەنگە
ئالاقە ئەۋەتىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ۋاقىتلىق بازار
ۋە باش ھەيئەت قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى يەتكۈزدى
ھەمدە 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
ئايرىم - ئايرىم ھالدا مورى ۋە بارىكۆلدە ۋاقىتلىق بازار قۇرۇل-
دىغانلىقى، شۇڭا گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللى-
شى لازىملىقى تەلەپ قىلىندى. گۇچۇڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋچيەن
جاۋاب خەت يېزىپ، ۋاقىتلىق بازاردا «تاۋارلار ئوبوروت قىلىنى-

دىغانلىقى ۋە بار - يوق نەرسىلەر ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدى-
غانلىقى» ئۇچۇن، ئۇنى ياخشى بىر ئىش دەپ قارايدىغانلىقىنى
ھەمدە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىڭ شىسەي بارىكۆل، مورى، گۇچۇڭ
قاتارلىق جايلاردىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا كۆپ قېتىم
بىۋاستە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئالتاينىڭ شەرقى ۋە قۇمۇلدىكى
قازاقلارنىڭ ئەھۋالىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسى-
ۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتكە ھەمكارلى-
شىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋاقىتلىق بازار
قۇرۇش خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشى لازىملىقىنى
تەكىتلىدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بۇرھان ئەپەندى ئۆلكىلىك
سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى جۇ خېيدۇڭ، قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ
باشلىقى سىيىتقازى ۋە چوڭ سودىگەر تۆمۈر غالى قاتارلىق كىشى-
لەر بىلەن ئۈرۈمچىدىن ماشىنا بىلەن مورىغا ئەھۋال ئىگىلەشكە
ماڭدى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گۇچۇڭغا يېتىپ باردى. 9 -
ئاينىڭ 7 - كۈنى مورى ناھىيىسىگە يېتىپ باردى.
بۇرھان ئەپەندى گۇچۇڭدىن يولغا چىقىش ئالدىدا، مورىنىڭ
ھاكىمى ياڭ ۋېنخۇەنگە تېلېگراممىا ئەۋەتتى. بۇرھان شەھىدىلەر
گۇچۇڭدىن يولغا چىقىپ كونا گۇچۇڭ، شىجىر، دۇڭچىگكۇدىن
ئۆتۈپ ياۋباگوۋكوغا كەلگەندە (ھازىرقى شىگو تومىسىنىڭ غەر-
بىي قىرغىقى)، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ھاكىم ياڭ ۋېنخۇەن،
مۇئاۋىن ھاكىم نىياز، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ باشلى-
قى جاۋ لىيەنجاڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
تۇرسۇن، ناھىيىلىك قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىق ئىبراھىم
ھەمدە يۈزدىن ئارتۇق ئامما ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ چاۋاك چېلىپ
قارشى ئالدى. بۇرھان شەھىدى قاتارلىق كىشىلەر ماشىنىدىن
چۈشۈپ، قارشى ئېلىشقا چىققان ئەمەلدارلار بىلەن بىر - بىرلەپ
قول ئېلىشتى ھەمدە قارشى ئالغۇچى ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

بۇ يەردە يېرىم سائەت توختىغاندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا پىيادە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە (ھازىرقى مورى ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قارشى تەرىپىدە) بېرىپ، بىر ئاز دەم ئالدى. بۇ چاغدا ياڭ ۋېنخۇەن بۇرھان ئەپەندىدىن تاماق يېسەك بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. بۇرھان ئەپەندى ئالدى بىلەن يەرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. مورى ناھىيە بازىرىنىڭ يەر شەكلى كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، سەي شېن (بايلىق ئىلاھى) بۇتخانىسى ۋاقىتلىق بازار ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى (ھازىرقى شەرق شاملى ماگىزىنىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا).

چۈشلۈك تاماق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىن زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە نان، شورپا يېيىلدى ۋە قېمىز بىلەن قېتىق ئىچىلدى. بۇرھان ئەپەندى تاماق ۋاقتىدا يەنە مورى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ياڭ ۋېنخۇەننى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئاتاقلىق ئەربابلارنى مەجلىسكە يىغىشقا بۇيرۇدى. يىغىندا بۇرھان ئەپەندى كۆپچىلىككە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ۋاقىتلىق بازار قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قارىتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا، مورى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۆلكىلىك سودا جەمئىيىتىدىن توققۇز كىشىلىك مورى ۋاقىتلىق بازار ھەيئىتى قۇرۇش قارار قىلىندى. ياڭ ۋېنخۇەن باش مەسئۇللۇقنى، مۇئاۋىن باش مەسئۇللۇقنى مۇئاۋىن ھاكىم نىياز بىلەن جاۋ ليەنجاڭ ئۈستىگە ئالدى. مورى ناھىيىلىك قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم قازاقلارغا

ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى يىغىشقا مەسئۇل قىلىندى. جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ۋە جاۋ لېيەنجاڭ ۋاقىت-
لىق بازارنىڭ ئامانلىق ئىشلىرى، لوزۇنكا ۋە بايراقلار ئېسىلغان
سودا ئۆيلىرىنى ياساش ۋە بازارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىغا مەس-
ئۇل قىلىندى. مۇئاۋىن ھاكىم نىياز ئارقا سەپ كۆتۈۋېلىش
ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى
ۋېن ۋەنجېن سەھنە ياساشقا مەسئۇل قىلىندى. سودا جەمئىيىتى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋېن چىلياڭ سودا - سانائەتچىلەرنى مال
مەنبەلىرىنى تەشكىللەپ سودىغا قاتناشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان چىقىرىپ ئۇنى
ناھىيە بازىرى ھەم ئاساسلىق كەنتلەرگە چاپلاپ، شەھەر - يېزى-
دىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنى سودا يىغىنىغا قاتنىشىشقا چا-
قىرىق قىلىش قارار قىلىندى. ھەر خىل تەييارلىق خىز-
مەتلىرى پۈتكەندىن كېيىن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن
سائەت 6 ئەتراپىدا، بۇرھان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى
گۇچۇڭغا قايتىپ كەتتى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گۇچۇڭ ناھىيە-
سىدە مورى ناھىيىسىدىكى ۋاقىتلىق سودا بازىرىغا ھەمكار-
لىشىش خىزمەت ھەيئىتى تەشكىللەندى، بۇنىڭغا ھاكىم ۋاڭ
باۋچيەن مەسئۇل بولدى ھەمدە گۇچۇڭدىكى سودىگەرلەرنى
مورىغا بېرىپ ۋاقىتلىق بازار سودىسىغا قاتنىشىشقا قوزغات-
تى. گۇچۇڭ ناھىيىلىك سودا جەمئىيىتى، ھەرقايسى چوڭ
سودىگەرلەردىن بىر سودا ئەترىتى تەشكىللەپ، مورىغا بېرىپ
سودىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇرھان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گۇچۇڭدا ئالتە -
يەتتە كۈن تۇرغاندىن كېيىن 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە
قايتىپ باش ھەيئەتكە مورى ۋاقىتلىق سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش

ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، شىڭ شىسەي ۋە ئۆلكە رەئىسى لى
رۇڭلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.
ئىككىنچى كۈنى بۇرھان ئەپەندى جۇ خەيدۇڭ، غازى باي، تۆمۈر
غالى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق كىشى لىقمۇلىق يۈك بېسىلغان
سەككىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىكى نۇرلۇق تىياتىرىنىڭ تىياتىر گۇ-
رۇپپىسى مورىغا بېرىپ، ۋاقىتلىق سودا بازىرىنىڭ پائالىيىتىگە
قاتنىشىشقا بۇيرۇلدى.
9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سودا كارۋىنى گۇچۇڭدىن
ئۆتتى، سودا كارۋىنى بىلەن تىياتىر گۇرۇپپىسى بىللە
كەلگىنى ئۈچۈن، گۇچۇڭدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى ئۇلار-
نى قويۇپ بەرمىدى، بۇرھان ئەپەندى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى
ھەمدە گۇچۇڭ ناھىيىلىك ۋاقىتلىق بازىرىغا ھەمكار-
لىشىش ھەيئىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى، ھەرقايسى
سودىگەرلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مورىغا ئاپارماقچى
بولغان ماللىرىنى تەكشۈردى. گۇچۇڭدا ئىككى كۈن تۇرۇپ
تىياتىر گۇرۇپپىسىدىكىلەر شەھەر، يېزا خەلقىگە ھال سو-
راش يۈزىسىدىن ئويۇن كۆرسەتتى.
9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، بۇرھان ئەپەندى گۇچۇڭ ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋچيەن بىلەن بىللە سودا كارۋىنى ۋە
تىياتىر گۇرۇپپىسىنى ئېلىپ، چۈشتىن بۇرۇن مورى ناھىيىسى-
گە يېتىپ كەلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇرھان ئەپەندى ۋە
ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇر-
دى. تىياتىر گۇرۇپپىسى مۇئاۋىن ھاكىم نىيازنىڭ ئۆيى ۋە فەن
شيۇجىن قاتارلىق بىرقانچە كىشىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇل-
دى. كەچتە، سودا ئۇيۇشمىسى، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىلەر-
نىڭ ۋەكىللىرى ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان تەنتەنىلىك
كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھاكىم ياڭ ۋېنخۇەن

رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن ھاكىم نىياز قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى، بۇرھان ئەپەندى زىياپەت سۆزى قىلىپ، ۋاقىتلىق سودا بازىرى ئېچىشنىڭ مەقسىتىنى تەكىتلەپ ئۆتتى ھەمدە كۆپچىلىككە شېڭ شىسەي ۋە لى رۇڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. زىياپەت باشلانغاندىن كېيىن بۇرھان ئەپەندى جۇ خەيدۇڭ، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىقلار كۆپچىلىك بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى. مورىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ ئۆلكىدىن كەلگەن مېھمانلارغا ھاراق تۇتتى. زىياپەتتىن كېيىن سىرتتا سىم - سىم يامغۇر ياغقان بولۇپ، 2 - كۈنى ئەتىگەنگىچە توختىماي، كوچىلارنى پاتقاق قىلىۋەتتى. شۇڭا، ياڭ ۋېنخۇەن بىلەن ۋاڭ باۋچيەن بۇرھان ئەپەندىدىن: «يامغۇر توختىماي كوچىلارنى پاتقاق قىلىۋەتتى، شۇڭا ئادەملەرنى يىغىش تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىشىلەرمۇ كېلەلمەيدۇ، شۇڭا يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئاندىن بازارنى ئاچساق» دەپ يوليورۇق سورىدى. بۇرھان ئەپەندى چاقچاق قىلىپ: «توپا - چاڭ چىقمىسۇن دەپ يامغۇر ياخشى يېغىپ بەردىغۇ» ، دېدى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاسمان كۆپكۆك بولۇپ، ئالاھىدە ئوچۇق كۈن بولغانىدى. يىغىن مەيدانى — سەي شىن (بايلىق ئىلاھى) بۇتخانىسى رەڭگارەڭ بېزەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ياپيېشىل ئوتلاقلارغا ئاپئاق كىگىز ئۆي ۋە چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، تۇرخۇندىن چىققان ئىسلار تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەززىلىك پۇراقلار تۆت ئەتراپقا تارىغانىدى. بازارغا ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن پىڭدىڭشەن، بەيياڭخې، بوستان، دۆڭجىڭ، شىجىر ۋە گۇچۇڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دېھقان - چارۋىچىلار تۆت - بەشتىن توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئەھۋال سورىشاتتى ۋە بىر - بىرىنىڭ باي بولۇشىنى تىلىشەتتى. يايمىلارغا كۆزنى چاقنىتىدىغان خىلمۇخىل تاۋارلار تىزىلغان بولۇپ، خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

دۆڭجىك، ياۋباگو ۋە باشقا چوڭ يوللاردا ئات ـ ئېشەك مىنگەن، كالا يېتىلىگەن ۋە پىيادە ماڭغان كىشىلەر توپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇنداق قىزغىن كەيپىيات مورىنىڭ تارىخىدا پەقەت بولۇپ باقمىغان بولۇپ، شەھەر ـ يېزىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن يېڭىلىق ھېس قىلىشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 يېرىم ئەتراپىدا، بۇرھان ئەپەندى، جۇ خەيدۇڭ، غازى باي، تۆمۈر غالى، ئابدۇغالى، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىق كىشىلەر مورى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ياڭ ۋېنخۇەن، مۇئاۋىن ھاكىمى نىياز، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ھەمدە سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋىن ۋەنجېن، مۇئاۋىن باشلىقى ۋىن چىلياڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، ۋاقىتلىق ياسالغان سەھنىدىن ئورۇن ئالدى. يىغىنغا 300دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ياڭ ۋېنخۇەن مورى ۋاقىتلىق بازىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. پوجاڭزىلار ئېتىلىپ، خۇشاللىق كەيپىياتى پۈتۈن يىغىن مەيدانىنى قاپلىدى. مۇئاۋىن ھاكىم نىياز ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئارقىدىنلا ياڭ ۋېنخۇەن بۇرھان ئەپەندىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. يېشى ئەمدىلا 40تىن ھالقىغان بۇرھان ئەپەندى ئىچىگە مۇرىسى كەڭ سوۋېت پاسونىدىكى كۆڭلەك، سىرتىغا توق كۈل رەڭ سوكنو كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، سۇس سېرىق گالستۇك تاقىغان بولۇپ، چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى، ئۇ تېتىك ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ شىلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، يىغىنغا قاتناشقان ھەرمىللەت ئاممىسىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئېگىلىپ سالام بەردى. يىغىن مەيدانىدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. بۇرھان ئەپەندى روھلۇق كەيپىياتتا خەنزۇ تىلىدا قىسقىچە سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «ھەرمىللەتتىن بولغان يۇرتداشلار ۋە كۆپچىلىك نەچچە ئون كىلومېتىر يىراق جايلاردىن كېلىپ يىغىن-

غا قاتناشتى، مەن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، سىلەرنىڭ تۇرمۇشىڭلار ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئۆزۈڭلارغا ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالالمايسىلەر، بۇ ئىشقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ قېتىم بىز نۇرغۇن مال ئېلىپ كەلدۇق، نېمىنى ئالغىڭلار كەلسە ئىمكانى-يەتنىڭ بارىچە ئېلىۋېلىڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشلەپ-چىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، تۇرمۇشقا كاپا-لەتلىك قىلىشىڭلار لازىم». ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇر-دى، ئاخىرىدا قازاقلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئاممىغا سا-لام بەردى. ۋاڭ باۋچيەن ۋە چارۋىچىلارنىڭ ۋەكىلى ئا-رىلباي ھەم سودا - سانائەت ساھەسىدىكى ۋىن چىلياڭ قاتارلىق-لارمۇ سۆز قىلدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەرمىللەت ئاممىسى نەنلياڭغا بېرىپ (ھازىرقى بازارلىق 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) جى شىنلياڭ، بەيياڭخې ۋە بوستان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن قازاق چارۋىچىلار كۆرسەتكەن ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىنى ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى كۆردى، بۇ پائالىيەتلەر قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملاشتى.

كەچتە، نۇرلۇق تىياتىرنىڭ ئارتىسلىرى ھەرمىللەت ئامما-سىغا تۇنجى مەيدان ئويۇن قويۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئورۇندىغان نومۇرلىرى ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ تۇردى. ئويۇننى 400-دىن ئارتۇق ئادەم كۆردى. قازاق چارۋىچىلار نەنلياڭغا يىغىلىپ گۈلخان يېقىپ، 2 - كۈنى ئەتىگەنگىچە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشتى.

20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاقىتلىق بازاردىكى ھەر خىل سودا پائالىيەتلىرى باشلاندى. ھەرمىللەت ئاممىسى ئۆزلىرى خا-لىغان تاۋارلارنى خۇشاللىق بىلەن تاللاپ سېتىۋالدى. ئۆلكە

شەھىرىدىن كەلگەن سودا ئەترىتىنىڭماللىرى سوۋېت ماللىرىنى
ئاساس قىلغان بولۇپ، ھەر خىل چاي، رەخت، چاقماق قەنت،
هاراق، تاماكا، يېمەكلىك، ئاياغ، ئۆتۈك، شىرداق، گىلەم
ھەمدە ئۈزۈك، بىلەيزۈك، زەنجىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بو-
لۇپ، بۇ ماللار ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ قازاق چارۋىچى-
لارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ ماللاردىن باشقا يەنە قارشى
ئېلىشقا ئېرىشكەن ماللار گۇچۇڭ سودا ئەترىتىنىڭ ماللىرى
بولدى، ئۇلار ئەكەلگەن ماللار ئىچىدە سوۋېت ماللىرىمۇ بار
ئىدى، بىراق، ئىچكىرىنىڭ ماللىرى يەنى تاۋار رەخت، پار -
پۇر بۇيۇم، ماتا، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچىلار
ئاساس قىلىناتتى. يەرلىك سودىگەرلەر سودىغا قاتناشتۇرغان مال-
لار كۆندىلىك بۇيۇملار ۋە مىلىچ ماللار بولغاندىن سىرت، يېرد-
ىمدىن كۆپرەكىنى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىگىلەيتتى.
سودا قىلىش شەكلى مۇنداق ئىككى خىل بولدى: بىرى، پۇلغا
سېتىۋېلىش، بۇ ئاساسلىقى ئالىي سۈپەتلىك رەخت، تاۋار
رەخت، هاراق، تاماكا، قەنت، چاي قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشتا
قوللىنىلدى. يەنە بىر خىل ئۇسۇل، مالغا مال ئالماشتۇرۇش
بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مېلىنىڭ قىممىتىنى تەڭ ۋە
يېقىن نىسبەتكە سۇندۇرۇپ ئالماشتۇراتتى. بۇ خىل سودا شەكلى
ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان ئەھۋال ئىدى.

ۋاقىتلىق بازار ئېچىلغان مەزگىلدە، بۇرھان ئەپەندى نەچچە
ئون ئائىلە ۋە سودا دۇكانلىرىغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك
ۋە سودا - سانائەت ساھەسىدە ساقلانغان قىيىنچىلىقلار ھەمدە
بازاردىكى مال باھاسى، كەم تاۋار قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلى-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياڭ ۋېنخۇەن، نىياز قاتارلىقلارنىڭ
ھەمراھلىقىدا، ئاتلىق يۈرۈپ قازاق ئاقساقاللىرى ۋە چارۋىچىلار-
دىن يەتتە - سەككىز ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ، قازاق ئاقساقاللى-
رىنىڭ ئىچكى يۈزلىنىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىدى. چار-

ۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 23 - كۈنى بۇرھان ئەپەندى ۋە جۇ خەيدۇڭ قاتارلىقلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاقىتلىق بازارنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆلكە شەھىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بۇرھان ئەپەندى ۋە سودا ئەترىتى يەنە بىر قېتىم مورى ئارقىلىق بارىكۆلگە بېرىپ ۋاقىتلىق بازار ئاچتى. مورىدىكى ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى دۇڭلىياڭغىچە ئۇزىتىپ باردى. خوشلىشىش ۋاقتىدا، بۇرھان ئەپەندى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. ئۇ: «بىز بىرقانچە يىلدىن بۇيان مورىدا ئۇدا تۇرۇش بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلاشتى ھەم خاتىرجەم بولالمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ئىمكان قەدەر تېز ياردەم بېرىش، ھەر خىل باج - سېلىقلارنى ئىمكان قەدەر ئازايتىش لازىم» دېدى.

مورىدا ۋاقىتلىق بازار بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ئېچىلدى. بۇ جەرياندا، ئۆلكە شەھىرىدىن كەلگەن ۋە گۇچۇڭ سودا ئەترىتى بازارغا قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جايدىكى 12 دۇكان، 30دىن ئارتۇق يايما سودىغا قاتناشتى. رەخت، چاي، قەنت، دورا ماتېرىياللىرى، تۆمۈر بۇيۇملار، مىللىي ئالاھىدە تاۋارلار قاتارلىق ئالتە چوڭ تۈردىكى 400 خىلدىن ئارتۇق تاۋار بازارغا سېلىندى. بازارغا كەلگەن ئادەملەر 700 ئادەم قېتىمغا يەتتى. ۋاقىتلىق بازار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مورى ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چەت، يىراق جايلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مەلۇم روللارنى ئوينىپ،

كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. خۇددى بۇرھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە يازغىنىغا ئوخشاش: «10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مورىغا بارغىنىمدا، مورىنىڭ ھاكىمى ماڭا: ‹كۆچمەن چارۋىچىلار تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشتى، سودا خېلى ئوبدانلا جانلىنىپ كەتتى، ئاممىنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپتى. . . ›» دېگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەسەن قۇربان
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# چىن دوستلۇق

## — بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دوستلۇقى

### چى روشيۇڭ

ئۆتۈپ كەتكەن تارىخ ھەممىشە كىشىلەرنى ئويغا سالىدىغان بەزى ئىشلارنى قالدۇرۇپ، كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مۇھاكىمە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەر ئىككىسى چەت ئەلدىن يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ، ئوخشاش بىر تۈرمىدە ياتىدۇ؛ بىر ھۆكۈمەت ئورۇنىدا خىزمەت قىلىدۇ، يەنە بىرى قوراللىق كۈرەشكە قاتنىشىدۇ، كېيىن يەنە ئوخشاش بىر ھۆكۈمەتتە ئوخشاشلا مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلىنىدۇ؛ بىرسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا ھادىسىگە ئۇچراپ ۋاقىتسىز قازا قىلىدۇ، يەنە بىرسى ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ. دەل ئوخشاش بىر كۈندە يەنى بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل، ئەخمەتجان قاسىمى تۇغۇلغانلىقىغا 80 يىل تولغان چاغدا بۇ ماقالىنى ئۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يازدىم.

**1**

بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر خىل رىشتە باغلىغانىدى.

تارىخنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئاتا ـ
بوۋىلىرى ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر پۇقرالىرى بولۇپ، بايلارنىڭ ئېكس-
پىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئائىلىسى ۋە 20 نەچچە ئائىلىلىك قولۇم ـ قوشنىلىرىنى ئېلىپ
روسىيىگە قېچىپ كەتكەن. روسىيە ئەمەلدارلىرى بۇ مۇساپىر-
لارنى قازان دېگەن يەرگە ئاپىرىپ بوز يەر ئاچقۇزىدۇ.
1894 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر بىر ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ 5 ـ
ئەۋلادى بولغان بۇرھان شەھىدى قازاندا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ.
بۇرھان شەھىدى تېرىقچىلىق قىلىدۇ، شاگىرت بولۇپ ئىشلەي-
دۇ، بۇ جەرياندا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۇچۇكىنى يەتكىچە
تارتىدۇ. تەلىيىگە يارىشا ئۇ تاغىسىنىڭ ياردىمىدە مەكتەپكە كى-
رىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ مەكتەپتە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا
قالماي، بەلكى يەنە روسچە تىل ـ يېزىقنى پۇختا ئۆگىنى-
دۇ. 1912 ـ يىلى 18 ياشلىق بۇرھان شەھىدى ئۆزى تەشنا
بولغان ئانا يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە جۇڭگو تەۋەلى-
كىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھ-
نىسىگە قەدەم قويغان بۇرھان شەھىدى دۆلەت ئىشى مۇناسىۋىتى
بىلەن 1929 ـ، 1932 ـ، 1933 ـ يىللىرى يەنە ئۈچ قېتىم
سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ. 1937 ـ يىلى ئۇ جۇڭگونىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ زەيسان دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سۈپىتى-
دە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە بىر قېتىم بارىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى 1914 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
غۇلجىدا بىر كىچىك قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ.
1922 ـ يىلى تاشكەنتتە ئوقۇپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ
كېلىپ، قورغاس باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان
تاغىسى ئۆمەرجان دادىسىدىن كىچىك قالغان سەككىز ياشلىق
ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بېقىۋالىدۇ. بىرقانچە

يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئەخمەتجان قاسىمنى ئېلىپ سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كېتىدۇ. ئەخمەت-
جان شۇ يەردە ئوقۇيدۇ. ئەخمەتجان باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن، ئالما - ئاتادىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ
ئوقۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجاننىڭ تاغىسى يوقىلاڭ بەتنام بىلەن
سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئەخمەتجان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن
كېيىن، پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىپ كۈن كەچۈرىدۇ. كې-
يىن نەمەنگەن شەھىرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى
بولىدۇ. 1936 - يىلى يازدا، ئەخمەتجان موسكۋا شەرق سوت-
سىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇي-
دۇ. 1942 - يىلى 28 ياشلىق ئەخمەتجان قاسىمى ئايرىلغىنىغا
20 يىل بولغان ئانا دىيارى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ.
بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ يېڭى قىياپى-
تىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاچار-
چىلىق، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولمى-
غان، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشلا بولغان ۋە يىلدىن - يىلغا كاتتا
بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى
خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشى دېگەندەك باياشات بولمىسىمۇ، مەن-
ۋى قىياپىتىنىڭ ئۈمىدۋار ئىكەنلىكى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنىڭ باراۋەر دوستانە بولۇشتەك يېڭىچە تۇرمۇش ئۇلارنى
قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. شۇڭا بۇ ئىككىيلەن سوتسىيالىزم
تۈزۈمىگە بەكلا قىزىقىپ قالىدۇ - دە، ماركسىزم - لېنىنىزم
كلاسسىك ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇپ ماركسىزم - لېنىنىزم
ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار يەنە زاۋۇت، كولخوزلارغا
كۆپ قېتىم بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشلاردا قولغا كەلتۈرگەن
ئۇلۇغ نەتىجىلىرى ئۇلارغا زور ئىلھام ۋە تەربىيە بولىدۇ. كېيىن

ئىككىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىنقىلابىي تەشـ.
كىلاتلارغا قاتنىشىدۇ.
بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى سوۋېت ئىتتىپا.
قىدىن شىنجاڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ، يەر ئاستى
ئىنقىلابىي كۈرەشى بىلەن شۇغۇللانغان ئاشۇ كۈنلەر دەل مىلىتا.
رىست شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر
ئىدى.
شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە سوۋېت
ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە يېقىن بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈ.
زۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قوللىشى
ھەم ياردىمىگە ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى
مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتىۋالىدۇ، ئەمما شېڭ شىسەينىڭ
نىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوم.
پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشىغا ۋە
ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئۇنىڭ كۆڭ.
لى ئۇنىمايتتى، شۇڭا يانتاياقتا ئېرىشكەن شېڭ شىسەي شىنجاڭ.
دا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە
بولۇش» دېلوسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى
ۋە ئىلغار زاتلارغا قايتا ـ قايتا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.
بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى مانا مۇشۇنداق
ۋەزىيەتتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.
1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شېڭ شىسەي جۇڭگونىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ زەيسان دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇپ
ئىشلەۋاتقان بۇرھان شەھىدىنى ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەتكىزدىن
مەلۇمات بېرىڭ، دەپ تېلېگراممىا بېرىپ چاقىرتىدۇ. بۇرھان
شەھىدى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا زەيساندىن شەمەي، ئالما ـ ئاتالار
ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ زېمىنىغا ئەمدىلا قەدەم
بېسىشىغا قولغا ئېلىنىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ

تۇرمىسىگە تاشلىنىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنە ئۇرۇمچىدى‍ـ
ـدىكى 4 ـ تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى 1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتى‍ـ
پاقىدىن چۆچەك ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
ئەينەك سېلىش، هامماللىق، ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى نىقاپ قى‍ـ
لىپ كوچىمۇكوچا يۈرۈپ كىشىلەرگە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى
ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. خەلق
ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈم‍ـ
ـرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈ‍ـ
رەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەخپىي
ھەرىكەتلىرى ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دىققىتىنى
قوزغايدۇ. 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ ئىلى
ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھېلىقى تۈرمىسىگە تاشلىنىدۇ.
ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇمۇ ئاۋۋال ئۈرۈمچىدىكى 2 ـ تۈرمىگە
يۆتكەپ كېلىنىدۇ. كېيىن يەنە 4 ـ تۈرمىگە يۆتكىۋېتىلىدۇ.

تۈرمىدە ئۇلار ئوخشاشلا تار، زەي، قاراڭغۇ زىنداندا تۇرى‍ـ
ـدۇ، ئوخشاشلا كۆكۈرۈپ كەتكەن قوناق ئۈنى جىگمومىسىنى
يەيدۇ. يەنە دائىم سوراق قىلىنىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنى‍ـ
ـدۇ. لېكىن ئۇلار بۇنداق قىيىن ـ قىستاقلاردىن قىلچە قورقۇپ
قالماي ۋە تىز پۈكمەي، ئۆگىنىش ۋە كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاش‍ـ
ـتۇرىدۇ. بۇرھان شەھىدى تۈرمىدە تۇرۇپ ستالىنىنىڭ «لېنى‍ـ
ـنىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ قولغا
چۈشۈرۈپ تەشنالىق بىلەن ئۆگىنىدۇ. «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە،
رۇسچە لۇغەت»نى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. يەنە سۇن جۇڭشەن ئە‍ـ
پەندىنىڭ «3 مەسىلەك» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى تەرجىمە قىلى‍ـ
ـدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىداشلىرىدىن خەنزۇچىنى
ئۆگىنىپ ئۇلارنى قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، تۈرمىدىن چىقىشنى
قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى

بالدۇر ياكى كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ ئىبلىس قولىدا ياكى ئۆز ئەجىلىمىز بىلەن ئۆلەيلى، ھامان ئۆلىدىغان گەپ. شۇنداق ئې-كەن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ نېمە بوپتۇ؟ شۇڭا بىزدە ئۈمىدۋار روھ بولۇشى كېرەك، ئۈمىدۋار بولساق ئۆلۈم ئۈستىدىن ھەتتا، دۈش-مەن ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ».

4 ـ تۈرمىدە، بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى-نىڭ تونۇششى ناھايىتىمۇ قىزىق بولىدۇ. بۇرھان ئەپەندى كې-يىن ئۆزلىرىنىڭ شۇ قېتىمدىكى تونۇشۇش ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەن ئۇرۇمچىدىكى 4 ـ تۈرمىنىڭ زىندانىدىن تۈرمە باشلىقى تۇرىدىغان قورۇدىكى بىر ئېغىز تار ئۆيگە يۆتكەلدىم. قورۇدا بىر كىچىك قۇدۇق بار ئىدى، مەھبۇسلار ھەر كۈنى شۇ قۇدۇقتىن ئاشخانىغا سۇ تو-شۇيتتى. بىر كۈنى بېشىغا خۇرۇم شەپكە، ئۇچىسىغا جەندە كىيىم كىيگەن ئۇزۇن، قويۇق بۇرۇت قويغان، كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ياش مەھبۇس كېلىپ قۇدۇق-تىن سۇ تارتتى، بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇچراشقاندا، ئۇ چۈشەنگەن-دەك كۈلۈپ قويدى، مەنمۇ كۈلۈپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتتى. بىز ئۈن ـ تىنسىز تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ ۋاقىتتا مەن ھەمىشە تۆمۈر رىشاتكىلىق دېرىزىدىن ئۇنىڭغا قارايتتىم. لېكىن، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىت بىزنىڭ سۆزلىششىمىزگە يول قويمايتتى. ئۇ ئىسىم ـ فامىلىمىزنى چاقىرىشىمىزغىمۇ يول قويمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلسە مەندە بىر خىل سەمىمىيلىك تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى».

1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەخمەتجان تۈرمى-دىن قويۇپ بېرىلدى. بىر ئايدىن كېيىن يەنى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇرھان ئەپەندىمۇ تۈرمىدىن چىقتى. سۆز-لەپ كەلسەك بۇ بىر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش ئەمەس ئىدى، بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان قاسىملارنى شېڭ شى-

سەي تۇرمىگە تاشلىغانىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمىدىن ساق - سالامەت چىقالىشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈرىشى پارتلىغانلىق سەۋەبىدىن ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىپ تۇرمىگە بىگۇناھ قامالغان ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن بىر تۈركۈمىنى قويۇپ بەرسەك، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى قورالىلىق كۈرەش ئۆزلۈكىدىن تىنجىپ قالىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئويى خاتا بولۇپ چىقتى.

## 2

1944 - يىلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى تېزلا كونترول قىلدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يانغان خەلق قوراللىق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئوتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ناھايىتى تېز ئۇلغىيىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا، جياڭ جيېشى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى ئۈرۈمچىگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن سۆھبەت ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق «تىنچلىق بىتىمى»گە ئىمزا قويدى.

«تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، شۇ كۈنى كەچتە غەربىي بىنادا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىسى بولۇپ

ئىشلەۋاتقان بۇرھان ئەپەندى شۇ كەچتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت
كېچىلىكىدە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتى. بۇرھان ئەپەنـ
دى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىدە قوشقان تۆھپىـ
سىنى ماختىدى ھەمدە «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالانغانلىقىنى
تەبرىكلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەم رەھمەت ئېيتتى، ھەم
ماختاشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ ۋاقىتتا بۇرھان
ئەپەندىگە ئەخمەتجان قاسىمى ناھايىتى تونۇشتەك، نەدىدۇر كۆرـ
گەندەك تۇيۇلدى ـ يۇ دەماللىققا ئەسلىيەلمىدى، ئەخمەتجان قاـ
سىمى ناھايىتى ھاياجان ئىلكىدە بۇرھان ئەپەندىگە: «بىز كونا
دوستلاردىن» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە: «سىز تۈرمىدە ھېلىقى
قورۇدا تۇراتتىڭىز، مەن ھەر كۈنى سۇ ئالغىلى باراتتىم. بىز
دائىم بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشاتتۇققۇ» ، دېدى.
بۇرھان ئەپەندى بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىنى باشقىـ
دىن سىقىپ تۇرۇپ: «سىز مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانتىـ
ڭىز، سىز ئۆشتۈمتۇت يوقاپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئىنتايىن
بىئارام بولدۇم. مەن تېخى سىزنى شېڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتتىمىـ
كىن، دەپتىمەن. بۈگۈن مەن دوستۇمنى ئاخىرى تاپتىم، ئەمدى
بىز كۆزىمىز بىلەنلا گەپ قىلىشمىساقمۇ بولىدۇ» ، دېدى. ئەخـ
مەتجان قاسىمى قىزىقچىلىق قىلىپ: «بىزنىڭ ئارىمىزغا توسالـ
غۇ بولۇۋاتقان سەددىچىن سېپىلى ئەمدى قالمىدى» ، دېدى.

«تىنچلىق بىتىم» نىڭ 2 ـ قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئىككى
تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىمزالىغاندىن
كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل
قىلىش تەييارلىق خىزمىتى باشلاندى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمـ
چە ئۆتىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان ئەپەندىلەرمۇ مۇئاـ
ۋىن رەئىس بولدى. بۇرھان ئەپەندى ئايرىلغىنىغا يىرىم يىل
بولاي دېگەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۇرۇمچىدە يەنە كۆرۈشتى.

بۇرھان ئەپەندى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى
مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سىز-
نى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ بىرى
قىلىپ سايلاشقا كۆرسەتكەن. تىرىشىش ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە
ئاخىرى يەتتۇق. مەنمۇ سىزنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى بولغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن. بۇنىڭدىن كېيىن بىز
قول تۇتۇشۇپ ئىشلەپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن
كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك». بۇرھان ئەپەندى
جاۋابەن: «مەن سىلەرنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭلارغا جاۋاب
قايتۇرۇش ئۈچۈن، سىلەر بىلەن بىرگە شىنجاڭ خەلقىنىڭ
ئازادلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن، سەمىمىي خىزمەت قىلىشقا
رازىمەن»، دېگەنىدى. ئۇ ئىككىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە شىن-
جاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى قانۇنلۇق ئورنىمىز ۋە ھوقۇقىمىزدىن
تولۇق ياخشى پايدىلىنىپ، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ
خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلىشىمىز، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى-
نى تىنچ، دېموكراتىك شىنجاڭ قۇرۇش مەقسىتىمىزگە يېتىش
ئۈچۈن داغدام يېتەكلىشىمىز ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك،
دەپ قارىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «تىنچلىق بىتىمى»غا ئاساسەن ئون
ۋىلايەتكە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، جاي-
لاردا «بىتىم» ۋە «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يولغا قويۇش پروگ-
راممىسى»نى كەڭ تەشۋىق قىلدۇرۇش ۋە جايلاردىكى ئۆلكىلىك،
ناھىيىلىك كېڭەش پالاتا ئەزالىرى، ھاكىملار سايلىمىنى نازارەت
قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. مۇئاۋىن
رەئىس بۇرھان ئەپەندى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ سايلىمىغا نازارەت
قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. بۇرھان ئەپەندى يولغا چى-

قىش ئالدىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى: بۇ قېتىم سايلىنىدىغان ھاكىملار جەزمەن ئامما ھىمايە قىلىدىغان، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، سايلامنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈز بېرىدىغان ھەر خىل سىياسىي كۈرەشلەرنى ياخشى قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى. بۇرھان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نامايىش ۋە تىنچلىق مۇراجىئەت پائالىيەتلىرى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. شۇڭا مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جىددىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا جەنۇبىي شىنجاڭدا سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەن مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى ئالاقىدار ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى. ئۇ دوكلاتىدا يەكەن ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان قىلمىشلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدى، ھەمدە ئاممىۋى نامايىش، مۇراجىئەت پائالىيەتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، يەكەن ۋالىسى جۇ فاڭگاڭ قاتارلىقلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇرھان ئەپەندىنىڭ بۇ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىندا يەكەن ۋالىسى جۇ فاڭگاڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرۇلۇق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارارىنىڭ لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن 25 ـ فېۋرال گومىنداڭ تەرەپ

ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە بەش مىڭدىن كۆپرەك كىشى قاتناش-
قان نامايىش ئۆيۈشتۇردى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى مۇھاسى-
رىگە ئېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدىنى ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە قامىۋالدى. سىرتتا پۈتۈن شىنجاڭ-
نى زىلزىلىگە سالغان «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا
قىلدى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچى گارنىزونى قوماندانلىق شتابى نو-
پۇس تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ، نۇرغۇن ژاندارما، ساقچىلارنى
ئەۋەتىپ، نەنلياڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان را-
يوندا ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈپ 50 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى. بۇ
پەۋقۇلئاددە پەيتتە بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى
تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردى.
بىر قېتىم ئەھۋالنىڭ بىر ئاز چاتاقلىقىنى كۆرگەن بۇرھان
ئەپەندى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بۇ
ئۇنتۇلغۇسىز كېچىنى بىرگە ئۆتكۈزدى.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭ-
نىڭ ئىستىپا بەرگەنلىكىنى، پانتۈركىسزمچى مەسئۇدنى شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى جا-
كارلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان ئەپەندى
مەسئۇدنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەش شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ
قارىدى. 28 ـ فېۋرال مەسئۇدنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بۇرھان ئەپەندى-
نىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا پەلتۇسىنىڭ ئالدىنى
ئېچىۋېتىپ تۆھپە بەلگىلىرى، ئوردېنلار تاقالغان كۆكرىكىنى
ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، مەنستىمەسلىك نەزەرى بىلەن: «قا-
راڭ، بىزنىڭ ئوردېن، ئىزناكلىرىمىزمۇ مەسئۇدنىڭكىدىن كەم
ئەمەس، بىزنىڭكىنى خەلق بەرگەن. ئۇنىڭكىدىن ئېسىل تۇر-
دۇ. ئۇنىڭكىنى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت بەرگەن»، دەيدۇ. ئۇ-

لار بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز مەسئۇد بىلەن بىرگە ئىشلىمەيدىغان-لىقىنى مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆلكىلىك ھۆ-كۈمەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنلىرىغا ھەرگىز قاتناشمايدۇ، بۇرھان ئەپەندى بولسا ئاشقازان كېسىلىم قوزغىلىپ قالدى، دەپ كېسەل داۋالىتىمەن دېگەن باھانە بىلەن 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ نەنسەنگە چىقىپ كېتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەپىقىسى ماھىنۇر قاسىمى، قىزى ئادالەتنى ئېلىپ نەنسەنگە كېلىدۇ ۋە بىر كىگىز ئۆيدە بۇرھان شەھىدى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يەتتە كۈن بىرگە تۇرىدۇ. بۇ يەردە تۇرغان بۇ بىر ھەپتىدە ئۇ ئىككىسى نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆزقاراشلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى بۇرھان ئەپەندىگە: گومىنداڭ مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر-نى قورال قىلىپ، «تىنچلىق بىتىم»غا ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە داۋاملىق ئىشلەشكە ئامالسىز قال-غانلىقىنى، پات ئارىدا ئىلىغا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە بۇرھان ئەپەندىنى ئىلىغا بېرىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسى-دىن قالدۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەيدۇ ھەمدە تېزلىك بىلەن نەنجىڭغا كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا ئال-دىرىتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى-دىن ئىلىغا قايتىدۇ، ئەمما ئەھۋالدا تۈيۈقسىز ئۆزگىرىش بول-غاچقا، بۇرھان ئەپەندى تەكلىپ بويىچە ئىلىغا بارماي نەنجىڭغا بارىدۇ.

## 3

بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1948 - يىلى 6 - ئايدا بۇرھان

ئەپەندى يەنە نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «نەنجىڭدىن شىنجاڭغا بىخەتەر قايتىپ كەلدىم. دۇنيانىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆلكىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ئۇلارنى مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، مەن گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ قورساق كۆپۈكى تېخى تامامەن تۈگىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاراخوتنىڭ رولىنى توغرا يۆنىلىشكە بۇرىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئىلگىرى مەسئۇتنى زور ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن رەئىسلىككە كۆرسەتكەنلىكىدىن ئەمدى خاتىرجەم بولالمايۋېتىپتۇ». شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇرھان ئەپەندىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. مۇشۇنداق قىلىشنى ئەينى يىلى ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭدىن تەلەپ قىلغانىدى. بۇمۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇرھان ئەپەندىنى نەنجىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلىشىدىكى مەقسىتى ئىدى. جاڭ جىجۇڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ.

1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تاغنى تالقان قىلىدىغان شىجائەت بىلەن جۇڭگو زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قەدەممۇقەدەم مەغلۇپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد بولىدىغان كۈنگىمۇ ئۇزاق قالمىدى، بۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمغا زور ئىلھام بەرمەكتە ئىدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ كىچىكلىشىگە ئەگىشىپ، گومىنداڭنىڭ پۇلى بولغان فابىنىڭ كۆپلەپ بازارغا كىرىشى بىلەن مال باھاسى ئۆرلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن

پۈل ـ مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋاستە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھان ئەپەندى جاڭ جىجۇڭنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن رايون خاراكتېرلىك پۇل بىرلىكى بولغان كۈمۈش تەڭگىنى تارقىتىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلىنىڭ بازارلاردا ئېقىشىنى چەكلەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ. بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر بەلگىلىك مەزگىل ئىچىدە بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئارقىدىنلا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، دېگەن پىتنە ـ پاساتلارغا قارىتا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى ماناس ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۆزئارا قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالايدۇ؛ يەنە ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ھاسىل قىلغان كېلىشىمنى جايلارغا يەتكۈزىدۇ. بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر خەلق كۆڭلىنى ئەمىن قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىي، مەمۇرى ساھەدىكىلەرنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى ئاستىرتتىن جىددىي ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭنىڭ يەنە بىر يېرى — ئىلىدىمۇ شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز پاي ـ پېتەك بولۇپ يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خاتالىقلىرى تۈزىتىلىدۇ. گېزىتلەردە يەنە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا غەلىبىسىرى يۈرۈش قىلغانلىق ۋە ئازاد رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن مەلۇمات ھەم خەۋەرلەر بېسىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس ماۋ زې-

ـدۇڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت
سىياسەتلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆزى ماقالە يېزىپ تونۇشـ
ـتۇرۇپلا قالماي، يەنە ھەر خىل سورۇنلاردا ئامىمغا پۈتۈن مەملىـ
ـكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلسىلا، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كەڭ
تەشۋىق قىلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنى مىللىي ئازادلىق ئىشلىـ
ـرىغا پائال ئاتلىنىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل
كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى كۈچەيـ
ـتىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە شىنجاڭـ
ـدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە
چاقىرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كوـ
ـمىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن 1949 ـ يىلى 8 ـ
ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىـ
ـدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىسـ
ـتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىلـ
ـلەت خەلقىگە مۇنداق غەمخورلۇق قىلغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال
بولىدۇ. ئۇ دەرھال ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ
يولداش دېڭ لىچۈنگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن
دوكلات بېرىدۇ ھەمدە ئۇنى ھەر خىل ماتېرىياللار بىلەن تەمىنـ
ـلەيدۇ.
9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىپ
بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ ھەمدە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ
كۈنى جاڭ جىجۇڭنىڭ بېيجىڭدىن تاۋ سىيۆ ۋە بۇرھان شەھىدىگە
يوللىغان تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. تېلېگراممىدا
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا تەييارلىق قىلىش
خىزمىتىنىڭ ماۋ جۇشىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكى بىلدۈـ
ـرۈلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرھان ئەپەندىگە زور ئىلھام
بولىدۇ. بۇرھان ئەپەندى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى رەئىس ماۋ

زېدۇڭغا تېلېگراما يوللاپ مۇنۇلارنى بىلدۈردۇ: «بىز گومىنـ
داڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا
كەلدۇق. پارتىيىڭلار رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئاـ
زادلىقىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىز بىلەن
ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭلارنى قوبۇل قىـ
لىپ، ھەممە جايدا يېڭى ھاياتنى بەرلىكتە تەبرىكلەشكە تەييارـ
مىز» . تۆت كۈندىن كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇرھان ئەپەندىـ
گە: «شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىـ
نىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى رەئىس جانابىڭىزنىڭ
كۈچ چىقىرىشىغا باغلىق. ھەرقايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر دېـ
موكراتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى
ئازاد قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ
جاۋاب تېلېگراما يوللايدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى
ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت تەرەپ گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن
ئالاقىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

پارلاق مىنۇتلار كۈتۈۋېلىنىۋاتقان كۈنلەردە، ئۆز ئارا يوللانـ
غان خەتلەر بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىلارنىڭ
دوستلۇق ئالماشتۇرۇش يۈرەك سۆزلىرىنى تۆكۈشىدىكى رىشتە
بولۇپ قالغانىدى. شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۇلارنىڭ خەتلىرىدە
دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان سۆز تېمىسى بولۇپ قالغانىدى. 8 ـ
ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بۇرھان ئەپەندىگە يازغان
خېتىدە ھاياجان بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ھازىر ئىچىـ
كى ئۆلكىلەردىكى ئەھۋاللار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلدى.
خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىشلىرى ئىنتاـ
يىن ئوڭۇشلۇق كېتىۋېتىپتۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋەزىيەتنىڭ
تەرەققىياتىنى پات ئارىدا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشىمىز مۇمـ
كىن» . 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ، 24 ـ، 31 ـ كۈنلىرىدە بۇرھان

ئەپەندى ئەخمەتجان قاسىمغا شىنجاڭنى ئازاد قىلىش توغرۇلۇق-
ئۈچ پارچە خەت يېزىپ: «ئۆلكىمىزنىڭ تەقدىرىنى قىسقا مۇددەت
ئىچىدە ھەل قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن ئۇمىد زۇر، ئۆلكىمىزنىڭ
ۋەزىيىتىدە ناھايىتى تېز راۋاجلىنىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئۆلكىمىز-
نىڭ قارا بۇلۇتلارنىڭ تارقىلىدىغان ۋە ئازادلىق نۇرى چاقنايدىغان
كۈنلەرنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەر-
دى» دەپ ئېيتىدۇ ھەمدە خەتلىرىدە يەنە چوڭقۇر قىلىپ: «بىز
بۇ يەردە سىزنى ھەر كۈنى دېگۇدەك ئەسلەپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۇلار
بىلەن سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىز ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتىمەن»، «سىز
بىلەن ناھايىتى يېقىن كەلگۈسىدە كۆرۈشۈشنى ھەم خەلق مەنپە-
ئىتى ئۈچۈن بىرگە ئىشلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازىدۇ.
ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى بۇ خەتلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ تاپشۇرۇۋا-
لالمايدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ
سەپداشلىرى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن
قوبۇل قىلىپ، بېيپىڭغا بېرىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭە-
شى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇلار
ئولتۇرغان سوۋېت ئايروپىلانى تاغقا ئۇرۇلۇپ كەتكەنلىك سەۋەب-
ىدىن قازاغا ئۇچرايدۇ. بۇرھان ئەپەندى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن
بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان چېغىدا كۆزى قاراڭغۇلۇشۇپ سەنتۇرۇ-
لۇپ كېتىدۇ. ئەمما باشقا سورۇنلاردا ئۇ يەنىلا ھېچقانداق ئىش
بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى سوۋېت
تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ ئىش ۋاقتىنچە مەخپىي تۇتۇلىدۇ.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجىدا «شىنجاڭدا
تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي
كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئەخمەتجان قاسىمى
قاتارلىق بەش كىشىنىڭ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى سە-
ۋەبىدىن بەختكە قارشى قازا تاپقانلىق مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈ-

زىدۇ. ئەتىسى بۇرھان ئەپەندى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانىدا «ئېغىر قايغۇ» دېگەن سەرلەۋھىدە تەزىيە ماقالىسى ئېلان قىلىدۇ ھەمدە ئۇرۇمچىدە ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچۈن تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا چاقىرىدۇ.
11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى غۇلجىغا بېرىپ ئۆزى شەخسەن ئەخمەتجان قاسىمى ئائىلىسىدىن ھال سورايدۇ.
1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جەستى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. دەپنە مۇراسىمىدا بۇرھان شەھىدى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە يۇكسەك باھا بېرىدۇ. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنى ئەخمەتجان قاسىمى قازا قىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنىدە بۇرھان ئەپەندى غۇلجىغا يەنە كېلىپ خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا بېشىنى پەس قىلىپ سۈكۈتتە تۇرغاندا ئەخمەتجاننىڭ ئاۋازى ۋە چىرايى ئۇنىڭ ئالدىدا تەبەسسۇم قىلىپ جىلۋىلەنگەندەك بولىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزى نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇرھان ئەپەندى ئۈچۈن 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەستە چىڭ ساقلايدىغان كۈن ھېسابلىنىدۇ. 1959 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قازا قىلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى مەزگىلىدە، بۇرھان ئەپەندى بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي شىنجاڭغا كېلىپ خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. يىغىندىن كېيىن بۇرھان ئەپەندى «ئىنقىلابىي قۇربان ئەخمەتجان قاسىمغا تەزىيە بىلدۈرىمەن» دېگەن ماقالىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈن-

لەردىكى نۇرغۇن ئىشلىرىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلايدۇ. كېيىن بۇرھان ئەپەندى «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» دېگەن ئەسلىمىسىنى يازغاندا، ئۆزى بىلەن ئەخمەتجان ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇقنى سەمىمىي ئەسلەيدۇ.

1989 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى قازا قىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق خاتىرە كۈنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بۇرھان ئەپەندى ئەخمەتجان قاسىمىغا ئاتاپ «ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنى شەرەپ بىلەن پىدا قىلغان ئىنقىلابىي قۇربان مەڭگۈ ھايات» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بېرىدۇ. بۇرھان ئەپەندى شىنجاڭغا قايتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قازا قىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى، ھەتتا ئايروپىلان بېلىتىمۇ زاكاس قىلىپ قويۇلغانىدى. ئەمما تۇيۇقسىز بىئاراملىق ھېس قىلىپ دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى مېڭىپ تۈگىتىپ، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمىدۇ.

بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، 40 يىلدىن بۇرۇنقى بۇ كۈندە ئەخمەتجان قاسىمى ھادىسىگە ئۇچرايدۇ. 40 يىلدىن كېيىنكى مۇشۇ كۈندە بۇرھان ئەپەندىنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختايدۇ. بۇ تارىخنىڭ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشىدۇ، ھەقىقەتەن كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىبلىنىياز ئىبلى

جاۋابكار مۇھەررىر: جۈرئەت ئابلىمىت

# بۇرھان ئەپەندى بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتىمدىكى بىرنەچچە ئىشلار

## سەي خېڭسىن

ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ يەردە بۇرھان ئەپەندى بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتىمدىكى بىرقانچە ئىشنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ 1926 - يىلىنىڭ ياز پەسلى ئىدى، مەن ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدىم، مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم يۇنۇسبەگ (خەنزۇچە ئىسمى يۇ ۋېنبىڭ) شۇ چاغدا ئۆلكىلىك روسچە قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇيتتى. بۇ ئىككى مەكتەپ بىر قورۇنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، مەن ھەر كۈنى يۇنۇسبەگ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتىم ھەمدە ئۇنىڭ بۇرھان ئەپەندى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەن بۇرھان ئەپەندىنىڭ تۈز پەزىلەتلىك، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە، باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا ماھىر ھۆكۈمەت خادىمى ئىكەنلىكىنى بارا - بارا ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا، تېخى بۇرھان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمىگەن بولساممۇ، بىراق مەندە ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ھۆرمەت ھېسسىياتى پەيدا بولغانىدى. مەن ئىنتايىن سەبى بولغانلىقىم ئۈچۈن بىلىملىك ئادەملەر بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپلا يۈرەتتىم، شۇڭا، مەن يۇنۇسبەگدىن مېنى بۇرھان ئەپەندىنىڭ قېشىغا ئاپىرىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ

قىلدىم، يۇنۇسبەگ يەكشەنبە كۈنى مېنى بۇرھان ئەپەندىنىڭ قېشىغا ئاپىرىشقا ماقۇل بولدى.

6 ـ ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق، سالقىن شامال چىقىپ تۇرغان بىر كۈن ئىدى. بىز تۆتىمىز (يەنە ئىككىسى يۇنۇسبەگنىڭ ياڭ فېڭچۈن، فۇ جۇنچۈن دېگەن ساۋاقداشلىرى) شۇ چاغدىكى ياڭخاڭ (ھازىرقى جەنۇبىي غالىبىيەت كوچىسى) دىكى بىر قورۇغا كېلىپ بۇرھان ئەپەندىنى كۆردۇق. دەسلەپكى يۈز كۆرۈشىشىمىز بولسىمۇ، بىراق ئازىراقمۇ يات ھېس قىلىشمىدۇق. ئۇ مېھرى ئىسسىق، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى ئىدى. بىرنەچچە سائەتلىك سۆھبەت جەريانىدا ئۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىرلەرنى بەردى، ئۇ، سۆزمەن ناتىق ئادەم بولۇپ، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يەكشەنبە كۈنى مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدىغان بولدۇم. بىز دائىم دېگۈدەك جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى، يەرلىك ۋەزىيەت، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دوست ۋە ئىناق ئۆتۈشىنىڭ مۇھىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشاتتۇق.

بىر قېتىم بۇرھان ئەپەندى بىز بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا، قوقەنتلىك ئوفېتسىر ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىقازالارنى كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈستىدە توختالدى ھەمدە: «ئەگەر زوزۇڭتاڭنىڭ قولىدا ھەربىي ھوقۇق بولمىغان ۋە ئەسكىرىي كۈچكە تايىنىپ قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالمىغان بولسا، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زې-

ـمىن ئاللىقاچان بىزگە تەئەللۇق بولمىغان بولاتتى» دېدى. ئۇنىڭ
بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ھەيران قالدىم، شۇنداقـ
ـلا بۇرھان ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. بۇرھان
ئەپەندى ئۆز ۋەتىنى ۋە يۇرتىنى مۇشۇنداق سۆيگەن، چەت ئەل
تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قىلغان تاجاۋۇزى ۋە يۇرتىنى
دەپسەندە قىلىشىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن. بۇنى مەن كۆرگەن،
بۇگۈنكى كۈنىمىزلا نەزەردە تۇتۇپ بىكار يۈرىدىغان، قابىلىيەتسىز
كىشىلەر بىلەن ھەمدە ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك زىيالى دەپ ئاتىـ
ـۋالغان، لېكىن پۈتۈن ئۆمرىنى ھاراق سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزىدىـ
ـغان ۋە قىمار ئويناپ، پاھىشە قىلىپ يۈرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر
بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ كىشىلەر بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئالدىدا
خۇددى قارلىغاچ بىلەن قۇشقاچ قەپەزدە تۇرۇپ سايراپ ئۆزىنى
قالتىس چاغلىغاندەك، قورسىقىنى تويغۇزۇشنىلا بىلىپ، ھېچـ
ـنېمە بىلەن كارى بولماي تېتىقسىز گەپ قىلىپ يۈرىدىغان،
قابىلىيەتسىز كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىـ
ـغان بولدۇم. ئەكسىچە، بۇرھان ئەپەندى بىلەن يېقىنلىشىپ
ئالاقىلىشىش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچەيدى.

1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە
ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈزلۈكسىز غەلىبىگە ئېرىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە،
شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇري دائىرىلەر تىنچ يول بىلەن ھەقىـ
ـقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مەخپىي ئېلىپ بېرىۋاـ
ـتاتتى. ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئىدىيىۋى
تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ گارنىزون باش
قوماندانلىق شتابىنىڭ سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق ھەرقايسى قىسىملاردىكى سىياسىي خىزمەت خادىملىـ
ـرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىنى ئېچىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتـ
ـنىڭ رەئىسى بۇرھان ئەپەندىنى ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېـ
ـرىشكە تەكلىپ قىلدى.

بۇرھان ئەپەندى تەنتەنىلىك ھالدا: «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى، ئارمىيىمىزنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي شىنجاڭغا كېلىشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى — ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بىراق، شىنجاڭدا مەمتىمىن ۋە ئەيسا ئېقىمىدىكىلەر شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىۋېتىپ، جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشنى خام خىيال قىلىۋاتىدۇ. مەمتىمىن ۋە ئەيسالارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرى پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ!» دەپ جاكارلىدى. ئۇ چاغلاردا گومىنداڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، مەمتىمىن ۋە ئەيسالار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ، قىلچە تەپتارتماي گېزىت - ژۇرناللاردا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان تەشۋىقات ۋە قۇتراتقۇلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى شۇ مەزگىللەردە ناھايىتى زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بۇرھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىنى توسۇشتەك رەزىل جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدى. بۇ، بۇرھان ئەپەندىنىڭ جەسۇرانە ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق روھ بولمىغان بولسا، مۇشۇنداق جاسارەت بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھەسەن قۇربان**
جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# قايغۇلۇق تەزىيە، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە

چېن فاڭبەي

## 1

مەن بۇرھان شەھىدى بىلەن 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تونۇشقان. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭدىن شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن، ئەمدىلا مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن چىقىپ جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياش ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۈرۈمچى 1 ـ سىفەن مەكتىپى (دارىلمۇئەللىمىن) گە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندىم. خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولۇپ كىردىم. 5 ـ ئايدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمى مېنى تىياتىر بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ۋەن شيەنتىڭ (جاڭ مېيەنفەن) بۆلۈم باشلىقى، فۇ مىڭرۇ ۋە چيەن چىتيەنلەر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۇرھان شەھىدى ئەينى ۋاقىتتا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشما خەلق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى.

شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا شېڭ شىسەي ئۆزى ئۇيۇشما باشلىقى بولدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لى رۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز مۇئاۋىن باشلىققا تەيىنلەندى. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن

باشلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەرقايسى ئورگان، تەشكىلاتلار-
نىڭ باشلىقلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. باش كاتىپ ۋاڭ
شۇچېڭ (يۇ شيۇسۇڭ) ۋە ئاز ساندىكى بىرنەچچە ئاساسلىق كادىر
مەخسۇس سەپلەنگەندىن باشقا، قالغانلىرى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆ-
تەيتتى. مەنمۇ قوشۇمچە ۋەزىپىگە تەيىنلەندىم. ھەرقايسى بۆلۈم-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى بىجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار ئۈستىدە كېڭە-
شىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ھەر ھەپتىدە چۈشتىن كېيىن
يېرىم كۈن ۋاقىت چىقىرىپ ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ بىرلەشمە
ئىش بېجىرىش كۈنى قىلىنغانلىقتىن، ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ
رەھبەرلىرى ۋە بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر
قېتىم بىر يەرگە جەم بولۇش پۇرسىتى بار ئىدى. مەن ئىككىنچى
قېتىملىق بىرلەشمە ئىش بېجىرىشكە قاتناشقان ۋاقتىمدا، بىرەر
ئىشقا دۈچ كەلسەملا بۇرھان شەھىدىدىن ئەقىل سوراپ يۈرۈپ،
ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى ئۇچراشقاندا،
يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ چىقىشقاق، مول بىلىمگە ئىگە،
كىشىلەرگە سەمىمىي تۇيغۇ بېغىشلايدىغان زات ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلغانىدىم. بولۇپمۇ شىنجاڭغا كەلگىنىمگە ئۇزۇن بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، ئەتراپىمىكى ھەممە نەرسە ماڭا شۇنچە ناتونۇش كۆرۈنەت-
تى، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقا-
دى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر ئىدىم. مەن تىياتىرچىلىق
خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىنى ئۈستۈمگە ئالغان ئى-
كەنمەن (ھەرقايسى مىللەتلەر تىياتىرچىلىقى ۋە ئۇسسۇل سەنئى-
تىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۇنداقتا باشقىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ
ئەقىل سوراپ، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا
مەن تۇنجى ئىشقا چۈشكەن كۈنۈم بۆلۈم باشلىقى ۋەن شيەنتىڭ
ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، خىزمەتلەرگە يوليورۇق بەرگەندە تەكىت-
لەپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، قېرىنداش
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، يۇرت قائى-

دىسى، خەلقلەرنىڭ ئادىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئاۋۋال
ئەھۋال بىلەن پىششىق تونۇشقاندىلا، ئاندىن خىزمەتلەرنى ئىش-
لەشكە قولايلىق بولىدۇ. بۇ جەھەتتە سەن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى
يولداش بۇرھان شەھىدىدىن كۆپرەك ئەقىل سورىغىن، ئۇ كۆپ
تەرەپلىمىلىك بىلىمگە ئىگە، خەنزۇ تىلىنىمۇ ئوبدان سۆزلىيە-
لەيدىغان ئىختىساس ئىگىسى». شۇڭا مەن شۇ كۈندىن باشلاپ
پۇرسەت تېپىپ، يولداش بۇرھان شەھىدىدىن ئەقىل سوراشنى
دىلىمغا پۈكۈپ يۈرەتتىم، بۇ ئارزۇيۇم شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشتى.
ئۇ مېنىڭ شىنجاڭغا يېڭىدىن كەلگەن، ئالىي مەكتەپنى ئەمدىلا
پۈتتۈرگەنلىكىمنى بىلگىنىدە، مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ:
«كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەن، بىلمىگىنىڭنى سورا، قېتىرقىنىپ
ئۆگىنىپ ئالغا ئىنتىل. مەن ئاۋارىچىلىقتىن قورقمايمەن، سې-
نىڭ چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى سورىشىڭنى قارشى ئالىمەن.
سەن ئۆيۈمگە دائىم بېرىپ تۇرغىن، يېتىرقىما» دېدى. شۇنىڭ-
دىن باشلاپ مەن يولداش بۇرھان شەھىدىنى ياخشى ئۇستاز،
يۈكسەك پەزىلەتلىك ئۆلىما، دەپ تونۇپ كەلدىم. كۆزنى يۇمۇپ
ئاچقىچە 1937 - يىل كۈز يېتىپ كەلدى. شېڭ شىسەي بىرىنچى
قېتىملىق چوڭ تازىلاشنى باشلاپ، «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيى-
قەستىدە بولغان» دېگەن جىنايى نام بىلەن بىگۇناھ كىشىلەرنى
ھەدەپ قولغا ئالدى. يولداش بۇرھان شەھىدى مۇشۇ قېتىملىق
چوڭ تۇتقۇن قىلىشتا تۈرمىگە تاشلاندى.

1942 - يىلى 2 - ئايدا، مەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە
باشلىقلىقىدىن ئىچكى قىسىمدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازا-
رىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندىم. مەن 4 - ئايدا ئۈ-
رۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي مېنى مېھمانخانىدا
تۇرۇشقا بۇيرۇپ، مائارىپ نازارىتىگە بىۋاستە بېرىشىمغا رۇخ-
سەت قىلمىدى. مەن ئىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى پەملىدىم،
ئويلىغىنىمدەك، ئەتىسى مەنمۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلان-

دىم. تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، ئەھۋال بىلىدىغانلاردىن تۈر-
مىدىكى ئىسىملىكتە يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىسمى يوقلۇقى-
نى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا «ۋاڭ ئەپەندى» دېگەن يالغان
ئىسىم قوللىنىلغانلىقىنى،① ھەمدە يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ
تېنىنىڭ ساغلام، زېھنىي كۈچىنىڭ تولۇپ تاشقانلىقى، ۋاقتىنى
بىكار ئۆتكۈزمەي ۋە تەن بەرمەي، كۈچلۈك ئىرادە بىلەن كىتاب
يېزىپ، نۇتۇق سۆزلەش بىلەن بىرگە «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە -
روسچە لۇغەت» تۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت كىشىنى ھەيران قال-
دۇرىدىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئىلھاملاندىم. بىر مەھەل
پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، بېسىم ئىچىدە چىرمىشىپ كەتكەن
كەيپىياتىم بىراقلا تۈگەپ، يېڭىۋاشتىن قەددىمنى رۇسلىدىم.

## 2

شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن بى-
گۇناھ تۈرمىگە قامالغانلار يورۇقلۇققا چىقتى. ۋۇ جۇڭشىن شىن-
جاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندا، يولداش بۇرھان شەھىدى
1945 - يىلى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. مەن
تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك جەمئىيەت باش-
قارمىسى 1 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندىم. بۇ دەل
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىل بولۇپ، خەلق ھاكىمى-
يىتى قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن
ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كۆپ قىسىم ناھىيە، شەھەرلىرىنى ئى-
گىلىدى. پەقەت جىڭ، شىخو، ساۋەن قاتارلىق ئاز ساندىكى
بىرقانچە ناھىيىلەر گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ چاڭگىلىدا قالدى.
ئەينى ۋاقىتتا ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لى شىڭ گومىنداڭ

① ئەينى ۋاقىتتا تۈرمىدە نوپۇزلۇق زاتلارنىڭ ھەقىقىي ئىسمى تىزىملىككە كىرگۈزۈل-
مەيتتى.

بىلەن بىرگە شىنجاڭغا كىرگەن ھەربىي ئەمەلدار بولغاچقا ھەم شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشەنمەيتتى، ھەم ناھىيە ھاكىمىيىتىگە پىششىق بولمىغانلىقتىن، بۇ يەرگە ئۆزلىشەلمەي ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بىر كۈنى ۋالىي بۇرھان شەھىدى مېنى قوبۇل قىلدى. بىز جەمئىيەت باشقارمىسىنىڭ قورۇسىدىكى دەرەخ سايىسىدىلا مۇڭدىشىپ كەتتۇق. بۇرھان ئەپەندى ماڭا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئۇدۇللا مۇنداق دېدى: «سېنى ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسىتىشنى ئويلۇدۇم. ھازىرقى ھاكىم لى شىڭ ئۇ يەرگە ئۆزلىشەلمىگەنلىكتىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەن ماناس ناھىيىسىگە بېرىپ ھەرقايسى ساھە زاتلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. مەن سېنى ھاكىملىققا كۆرسىتىشنى لايىق كۆرگەنلىكىمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇلار پىكىرىمنى قۇۋۋەتلەپ، سېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى».
ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «مەن ماناس ناھىيىسىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى، قىيىنچىلىقىنىڭ كۆپلۈكىنى، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. لېكىن پۇقرالار ئۈچۈن بارغىن! خەلق قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرگە موھتاج». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «مەن سېنى چۈشىنىمەن، سەنمۇ مېنى چۈشىنىسەن. ئەڭ ئاساسلىقى، سەن خەلقنى چۈشىنىسەن، خەلق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، خەلق بىلەن قېيىن ئۆتكەلدىن بىرگە ئۆتەلىگەنلەرلا، خەلقنىڭ ھەقىقىي دوستى بولالايدۇ». مەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ سۆزلەرنى، سەمىمىي نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، ماناس ناھىيىسىگە بېرىپ ھاكىم بولۇشنى لايىق تاپتىم.
دەرۋەقە ئويلىغىنىمدەك، مەن ماناس ناھىيىسىگە بېرىپ ھاكىم بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، جىڭ، شىخو ناھىيىسىدە بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش بولدى. كەينىدىنلا جىڭ، شىخو ناھىيىسى يەنە بىرلا ۋاقىتتا قولدىن كېتىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە

تـۇركۇم ـ تـۇركۇم مـۇساپىرلار 9 ـ ئـاينىڭ 13 ـ كـۈنى كەينى ـ كەينىدىن ماناس ناھىيە بازىرىغا چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن مـاناس نـاھىيىسىدىكى ئـاھالىلەرمۇ ئـۇلارغا ئـەگە- شىپ كەينى ـ كەينىدىن چىقىشىپ، ماناس ناھىيىسىمۇ قۇرۇق بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى.

مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يې- تىپ كەلگەندىن كېيىن ئالغا ئىلگىرىلىمەي، گومىنداڭ قوشۇنلى- رى بىلەن ئىككى قىرغاقتا تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىل- لەندى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ۋەكىل- لىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، مەن 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ھاكىملىق ۋەزىپەمنى ئۆتكۈزۈپ بەردىم. بىر يىل ئىچىدە يولداش بـۇرھان شـەھىدى ئـېيتقان «خـەلق ئـۈچۈن» دېـگەن روھ باشتىن ـ ئاخىر ماڭا تۈرتكە بولۇپ كەلدى. مېنىڭ خەلق بىلەن قىيىنچىلىقتا بىرگە تۇرالىشىم يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەي- نى ۋاقىتتىكى نەسىھەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

مەن ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، 1947 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كې- ڭەشكە قاتناشتىم. 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆز- گەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. مەسئۇد ئۆلكە رەئىسى بولغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قارشىلىقى كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلكە- لىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن چىقىشىپ چىقىپ، ئىلىغا قايتىپ كېتىپ ئېتىراز بىلدۈردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا، يولداش بۇرھان شە- ھىدى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىنىپ، شىنجاڭ ئۆل-

ـكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇ-
لۇپ، ئەنجىڭغا بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. مەن 1947 ـ يىلى
8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە
مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندىم. 1949 ـ
يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە
قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، يولداش بۇرھان شەھى-
دى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، مەن يەنىلا داۋاملىق ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن نازىرلىق ۋەزىپەمدە بولدۇم. يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ
بىۋاستە رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن-
لىكىمدىن ئىنتايىن روھلاندىم، ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ھەر
ۋاقىت يولداش بۇرھان شەھىدىدىن ئەقىل سوراپ، ئۇنىڭ يوليو-
رۇقلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن كەيپىياتىم
تۇراقلىشىپ، بارلىق زېھنىي كۈچۈمنى خىزمەتكە ئاتىيالىدىم.

3

1949 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا تىنچ يول
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى مۇھاكىمە قىلىنىش جەريانىدا،
يولداش بۇرھان شەھىدى مۇستەھكەم ئېتىقادى، تولۇپ ـ تاشقان
زېھنىي كۈچى، مول قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، چىگىش،
مۇرەككەپ ئەھۋالدا گېنېرال تاۋ سىيۆ، شتاب باشلىقى تاۋ جىن-
چۇ، باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن قاتارلىقلار بىلەن يېقىندىن ھەم-
كارلىشىپ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئىككى تەرەپتىن تەشكىللەنگەن
ھەقىقەتكە قايتىشقا رەھبەرلىك قىلىش يادروسىنى شەكىللەندۈ-
رۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئوڭۇشلۇق
ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشتى. يولداش
بۇرھان شەھىدى ئاۋارىچىلىقلاردىن قورقماي، ھەممە ئىشنى ئۆ-

زى قول سېلىپ ئىشلەشكە ئادەتلەنگەنىدى. ھەقىقەتكە قايتىش
پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، دائىم ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل-
لىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. يولداش بۇرھان شەھىدى
كۆپ قېتىم مەن بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەنىدى. ئۇ مائارىپ
ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى ھەمدە
مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.
ئاممىغا يېقىنلىشىپ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئاممىغا تايى-
نىپ ياخشىلىرى بىلەن ياخشى ئەمەسلىرىنى ئېنىق ئايرىپ،
تايانچلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئومۇمىيلىقنى موقىملاشتۇرۇش
كېرەك. مائارىپ ساھەسى ھەممىدىن بەك جانلىق ساھە، شۇڭا
تېخىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك» دېگەنىدى. مەنمۇ ئۆزۈم
ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ھەرۋاقىت ئىنكاس قىلىپ تۇرات-
تىم. يولداش بۇرھان شەھىدىمۇ مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزا-
لىرى ئىچىدە ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان تايانچ
كۈچ، دەپ قارايتتى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان
ئامىللار ناھايىتى كۆپ. گەرچە ھەممىدىن مۇھىمى ۋە مۇھىم
ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايتتى،
بىر تەرەپتە مەسىلە كۆرۈلسە، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۇلى تەۋرى-
نىپ قالاتتى. كۆپ ئامىللار ئىچىدە، بىرىنچىدىن، جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ توغرىلىقى
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى قا-
راڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا
دەۋەت قىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئازادلىق ئۇرۇشى ھەربىر ھالقى-
لاردا غەلىبىگە ئېرىشىپ لەنجۇ، شىنىڭ ئارقا ــ ئارقىدىن ئازاد
بولدى. شىنجاڭ ياردەمچىسىز ۋەزىيەتتە قالغاندا، ئازادلىق ئار-
مىيە غەلىبە بىلەن شىنجاڭغا كىردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ۋىلا-

يەتنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلابىي كۈچىنىڭ مەۋجۇتلۇقى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا غايەت زور بىر ھەيۋەتلىك كۈچ بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى، يولداش دېڭ لىچۈننى ئۈرۈمچىگە ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتنىشىش ۋە رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىگە ئەۋەتىشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى ۋە سىياسەتلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى؛ تۆتىنچىدىن، باش قوماندان تاۋ سىيۆ ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدى رەھبەرلىك يادروسىدىكى شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەتتىن بولغان ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خادىملار ۋە كەڭ كادىر، ئوفىتسىر ـ ئەسكەرلەر، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىگە قارىتا، مەيلى قىسمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بولسۇن، ھەر خىل ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان پوزىتسىيە تۇتۇلدى. ۋەتەننى سۆيىدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى بىر قەدەر بىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ھەقىقەتكە قايتىشقا مايىل بولدى، بولۇپمۇ 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش بۆسى ئېلان قىلغان «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتابنامىسى» دە جاكارلانغان «باش جىنايەتچىنى قاتتىق جازالاش، ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش» سىياسىتىنى، شۇنىڭدەك 1949 ـ يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قەيەرگە بارىدۇ» سەرلەۋھىلىك شانلىق ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «ۋەزىيەت بۈگۈنگە كەلگەندە، بارلىق قۇرۇق گەپلەرنى دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. يەنىلا ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ،

خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان ياخشى» دېگەن ئاگاھ-
لاندۇرۇشىنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى تىنچ يول بىلەن ئازاد
قىلىش جەريانىدا خەلققە، كومپارتىيىگە پائال يۆلىنىپ خىزمەت
كۆرسىتىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ، خەلقنىڭ كەچۈرۈم قىلىشى ۋە
ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىش تەرىپىدە بولدى. لېكىن يەنە بىرقىسىم
گومىنداڭنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرى، يەرلىك فېئودال كۈچلەر ۋە
ئەكسىلئىنقىلابچى جاھىل ئۇنسۇرلار ئەكسىيەتچىل مەيدانىدا
چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇردى. ۋەھالەنكى،
ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ كونكرېت مۇھىتىدا، ئالاھىدە تارى-
خىي شارائىتتا، ھەقىقەتكە قايتىش ئاساسىي ئېقىمغا، ئومۇمىي
يۈزلىنىشكە ئايلاندى، كىشىلەر قەلبى بۇنىڭغا مايىل بولۇپ،
ئۇنى توسۇۋالغىلى بولمايتتى.

ھالبۇكى، ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق مۇۋەپپە-
قىيەتكە ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ بىردەك
ئىتتىپاقلىشىشىدىن باشقا، ئىنتايىن چوڭ دەرىجىدە يەنىلا قى-
سىملارغا باغلىق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق قىسىمىنىڭ 100 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. گەرچە
ئۇلارنىڭ گومىنداڭنى مەغلۇبىيەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇۋې-
لىشقا قۇربى يەتمىسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن
ئازاد قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشتا بۇزغۇنچىلىق رول ئوينىيا-
لايتتى. قىسىمدىكى قوماندانلار ئىچىدە، گارنىزون باش قوماندا-
نى تاۋ سىيۆ، مۇئاۋىن باش قوماندان جاۋ شىگۇاڭ، شتاب باشلى-
قى تاۋ جىنچۇ، غەربىي شىمال مەمۇري مەھكىمە باش كاتىپى
ليۇ مېڭچۇن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش مۇئاۋىن
قوماندانى جاڭ فېڭيى (رەئىس بۇرھان شەھىدى قوشۇمچە قوماں-
دان ئىدى )، ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسىنىڭ دىۋىزىيە
كوماندىرى خەن يۇۋېن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىنچ يول بىلەن

ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسىنىڭ كوماندىرى ما چېنشياڭ، 78 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى يې چېڭ، 179 ـ بىرىگادا كوماندىرى لو شۇرېن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى گۇرۇھتىكى كۈچلەرنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسكىرىي ھوقۇق، قوشۇن بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلسا ئاقىۋەتنى مولچەرلىگىلى بولمايتتى. شۇڭا، تۆۋەن قاتلامدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرى قاتلامدىكى جاھىل ئۇنسۇرلارنى يىتىم قالدۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاش، ما چېنشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلەرنىڭ قىسمىغا قوللىنىش زۆرۈر بولغان تەدبىر ۋە ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولۇپ قالدى.

يەنە بىر جەھەتتىن گەرچە قىسىملار ھەقىقەتكە قايتىشتىكى ئاساسلىق كۈچ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ماسلىشىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى بولمىسا ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئىككى تەرەپ ماسلىشالمىسا، ھەقىقەتكە قايتىش يەنىلا قىيىنغا چۈشەتتى. مەيلى ھەرقانداق بىر تەرەپتە مەسىلە كۆرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمىيلىقتا تەسىر يېتىپ، بىر تۇتاش ئىنكاسلار پەيدا بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتە ھەقىقەتكە قايتىش بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە، تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى فرونت بار ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىس بۇرھان شەھىدى، ئەزا، قوشۇمچە باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن، ئەزا، قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ، ئەزا، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۇ، ئەزا، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ دېئېن، ئەزا، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن

فائبەي، ئەزا، قوشۇمچە جەمئىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ يۇڭشياڭ، ئەزا، قوشۇمچە جەمئىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېردەنى، ئەزا، قوشۇمچە تىل مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ دىخۋا، ئەزا ليۇ شياۋلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلار رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەكسىچە ئەزا، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەد ئىمىن، ئەزا، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، ئەزا، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان قاتارلىق ئۈچەيلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى جاھىل گۇرۇھ ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا تىركىشىش خام - خىيالىدا بولدى. لېكىن، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن، ۋاڭ زېڭشەن ئىككىيلەن چەتكە قېچىپ كەتتى، جانىمقان ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغى رايونىغا قېچىپ كىرىۋېلىپ، ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قانۇن بويىچە باستۇرۇلدى.

تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى مۇھاكىمە قىلىش، ئەكسىيەتچىل گۇرۇھلارنىڭ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈرىشىدە، خەلقنىڭ كۈچىمۇ تولۇق نامايان قىلىندى. بولۇپمۇ مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىپادىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى، ياش ئوقۇغۇچى ۋە زىيالىيلار ھەممىدىن بەك سەگەك بولۇپ، ئىنقىلابىي خاراكتېرىنى ئىپادىلىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پاتراق ئازادلىققا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىدى. چۈنكى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەدەنىيەت، مائارىپ سېپىدە ئىشلەيتتى. ياش

ئوقۇغۇچىلارنى ئىنقىلاب نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش جەھەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈ-رۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى ئۈرۈمچىگە ھەقىقەتكە قايتىش خىزمىتىگە ھەمكارلىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە قاي-تىش مۇساپىسىگە كاپالەتلىك قىلدى ۋە ئۇنىڭ سۈرئىتىنى تېز-لەتتى. يۇقىرىقى ئامىللار سەۋەبىدىن، شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قاي-تىشتىن ئىلگىرى، مەخپىي ئىنقىلابى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلات-لار كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «كۆرەش جەمئىيىتى» ، «ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى» ، «شىنجاڭ ياشلار دې-موكراتىيە ئىتتىپاقى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتى ھەم-مىدىن بەك جانلاندى. ئۇلار تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەر-لىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى ئىلگىرىلە-تىشتە پائال رول ئوينىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئېيتى-مىزكى: شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى-نىڭ غەلىبە قۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، پارتىيە سىياسىتى-نىڭ شانلىق غەلىبىسى. تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ پائالى-يەتلىرىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە يول-داش بۇرھان شەھىدى يۈرەك قېنى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، قوغداش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

## 4

تەدبىرلەر كۈچلۈك، توغرا ھەم مۇۋاپىق بولۇش، ئېھتىيات-چانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش — ھەقىقەتكە قايتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ كاپالىتى. ھەقىقەتكە قايتىش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-

مەت رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرقانچە كۈچ-لۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈ-رۈش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى. بۇ تەدبىر-لەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىقتىسادىي جەھەتتە گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى قەغەز پۇل قەھەتچىلىكى ئازابىنى داۋاملىق تارتىشتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، ئالتۇن دوللار ئىشلىتىش رەت قىلىن-دى. 1949 - يىلىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى كۈمۈش تەڭگە پۇل ياساشقا تۇتۇش قىلىپ، ئالتۇن دوللارنى مەنئىي قىلىش ئۈچۈن كۈمۈش تەڭگە پۇل تارقاتماقچى بولدى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە كەلگەندە تارقىتىلىپ ئوبوروت قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۈمۈش تەڭگە پۇل شىنجاڭنىڭ ئوبوروت پۇلى بولۇپ قالدى. بۇ تەدبىر ئارقىلىق، ئالتۇن دول-لارنى ئىشلىتىش رەت قىلىنىپ، ئالتۇن دوللارنىڭ كۆپلەپ بازارغا كىرىشى چەكلەندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مال باھا-سى مەسىلىسى مۇستەقىل، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ھەل قىلىنىپ، مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقى قوغدىلىپ، كىشى-لەرنىڭ قەلبى تىنچلاندۇرۇلدى.

(2) ماناس ناھىيىسىگە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىلدى، ئىككى تەرەپ قورال كۈچى ئىشلەتمەي، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى قوغداشقا كا-پالەت بەردى. چۈنكى، 1949 - يىلى 7 - ئاي ئارىلىقىدا، ماناس، قۇتۇبى، سانجى ئۈچ ناھىيە خەلقلىرى ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغايدىكەن، ئۇرۇش يەنە پارتلايدىغان بولدى، دېگەندەك ئىغۋالار تارقالدى. ئۈچ ناھىيە خەلقى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، سىرتقا قېچىش تەييارلىقىنى قىلىش-

ـتى. ماناستا تۆرۆشلۆق قىسىمىمۇ چېكىنگەندە ترانسپورت قورالى قىلىش ئۈچۈن خەلقلەردىن 150 نەچچە ئات هارۋىسى يىغدى. رەئىس بۇرهان شەهىدى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاڭبەي ئۈمەك باشلىـ قى، ئۆلكىلىك هۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسى كادىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نۇسرەت، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ رۇن ئىككىيـ لەن ئۈمەك ئەزاسى بولغان ۋەكىللەر ئۈمىكىنى تەشكىللەپ، ماناس ناهىيىسىگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزۈشـ كە ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىككە كاپالەت بەردى. ۋەكىللەر ئۈمىكى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى ماناس ناهىيىسىـ گە باردى. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، بۇرهان ئەپەندى ۋەكىللەر ئۈمىكى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۈمەك ئەزالىرىغا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. سىلەر ئالدى بىلەن قۇتۇبىغا بېرىپ، قۇتۇبىدا تۆرۆشلۆق 78 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى يې چېڭغا شۇ نەرسە توغرۇلۇق تەپسىلىي ئىزاهات بېرىڭلار، يەنى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ هۇجۇم قوزغايدىكەن، دېگەن پىتنە ـ ئىغۋالار كەينى ـ كەينىدىن تارقالـ دى. بىز ئەهۋالنى ئېنىقلىمىساق بولمايدۇ، بىز تەرەپنىڭ پوـ زىتسىيىمىزنى ئىپادىلەڭلار. بىز تەرەپ هەرگىز قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىككە كاپالەت بېرىمىز. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭمۇ تىنچلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، هەرگىز يېنىكلىك قىلىپ ئەسكەرلىـ رىنى ئىشقا سالماسلىقىنى تەلەپ قىلىمىز. دىۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈن دىۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭنىڭ ماناس ناهىيىسىدە تۆرۆشلۆق قوشۇنىغا سىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىشىڭلارغا هەمكارلىشىپ، سۆهبەتلىشىش ئورۇنـ

نى بېكىتىپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىشىنى سوراپ خەت يازدى.
مەن ماناس ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ھوشۇر ھاجى (قازاق)
غا خەت يازدىم، ئۇ دەرھال تاغ رايونىغا بېرىپ چارۋىچىلارغا
شۇنى ئۇقتۇرۇشى كېرەككى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەريانىڭ غەر-
بىگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىللەر
ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى قوغ-
دىشى كېرەك، ئۇرۇش بولمايدۇ. كۆپچىلىكتىن خاتىرجەم تى-
رىكچىلىك قىلىشىنى، ھەرگىز سىرتقا قاچماسلىقنى تەلەپ قىلى-
مىز». ۋەكىللەر ئۆمىكى ماناس ناھىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن،
ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۇچرىشىش ماقۇل-
لۇقىنى ئالدى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ماناس دەرياسى-
نىڭ غەربىي قىرغىقىغا ۋاقىتلىق تىكلىگەن كەپىدە سۆھبەت
ئۆتكۈزدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك
باشلىقى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى مەغرۇپ، ئەزا-
لىرى ماناستا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇننىڭ پولك كوماندىرى
ئىمىنوف ۋە نۇگۇسۇپ ئىككىيلەن ئىكەن. ئىككى تەرەپ ۋەكىل-
لىرى ئىناق كەيپىيات ئىچىدە سۆھبەتلىشىپ، ھەممەيلەن تىنچ-
لىقنى قوغداشتىن ئىبارەت سەممىي نىيىتىنى ئىپادىلىدى. ئەڭ
ئاخىرى مەرغۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك تەلەپكە ئاساسەن
ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. مەرغۇپ مۇنداق تەكلىپ
بەردى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھەرگىز ھۇجۇم قوزغىماسلىققا كاپا-
لەت بېرىدۇ، بۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئاۋام خەلققە يەتكۈ-
زۈڭلار، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلسۇن، پىتنە - ئىغۋا-
لارغا ئىشىنىپ، پاراكەندە بولۇپ سىرتقا قاچمىسۇن؛ ئىككىن-
چى، قىسىملار خەلقتىن يىغىۋالغان ئات ھارۋىسى قاتارلىق
ترانسپورت ۋاسىتىلىرىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرسۇن؛ ئۈچىن-
چى، بىز تەرەپنىڭ جەڭچىلىرى دەريادا ئات سۇغۇرغاندا ياكى
دەريادىن سۇ ئالغاندا، سىلەر تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئىغۋاگەرلىك

قىلسا بولمايدۇ، ئوق چىقىرىپ ئادەملىرىمىزنى يارىلاندۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ ئۈچ ماددىلىق كېلىشىمگە ئاساسەن، ماناس، قۇتۇبى، سانجى ئۈچ ناھىيىدە ئاما چوڭ يىغىنى چاقىرىپ، سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى جاكارلىدى. بىر مەيدان داۋالغۇش تىنجىتىلىپ، تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىندى.

(3) مائارىپ نازارىتىنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيتىلىپ، ئىشپىيونلارنىڭ ۋەقە پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدى قاتتىق ئېلىنىپ، ھەرۋاقىت ئىشپىيون ئۇنسۇرلارنىڭ ئالەمنى مالىمان قىلىش سۇيىقەستى ئېچىپ تاشلىنىپ، مەكتەپلەردە تىنچ ۋەزىيەت مۇقىملاشتۇرۇلدى. 1949 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئارىلىقىدا، ئىشپىيون ئۇنسۇرلار ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ «مەدەنىيەت سالونى»دا يىغىلىش قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى ھەربىي دائىرىلەرگە مۇنداق بىر مەخپىي دوكلات قىلغان: ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئىلتىجا قىلماقچىكەن، تىلىكى تولۇق ھەل قىلىنمىسا، دەرس تاشلاپ كۈچ كۆرسىتىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي دائىرىلىرى (گارنىزون باش بۇسى 2 ـ باشقارما) ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ گارنىزون قوماندانى چېن دېفا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ دۇڭلىغا باشلامچىلىق بىلەن ئىغۋاگەرلىك قىلغان ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى دەرھال قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق قىلغان. مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەنگە دەرھال قاتتىق پوزىتسىيىدە مۇنداق دېدىم: «دەرس تاشلاش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز بولمايدۇ، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ مەدە-

نىيەت سالوندا يىغىن ئېچىشىدىكى سەۋەب، مال باھاسى ئۆرلەپ، قەغەز پۇل قەھەتچىلىكى بولۇپ، تۇرمۇشنى قامدىيالمىغانلىقتىن، ئىش ھەققىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلغان. مەن ئۇلارنىڭ يىغىن ئاچىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلۈكىمدىن يىغىنغا قاتناشتىم. يىغىندا، مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ھېسابىغا قوشۇپ بىر قىسىم ئەمەلىي بۇيۇملارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مال باھاسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماسلىقنى قارار قىلدىم. بۇ قارارنى چىقىرىشتىن ئاۋۋال رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ يوليورۇقىنى ئالدىم، رەئىس بۇرھان شەھىدى بۇ قارارنى ۋەكىللەرگە جاكارلىشىمنى بۇيرىغانىدى. مەسىلە ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىندى. رەئىس بۇرھان شەھىدى بىلەن باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن بۇ ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى بىلىدۇ، سىلەر ھازىرنىڭ ئۆزىدە يوليورۇق سورىساڭلار بولىدۇ. ئىشپىيونلارنىڭ يالغان ئاخباراتىغا ئىشىنىپ، ئۆزۈڭلارغا باش ئاغرىقى تېپىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقارساڭلار ھەرگىز بولمايدۇ» . شۇنىڭ بىلەن قولغا ئېلىش ئىشى بېسىقىپ، ئىشپىيونلار پىلانلىغان مائارىپ ساھەسىدىكىلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىشتەك بىر مەيدان ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ ئالدى ئېلىندى. مائارىپ ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، توپىلاڭغا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللار تۈگىتىلدى.

(4) ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ليۇ مېڭچۈن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ھەقىقەتكە قايتىش پائالىيىتى پائال ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - كورپۇسىنىڭ كوماندىرى ما چېنشياڭ، 78 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى يې چېڭ، 179 - برىگادانىڭ كوماندىرى لو شۈرېن قاتارلىقلار مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى توپىلاڭ

كۆتۈرۈش سۈيىقەستىدە بولدى. ئۇلار 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى
ئۈرۈمچى شەھىرىدە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشنى پىلانلىدى. ما
چېنشياڭ، يې چېڭ، لۇ شۇرېنلارغا قاراشلىق ھەرقايسى قىسىم-
لار بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەقىقەتكە قايتىش پائالىيى-
تىگە پائال قاتنىشىۋاتقان رەھبەرلەرنى قولغا ئېلىپ،
ئارقىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، قىسمىلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي
شىنجاڭغا بېرىپ ئايرىم پىلان تۈزمەكچى بولغان. بۇ سۈيىقەستنىڭ
قوماندان تاۋ سىيۆ، رەئىس بۇرھان شەھىدى، باش كاتىپ لىۇ
مېڭچۈنلەر خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، باش كاتىپ لىۇ مېڭچۈن
مەسئۇل بولۇپ، ئالدىن تۇتۇش قىلىپ 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى
كەچتە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ما چېنشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلار-
نى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، ھەمدە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش
مۇئاۋىن قوماندانى جاڭ فېڭيى، ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانى
چېن دېفا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ، مالىيە نازارى-
تىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۇ قاتارلىقلار ئۇلارغا ھەمنە-
پەس بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى. زىياپەتنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بو-
لۇپ، تاماقتىن كېيىن يەنە تانسا، قارتا ئويناش پائالىيىتى ئۇ-
يۇشتۇرۇلۇپ، مېھمانلار كېچىچە تۇتۇپ قېلىندى، ما چېنشياڭ،
يې چېڭ، لو شۇرېنلار قوشۇندىن ئايرىلىپ قوماندانلىق قىلالمى-
غاچقا، سۈيىقەست ئەمەلگە ئاشمىدى.

(5) زور مىقداردا پۇل تۆلىنىپ، ما چېنشياڭ، يې چېڭ،
لو شۇرېنلار ئەسكىرىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ پۇلنى ئېلىپ چىقىپ
كەتتى. ما چېنشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار «21 ـ
سېنتەبىر» سۈيىقەستى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە
ئازادلىق ئارمىيىنىڭ چوڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى
كۆرۈپ ئۇلار بىلەن داۋاملىق تىركىشىشكە كۆزى يەتمە-
دى. «26 ـ ئاۋغۇست» كۈنى لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن،

چوڭ قوشۇن داۋاملىق خېشى كاردورىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۈرۈمچى شەھىرى ياردەمچىسىز يالغۇز شەھەرگە ئايلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتكە قايتىشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تاۋ سىيۆ، جاۋ شىگۇاڭ، تاۋ جىنچۇ قاتارلىقلار قوشۇن ئىچىدە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىر مەھەل تەۋرىنىپ قالغان گېنېرال، پولكوۋنىكلارمۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا مايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ما چېنشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار يىتىم قالدۇرۇلۇپ، ھېچقانداق چارىسىز قېلىپ، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاب كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش چوقانى تەدرىجى كۈچىيىپ باردى. خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ۋە كومپارتىيە سىياسىتىنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا، ما چېنشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار ئۆزىنى چاغلىماي، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇپ، ئاقىۋەتتە مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەسكىرىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭدىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، بارلىق خۇسۇسىي مال - مۈلكىنى ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئۆزلىرىگە بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ شەرتىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي - زېمىنى، ئاپتوموبىل، ئائىلە سايمانلىرى ھەتتا پارچە - پۇرات نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەيلى ئومۇمنىڭ ياكى شەخسنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك باھا قويۇپ، ئورنىغا ئۆلكە خەزىنىسىدىن ئالتۇن تۆلەپ بەردى. بۇ تەدبىر بىلەن ما چېنشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار شىنجاڭدىن تېز ئايرىلدى. ئۇلار 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، مال - مۈلكىنى ئېلىپ، ۋاڭ زېنشەن، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بىرنەچچە ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، تاشقورغان ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.

ئۇلار چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، 1949 ـ يىلى
9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى
تاۋ سىيۆ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قى-
سىملىرى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلاپ، جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ،
باش قوماندان جۇ دېلارغا تېلېگراممىا يوللاپ، بۈگۈندىن ئېتىبا-
رەن گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقى-
سىنى ئۈزۈپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلى-
قىنى جاكارلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن،
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق جىددىي ئەزالار يىغىنى
چاقىرىپ، ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.
يىغىنغا رەئىس بۇرھان شەھىدى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى.
يىغىنغا باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن
نازىرى بەي ۋېنيۇ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ
دېئېن، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاڭبەي،
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ، جەمئىيەت باشقارمىسى-
نىڭ باشلىقى ليۇ يۇڭشياڭ، مۇئاۋىن باشلىقى ئېردەنى، تىل
مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جوڭ دىخۇا، ئەزا ليۇ شياۋلى
قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئون نەپەر ئەزاسى قاتناشتى.
يىغىندا ئىككى تۈرلۈك قارالما مۇزاكىرە قىلىندى: بىرىنچى،
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى
تېلېگراممىسى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. بۈگۈندىن ئېتىبا-
رەن گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى
ئۈزۈپ، خەلق قوينىغا قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش جاكارلاندى؛ ئىك-
كىنچى، قارار مۇزاكىرە قىلىندى، يەنى ھەقىقەتكە قايتىش جا-
كارلانغان كۈندىن ئېتىبارەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدى-

ـكى خادىملار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بارلىق ھۆج-
جەت، ئارخىپلارنى قوغداشقا ھەقىقىي مەسئۇل بولۇشى، ئومۇم-
ـنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى قوغداپ، نورمال خىزمەت ئىشلەپ،
ئىجتىمائىي تەرتىپكە رىئايە قىلىشى لازىم. ھەرقانداق ئادەمنىڭ
ھۆججەت، ئارخىپلارنى بۇزۇشىغا، كۆيدۈرۈۋېتىشىگە، ئومۇم-
ـنىڭ مال ـ مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىغا، ئوغرىلاپ كېتىشى-
ـگە، خىزمەتتىن توختىتىشىغا ۋە ئۆز مەيلىچە ۋەزىپىسىدىن ئايرى-
ـلىشىغا، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇل-
ـمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. يى-
ـغىن كەسكىن، ئەستايىدىل كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. چۈن-
ـكى بۇ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە يىغىن بولۇپ، بۇ يىغىن گومىن-
ـداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بې-
ـرىپ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ بەردى.
يىغىن ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلدى. ئەزالار ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بويىچە قارارنى بىردەك ماقۇللىدى،
ھەممە تېلېگراممىغا بىر ـ بىرلەپ ئىمزا قويدى. رەئىس بۇرھان
شەھىدىنىڭ روھىي ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېدى:
«ئەزالار، بىز دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق بىر چوڭ ئىشنى قىلى-
ـدۇق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا يۈز كې-
ـلەلەيمىز!». يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەزالار دەرھال
ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ، يىغىنىنىڭ قارارىنى سىستېمىلار بويىچە
يەتكۈزدى.

ھەقىقەتكە قايتقانلىق خەۋىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن
پۈتكۈل ئۈرۈمچى شەھىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ھەر
خىل يېزىقتا يېزىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياشى-
سۇن!»، «ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى ياشىسۇن!» دېگەن لوزۇن-
ـكىلار پۈتۈن شەھەرنىڭ كوچا، رەستىللىرىگە ئېسىلدى، ئۈرۈم-
چى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز شاتلىققا چۆمدى.

ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگىنىمدە، ھەقىقەتكە قايتىش
پائالىيىتىدە، مېنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي تەۋرەنمەي،
پارلاق يولنى تاللىشىم ئۆزۈمنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىمنىڭ ئېنىق،
خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان بولغانلىقىمدىن باشقا، بۇرھان
ئەپەندىنىڭ تەربىيە ـ نەسىھەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇرھان ئە-
پەندىنىڭ سەمىمىي تەربىيىسى، يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە مول
بىلىمى ماڭا چەكسىز تەسىر كۆرسەتكەنىدى؛ تېخىمۇ مۇھىمى،
مېنىڭ پارتىيە سىياسىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى قوبۇل قىلغان-
لىقىم؛ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ھەربىر ھالقىلاردا غەلىبىگە ئېرىش-
كەنلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدىن بولدى.
پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇ-
مىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان خادىملار-
غا قاراتقان سىياسىتى ئەمەلىلەشتۈرۈلدى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ
غەمخورلۇقى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن، 1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا
ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك
كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش-
نىڭ ئەزاسى بولدۇم. 1983 ـ يىلى نۆۋەت ئالماشتۇرۇلغاندا،
يەنە سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتې-
تىنىڭ ئەزاسى بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن سىياسىي
كېڭەش مەملىكەتلىك 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى
بولدۇم. شۇڭا 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئاز دېگەندىمۇ ھەر يىلى
بۇرھان ئەپەندى بىلەن بېيجىڭدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش
يىغىنى مەزگىلىدە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم، شۇ
ۋاقىتتا بۇرھان ئەپەندى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى ئىدى. مەندە ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى شۇ-
كى، 1985 ـ يىلى سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك
كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنى مەزگىلىدە، بۇرھان ئەپەندى مۇئاۋىن
رەئىس تاۋ سىيۇ بىلەن مېنى ئۆز ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئالاھى-

ـدە تەكلىپ قىلدى. شۇ كۈنى بىز ئۇچەيلەن بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشال ـ خۇرام جەم بولغىنىمىزدا، ئىنتايىن ھاياجان‌ـ لاندىم. بۇرھان ئەپەندى بىلەن تاۋ سىيۈ ئەپەندىنىڭ يېشى 90 ـ دىن ئاشقان بولسىمۇ، كەيپىياتى ئۈستۈن، خۇش ـ چاقچاق ئىدى. شىنجاڭدا «25 سېنتەبىر» تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان مەزگىل تىلغا ئېلىنغاندا، بۇرھان ئەپەندى مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدا بىز بىلەن بىرگە 25 ـ سېنتەبىر تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقان سەپداش‌ـ لىرىمىزدىن كۆپ كىشى قالمىدى. بىز ئۇچەيلەننىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىمىز كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت!». بۇ نېمىدېگەن سەممىي سۆز ـ ھە! يولداش بۇرھان شەھىدى بىز بىلەن ۋىدالاش‌ـ تى. مەن گەرچە ياخشى ئۇستازىم ۋە ئوبدان دوستۇم، ھۆرمەت‌ـ لىك رەھبىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، خىزمەتنى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدىغان، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلى‌ـ مەسلىك روھى يۈرەك قېتىمدا چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇ‌ـ نىڭ ۋەتەننى، خەلقنى قىززغىن سۆيۈش، ئازادلىقتىن كېيىن باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەر‌ـ كىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىر‌ـ لىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك ئالىيجاناب خىسلىتى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز. قەدىرلىك ئۇستازىم بۇرھان ئەپەندى، خاتىرجەم ياتقايسىز!

1994 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن باقى

جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭدا ئىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەزگىلىدىكى بۇرھان ئەپەندى

**خەن يۈۋېن**

مەن بۇرھان ئەپەندى بىلەن 1946 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا تونۇشقانىدىم. ھازىر بۇنىڭغا يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. ئۇ ئاقساقال 1989 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مەنمۇ 80 نەچچە ياشقا كىرىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ خىيالغا چۆمدۇم.

## بۇرھان ئەپەندى بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈش

1944 ـ يىلى قىشتا، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىدە ئىنقىلاب پارتلىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى بىۋاسىتە تەۋرىتىپ قويدى، جياڭ جېيشى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ما بۇفاڭنىڭ 5 ـ ئاتلىق كورپۇسىنى چىڭخەيدىن شىنجاڭغا يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ چاغدا مەن 5 ـ ئاتلىق كورپۇس 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى ئىدىم. 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە شتابى شىمالىي شىنجاڭنىڭ گۈچۈڭ ناھىيىسىدە تۇراتتى، دىۋىزىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى پولكلار مورى، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۈەن، سانجى قاتارلىق ناھىيىلەرگە ئورۇن-

لاشتۇرۇلدى.

تەخمىنەن 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مەن ئۈرۈمچىنىڭ نەنگوەندىكى 5 - كورپۇسنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا باردىم. 5 - كورپۇس ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى ما ۋېنخۇي ماڭا: «ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىسى بۇرھان ئەپەندى خەن دېۋزىيە كوماندىرىنى ئۈرۈمچىگە كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ سىزنى يوقلاپ كەلمەكچى ئىكەن» ، دېدى.

مەن قىسىملار بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، گەرچە بۇرھان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئائىت بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ياڭ زېڭشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، جەمئىيەتتە مەلۇم ئابرويى ۋە تەسىرى بار ئىدى. ئۇ يەنە ئالىم ئىدى. ئۇ گېرمانىيىدە ئوقۇغان، بىرقانچە دۆلەت تىلىنى بىلىدىكەن. 5 - ئاتلىق كورپۇس شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ كورپۇس كوماندىرى بىلەن دائىم بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇرغاچقا، كورپۇس كوماندىرى ماڭا ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

شۇ چاغدا بۇرھان ئەپەندى 5 - ئاتلىق كورپۇسقا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن ئىشخانىدا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم، ما ۋېنخۇي بىر كىشىنى باشلاپ كىرىپ: «خەن شىجاڭ، بۇرھان ئەپەندى سىزنى يوقلاپ كەپتۇ» دېدى.

توق كۆك رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا قىزغىنلىق بىلەن سالام بەردى ھەمدە ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. مەن بىر تەرەپتىن سالام بېرىپ يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم. ئۇ مەندە ئوچۇق ۋە قىزغىن تەسىر قالدۇردى. بىز

ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن بىر ئاز ئەھۋاللاشتۇق. بىز خۇددى كۆپ يىللار بېرىش - كېلىش قىلىشقان يېقىن دوستلاردەك پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىزنىڭ ئەڭ كۆپ سۆزلەشكىنىمىز يەنىلا شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى بولدى. بۇرھان ئەپەندى مۇنداق دېدى: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، تۈرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ شىنجاڭغا كىرگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تىنچلىقنى قوغداشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. يەنە 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ ئەلنى ئەمىن قىلىپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ۋە ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتتە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن». ئۇنىڭ سۆزى ئاددى بولسىمۇ، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئادەم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، بىر خىل يېقىملىق ھېس قىلاتتى. مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، يەرلىكتىكى ئاز بولمىغان مىللىي يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى بىلەن ئۇچراشقان بولساممۇ، لېكىن بۇرھان ئەپەندى مەندە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەسىر قالدۇردى. بۇ بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز كۆرۈشۈش بولدى.

## تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى پىلانلاش

تەخمىنەن 1948 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇرھان ئەپەندىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. مەن گۇچۇڭدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن

خۇرسەن بولدۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇمچىگە بارغىنىمدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يېڭى باشلىق بولغان ئەپەندىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغانلىقىنى تەبرىكلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە 5 ـ ئاتلىق كورپۇسقا كۆپرەك ئېتىبار بېرىشنى ئۆمىد قىلدىم. ئۇ، مېنىڭ ئۇنى تەبرىكلىگەنلىكىمگە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە: «مەن ئۆلكە رەئىسىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەرباپلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن» دېدى.

ئەينى چاغدا، مەن بۇرھان ئەپەندى ئېيتقان «شىنجاڭنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشەنمىگەن ئىدىم. لېكىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى تەدرىجىي چۈشەندىم. بۇ چاغدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي جەھەتتە ئارقا ـ ئارقىدىن لياۋشېن، خۇەيخەي ۋە پىڭجىندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشتىكى تايانچى قىسىملىرى يوقىتىلغان، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بەربات بولۇشىدىن ساقلىنىش تەس بولۇپ قالغانىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي ـ شىمال جەڭ مەيدانىدا ئارقىمۇئارقا غەلىبە قىلىپ شىئەن، يىنچۈەن، لەنجۇ ۋە شىنىڭنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئازاد قىلدى. بۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ تەقدىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان ئەپەندى شىنجاڭنى

تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى پىلانلاشقا باشلىدى. ھەربىي سىستېما ئىچىدە، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن مۇئاۋىن باش قوماندان جاۋ شىگۇاڭ، شتاب باشلىقى گېنېرال تاۋ جىڭچۇ قاتارلىقلارمۇ تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشۇۋاتاتتى. تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىشنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن ھەققەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى گورۇھنىڭ جىددىي كۆرەشلىرى ئارقىلىق، ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىن ما چىڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئېلىپ تاشلاندى، تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىشنى ئېلان قىلىشنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى.

5 ــ ئاتلىق كورپۇس ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ ئاتلىق كورپۇس قىلىندى، دىۋىزىيە كوماندىرى ما چىڭشياڭ كەتمەكچى، شىنجاڭدىن ئايرىلماقچى ئىدى، قىسىمنى كىمگە تاپشۇرۇش كېرەك؟ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مېنى (شۇ چاغدا مەن ئاتلىق 7ـ بىرىگادىنىڭ كوماندىرى ئىدىم) 1 ــ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى. بۇنداق بولۇشنى مەن ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئەسلىدە، مەن گېنېرال تاۋ سىيۇ، تاۋ جىڭچۇ ۋە رەئىس بۇرھان ئەپەندىلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەشكەنىدۇق. ئۇلار ھەربىيلەر زېمىننى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىشنى چىقىش قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىش يولىدا مېڭىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. مەن بۇنى قوللايتتىم. گېنېرال تاۋ سىيۇ مېنى تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىشنى ھىمايە

قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ما چيڭشياڭ كەتكەندىن كېيىنلا مېنى 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىسىنىڭ مۇۋەققەت كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى. مەن تارىخنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە يورۇقلۇقنى تاللىۋالدىم. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مەن گېنېرال تاۋ سىيۇ ئېلان قىلماقچى بولغان تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىغا ئىمزا قويدۇم. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

## ئۈرۈمچىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەنىنىڭ 2 ـ ۋە 6 ـ كورپۇسى بۇيرۇققا بىنائەن قوماندان ۋاڭ جېننىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىمۇ ئانچە تىنچ ئەمەس ئىدى. بىر تەرەپتە ھەقىقەتكە قايتقان ھەربىي، مەمۇرى خادىملار، قىسىملار ۋە خەلق ئاممىسى ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن خۇشاللىق تەنتەنىسىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتە تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرىدىغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېخى شىنجاڭغا كىرمىگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوراللىق توپىلاڭ قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىدى، ھەقىقەتكە قايتىش ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئە ئىشىنى لۇ شۇرىنىڭ 179 ـ بىرىگادىسى ئۈستىگە ئالغانىدى. ھەقىقەتكە قايتىش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن رەئىس بۇرھان شەھىدى ئۈرۈم-

چىنىڭ شەھەر مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىگە تاپشۇردى. 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ ئەسلىدىكى مۇداپىئە رايونى شەرقتىن مورى ناھىيىسى، سانجى، غەربتىن قۇتۇبى قاتارلىق جايلار بولۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە قىسىملار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دىۋىزىيە شتابى ئۈرۈمچىنىڭ لاۋمەنچىڭدا ئىدى.

رەئىس بۇرھان مېنى قوبۇل قىلغاندا: «شىنجاڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگىنى يوق. يېقىندىن بۇيان ئۈرۈمچىنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقى كىشىنى ئەندىشىگە سالماقتا، بەزىلەر دائىم يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ، توپىلىشىپ جېدەل چىقىرىۋاتىدۇ. مەن گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، سىز ۋە 1 ـ دىۋىزىيە ئۈرۈمچىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ، مەسىلە چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى غەلىبە بىلەن كۈتۈۋېلىشىڭىزنى سورايمەن» دېدى. مەن گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن رەئىس بۇرھان ئەپەندىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، دەرھال 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ 13 ـ پولكىنى لاۋمەنچىڭغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇردۇم، كۈچەيتىلگەن 7 ـ باتالىئوننى ئۈرۈمچىنىڭ نەنگۈەن، دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇلار كۈندۈزى يول رېمونت قىلىش نامى بىلەن يۈرسە، كېچىلىرى چارلاش ئېلىپ بېرىپ ئامانلىقنى ساقلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ بىرىگادىنىڭ 533 ـ پولكىدىكى قىسمەن ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر مەركىزىي بانكىنى بۇلاپ، شەھەرگە ئوت قويدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار پىلانلىغان توپىلاڭ يۈز بەردى. گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن رەئىس بۇرھان شەھىدى مېنى ئايرىم ـ ئايرىم قوبۇل قىلىپ، ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئۇقتۇردى ھەمدە مەندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ،

ئۈرۈمچىدە توپىلاڭ ۋەقەسى چىقماسلىقتا ۋە بۇ شەھەرنىڭ بىخەـ
تەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن يەنە قىـ
سىمنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىـ
كىنى كۈچۈمنىڭ بارىچە قوغدىدىم.
رەئىس بۇرھان شەھىدى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ
كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرمىللەت، ھەر ساھەدىـ
كى ئەرباپلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىلـ
لەپ، ئىبسىل سوۋغاتلارنى تەييارلاپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمـ
لاردىكى ئوفىتسىر ـ جەڭچىلەردىن ھال سورىدى. ئىسىمدە
قېلىشىچە، ئۇلار پولكتىن يۇقىرى ئوفىتسىرلارغا سېرىق سوكـ
نا، ئەسكەرلەرگە سوۋغات تەقدىم قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ
سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەرمۇ قىسىملار تۇرۇشلۇق جايغا
بېرىپ، ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسىر ـ جەڭچىلەردىن ھال سورىـ
دى. بۇ پائالىيەتلەر ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدىكىلەرنىڭ كۆڭلىـ
نى تۇراقلاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.
مەن بۇيرۇققا بىنائەن، گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ شەـ
ھەر مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئات بىلەن قىسىملارـ
نى چارلاپ تۇردۇم. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بۇرھان ئەپەندى چارلاشقا
ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئامانلىق ساقلاش شتابىدىن ماڭا بىر قارا
پىكاپ ئاجرىتىپ بەردى.
ئەھۋال جىددىي بولغان كۈنلەردە، مەن دائىم رەئىس بۇرـ
ھان ئەپەندىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا
ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشىپ تۇردۇم. گېنېرال تاۋ سىيۇ ۋە رەئىس بۇرھان ئەپەندىـ
نىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى، 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىدىكى ئوفىتـ
سىر ـ جەڭچىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئۆلـ
كە مەركىزي ئۈرۈمچىدە ئامانلىقتا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر

يۈز بەرمىدى، شەھەرنىڭ مۇقىم ھالىتى قوغدالدى. كېيىن 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىروۋنىك پولكى قوماندان خۇ جىنىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىردى. ئارقىدىن 6 ـ كورپۇسنىڭ 17 ـ دىۋىزىيىسىدىكى قىسىملارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچى، سانجى، گۇچۇڭ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بىز شەھەرنىڭ مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئازادلىق ئارمىيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسى ئورۇندالغان بولدى.

10 ـ ئايدا، گېنېرال تاۋ سىيۇ جيۇچۈەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن يوقلاپ بارسام، رەئىس بۇرھان ئەپەندىمۇ شۇ يەردە ئىكەن. بۇرھان ئەپەندى ماڭا: «گېنېرال تاۋ سىيۇ خۇشخەۋەر ئېلىپ كەپتۇ، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن قوماندان ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا يۇقىرى باھا بېرىپتۇ، بولۇپمۇ 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ ئاكتىپ تۆھپە قوشقانلىقىنى تىلغا ئاپتۇ. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇڭلار» دېدى. باش قوماندان تاۋ سىيۇمۇ بىزگە ئىلھام بېرىدىغان بەزى سۆزلەرنى قىلدى. ئۆز ۋۇن ئۆتمەي، مەن دۆڭمىننىڭ سىرتىدىكى ئايروپىلان ئىستانسىسىدا 1 ـ بىڭتۇەننىڭ شىنجاڭغا كەلگەن باشلىقلىرىنى قارشى ئالدىم. بىڭتۇەننىڭ ئالاقە باغلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ما خەنبىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىدا سىلەرنىڭ، 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ تۆھپىسى زور بولدى. باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن قوماندان ۋاڭ جېنمۇ سىلەرنىڭ تۆھپەڭلارنى مۇئەييەنلەشتۈردى، خەلق سىلەرنى ئۇنتۇمايدۇ» ، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پاتىيىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، خەلق ئازادلىق ئار-

مىيىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتـ
قان بىزگە ئوخشاش گېنېراللارنىڭ ئازغىنە تۆھپىمىزنى ئۇنتۇپ
قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم ۋە
تەسىرلەندىم. ئۆزۈمنىڭ ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ،
گېنېرال تاۋ سىيۇ ۋە رەئىس بۇرھان ئەپەندىگە ئەگىشىپ، تىنچ
يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا ماڭغانلىقىمنىڭ توغرا بولغانـ
لىقىنى چۈشىنىۋالدىم.

1994 - يىل.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەيسا ھوشۇر
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# بۇرھان ئەپەندى ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى ساۋاقداشلار بىلەن بىللە بولغان چاغلار

ئابدۇرېھىم ئىمىن

بۇرھان شەھىدى ئۇيغۇر مىللىتىمىز ئارىسىدا خەلقىنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر پېشقەدەم مۆتىۋەر. ئۇ مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىكى ئىدىيە جەھەتتە يول باشلىغۇچىم، مەن ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگەن ئۇستاز ئىدى. نەچچە ئون يىل مابەينىدە، مەن ئۇنىڭدىن كۆپتىن - كۆپ تەنبىھلەرنى ئاڭلاپ كەلدىم.

1946 - يىلى، مەن يۇرتۇمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەمدىلا قەدەم قويغىنىمدا، بىر قېتىملىق نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاممىۋى يىغىندا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت، ھەربىي ساھەدىكى ھەر تەرەپ زاتلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرگە قەشقەرگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنىدى. شۇ قېتىملىق ئاممىۋى يىغىندا، مەن زور ئىشتىياق بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇ سۆزىدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، شىنجاڭدا ھاكىممۇتلەقلىق قىلىۋاتقان شېڭ شىسەي مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى؛ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى شىنجاڭ

قۇرۇپ چىقىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى. مەن ئىلگىرى بۇنىڭدەك يېڭى مەزمۇنلۇق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم، ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەقىقەتەن مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بىر قېتىم ئاڭلاپلا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغاندەك بولدۇم. لېكىن مەن ئەينى ۋاقىتتا مۇنبەردىكى پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ئۇيغۇرلارنىڭ چىمەن دوپپىسىنى كىيىۋالغان بۇرھان ئەپەندىنىڭ قانداق ئەرباب ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

1949 - يىلىنىڭ باشلىرى، مەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندىم. بۇرھان شەھىدى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىم كۆپەيدى، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئاستا - ئاستا تونۇشۇشقا باشلىدىم.

ئەينى چاغلاردا، ئىنستىتۇت مۇدىرى بۇرھان ئەپەندى ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىنستىتۇتقا كېلىپ ئىش بېجىرەتتى. بۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8دىن بۇرۇن بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىنستىتۇت قىزىل بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى زالغا كېلىپ، ئىنستىتۇت مۇدىرى بۇرھان ئەپەندىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆپ ھاللاردا دەل 8دە زالغا كېلىپ نۇتۇق سۆزلەيتتى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار سورىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ مەزمۇنى كەڭ دائىرىلىك، مەنىسى چوڭقۇر ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى ھەممەيلەننى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. شۇڭا، ساۋاقداشلار ھەر دۈشەنبە كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، ئىچكى جايلاردا ئازادلىق ئۇرۇشى زور غەلىبىگە ئېرىشتى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى

بۇير ۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭغا تەدرىجىي يېقىنلاپ كەلدى. مۇ-
شۇنداق ۋەزىيەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى ئادەتتىكىدىن تاش-
قىرى جانلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇلار ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرى-
لەش ئەھۋالىغا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈشەتتى. دەل مۇشۇ
مەزگىللەردە، يەنە جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر خەلقنىڭ
مايىللىقىغا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە پىسەنت قىلماي،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا توسقۇن-
لۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئەكسىيەت-
چىل كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار جەمئىيەت ئامانلىقىغا
تەسىر يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىغا پايدىسىز بەزى
ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى.

بۇرھان ئەپەندى ئۆز نۇتقىدا، جەمئىيەتتە، ئوقۇغۇچىلار
ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قاراتمىلىق بول-
غان ھالدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىلگىرى-
لەش مۇساپىسىدىن تارتىپ شىنجاڭدا ئەينى ۋاقىتتا ساقلىنىۋات-
قان مەسىلىلەرگىچە ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇ ئوقۇ-
غۇچىلارنى ئويغىتىپ، ئاشۇنداق كەسكىن پەيتلەردە مېڭىسىنى
سەگەك تۇتۇش كېرەكلىكىنى، ۋەقە تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان
بەزى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە پايدىلىنىدىغان پۇرسەت بېرىشكە
بولمايدىغانلىقىنى تاپىلايتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىنستىتۇت
مۇدىرى بۇرھان ئەپەندى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان بىر قەدەر
نازۇك مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەندە، تەكىتلەپ مۇنداق دەپ
كۆرسەتكەنىدى: «تارىخنىڭ چاقى ھەرگىز كەينىگە ئەمەس، بەل-
كى ئالدىغا ماڭىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىس-
تىقبالى پارلاق» . ئۇ يۇقىرىقىدەك سۆزلىرى ئارقىلىق ساۋاق-
داشلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، تاكتىكىغا دىققەت قىلىپ،
قەتئىي كۈرەش قىلىپ ئازادلىقنى كۈتۈۋېلىشقا مەدەت بېرەتتى.

بىر قېتىم ئىنستىتۇت مۇدىرى بۇرھان ئەپەندى ئۆز نۇتقىدا

جەمئىيەتتە پەيدا بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلىگەندە، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ زىيىنىغا خېلىلا چوڭقۇر ئۇچرىغان بىر ئوقۇغۇچى توساتتىن بۇرھان ئەپەندىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ: «شىنجاڭ زادى كىمگە تەئەللۇق؟» دېگەن سوئالنى قويدى. ئىنستىتۇت مۇدىرى بۇرھان ئەپەندى دەرھال بايرىقى روشەن ھالدا ئاددىي قىلىپ: «شىنجاڭدا 13 مىللەت (بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلۇپ دېيىلگەن سۆز ئىدى) بار، شۇنداق دېيىش كېرەككى، شىنجاڭ شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بارلىق مىللەتلەرگە تەئەللۇق، مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناقلىقىدا» دېدى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ھېلىقى ئوقۇغۇچى يەنە سۆزگە قوشۇق سېلىپ، ئۆزىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كونتىرول قىلغۇچىسىدىن ئاڭلىۋالغان ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرىنى تەرغىب قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ۋاقىتتا، بۇرھان ئەپەندى كەسكىن رەددىيە بېرىپ: «ساڭا ئوخشاش ئادەمدىن بىرنەچچىسى بولسا، شىنجاڭدا قانلىق ۋەقە يۈز بېرىدۇ!» دېدى. شۇ پەردە تۇرغان بارلىق ساۋاقداشلار بۇرھان ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى ھەم ئۇلارنىڭ غەزەپلىك نەزەرى ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا قادالغاندا، ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ ئۇندىيەلمىدى ھەمدە ياۋۇز نىيىتى ئىشقا ئاشمىدى.

مەن ئىنستىتۇتقا ئەمدىلا كەلگەن چاغلىرىمدا، ساۋاقداشلاردىن يېقىندىلا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدىم: بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ھەربىر ئوقۇغۇچىسىغا ھەر يىلى قىش ۋە ياز پەسلىدە بىر قۇردىن كىيىم بېرىلەتتىكەن. لېكىن ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ دائىرىلىرى كونا ھەربىي فورمىلارنى ئوقۇغۇچىلارغا قىشلىق كىيىم ئورنىدا بې-

ـرىپ، ئاردىن نەپ ئۇندۇرۇۋالغان. ئوقۇغۇچىلار كىيىملەرنى
ئېلىپ تەكشۈرگەندە، بۇ كونا ھەربىي فورمىلاردا قان دېغى
بارلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئوقتە تەشمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەنلىـ
ـكىنى بايقىغان ھەمدە بۇ كىيىملەرنىڭ گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتـ
ـنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندا ئۆلگەن، يارىدار بولغان ئەسكەرلەرـ
ـنىڭ ئۈچىسىدىن سالدۇرۇۋالغان كىيىملەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ،
بارلىق ئوقۇغۇچىلار غەزەپلەنگەن. ئۇلار بۇ كىيىملەرنى كىيىشنى
رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىگە تەقسىملەنگەن كونا
ھەربىي فورمىلارنى تەنتەربىيە مەيدانىغا دۆۋىلەپ ئوت قـويۇپ
كـۆيدۈرۈۋەتكەن. گـومىنداڭ ھـەربىي دائـىرىلىرى ھـەربىي
ماددى ـ ئەشيالارنى كۆيدۈردى، دېگەننى باھانە قىلىپ، قوشۇن
يۆتكەپ مەكتەپنى قورشىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقا چىقىـ
ـشىنى مەنئى قىلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ ئىشنى پىلانلىغان
ۋە باش بولۇپ ئوت ياققان ئادەمنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.
ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزى، مۇشۇ ئىشنى
باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر
كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئىدى. قورشاۋ ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار
ھەربىي تەرەپنىڭ يولسىز تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئىككى
تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ، ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ
كەتكەن. مودىر بۇرھان ئەپەندى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېـ
ـيىن، بىر تەرەپتىن گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىـ
ـدىكىلەرگە خىزمەت ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا
زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىپ، ۋەقەنى چوڭايتىۋەتمەسلىك
ھەمدە باشقىلارنىڭ ئاردىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە يوچۇق ئېچىپ
بەرمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئەتراپـ
ـلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق ھەربىي قىسىملار چېكىنىپ
كەتكەن، ساۋاقداشلارنىڭ قىشلىق كىيىممۇ ھەل بولغان.
ئىنستىتۇت مۇدىرى بۇرھان ئەپەندى ھەر ۋاقىت، ھەممىلا

يەردە ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنەتتى ۋە كۆڭۈل بۆلەتتى، ساۋاقداشلار-
مۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇدىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا
ئىشىنەتتى. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئەھۋال ئىنتايىن
مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، ھەر خىل ئەكسىيەتچىل كۈچلەر پۇر-
سەت تېپىپ ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇپ ۋەقە پەيدا قىلىپ، كى-
شىلەرنى پاتىپاراقچىلىققا سېلىش كويىدا بولدى. ئەينى ۋاقىتتا
ساۋاقداشلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى
چوقۇم مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش، باشلىقنىڭ كۆر-
سەتمىسى بويىچە دۇچ كەلگەن بارلىق مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇ-
رۇش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئىدى.

1949 - يىلى ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى
غەربىي باغچىدا، گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسىرى يەرلىك بىر
ئايالنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەنلىكتىن، ئاممىنىڭ كۈچلۈك
غەزىپى قوزغالغانىدى. بۇ ئەكسىيەتچىل ئوفىتسىر قىلچە ھېيىق-
ماستىن ئوق چىقىرىپ باشقىلارنى قورقۇتماقچى بولغان، ئوق
دەل ئەتراپتا تۇرغان بىر ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىسىنىڭ پېشانىسى-
نى سىيرىپ ئۆتۈپ يارىدار قىلغان. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن
كېيىن، ساۋاقداشلار ئارىسىدا بەس - مۇنازىرە قوزغالدى. بەزى
ئوقۇغۇچىلار باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بولۇشىغا ۋارقى-
راپ، ساۋاقداشلارنى كوچىغا چىقىشقا، گارنىزون قوماندانلىق
شتابىغا بېرىپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن. بۇ ۋاقىتتا
بەزىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىغۋا پەيدا قىلىپ ئىش تېرىماقچى
بولغانىدى. مەكتەپنىڭ مۇھىتى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىشىپ
كەتتى. لېكىن، كۆپ قىسىم ساۋاقداشلار بۇ ئىشلارنى بۇرھان
ئەپەندىگە دوكلات قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، ئوقۇغۇچىلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى باشچىلىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى
كېچىلەپ بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات
قىلدى. ۋەكىللەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇرھان ئەپەندىنىڭ

پىكرىنى دەرھال يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كۆپچىلىكتىن كوچىغا چىقماسلىقىنى، مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، باشقىلارغا ئالدىنىپ قالماسلىقىنى، غەربىي باغچىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ بۇ جەھەتتە ساۋاقداشلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئېيتتى. ئۇ سەممىيلىك بىلەن ۋەكىللەردىن ساۋاقداشلارغا ھازىر چوقۇم ئومۇملىقنى چىقىش قىلىشنى، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشنى؛ ھازىر بەزىلەرنىڭ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىقسا، ئاشۇ كىشىلەرگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ يەنە ۋەكىللەرگە نۆۋەتتىكى گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى ئىچىدە بەزى جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ قارا نىيەتتە بولۇپ، ئىغۋاگەرچىلىك پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا توسالغۇ پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى؛ بەزىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى كوچىغا چىقىشقا كۈشكۈرتىشىدىكى غەرىزىنىڭ دەل ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، پۇرسەت تېپىپ چەتكە قېچىپ كېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئىكەنلىكىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى. ساۋاقداشلار بۇرھان ئەپەندىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەرنىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشتى، بۇرھان ئەپەندىنىڭ پىكرى ۋە تەلىپىنى قۇۋۋەتلىدى ۋە ھىمايە قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، بۇرھان ئەپەندى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايتتى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ تىنچ يول

بىلەن ئازاد بولدى. ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە كىرگەن كۈنى، بۇرھان ئەپەندى ئۆزى بىۋاستە ئىنستىتۇتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ شەھەردىن بەش كىلومېتىر يىراقلىققا بېرىپ، يېقىن كىشىلىرىمىز ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالدى.

ئارىدىن 40 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن مەن تۇرلۇك بوران - چاپقۇن ۋە مالامەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىنى ياد ئەتكىنىمدە، ئۇنىڭ بىز بىر ئەۋلاد ياشلارغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە يېتەكلىشىنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن، ئەبەدىل ئۇنتۇمايمەن.

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن باقى
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويمايمىز

## (شىنجاڭ 2 - ئاپتوموبىل زاۋۇتى)

سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، زاۋۇتىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى يولداش بۇرھان شەھىدى بىزدىن ئايرىلغاندا، پۈتۈن زاۋۇتتىكى 1700 نەچچە نەپەر ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەكمۇ قايغۇردى. بىز زاۋۇتىمىزنىڭ 60 نەچچە يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھايات ۋاقتىدا زاۋۇتىمىزغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە ئۇمىدىنى تېخىمۇ ياد ئېتىمىز.

زاۋۇتىمىزنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى 20 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېيىشكە بولىدۇ. زاۋۇتىمىزنىڭ ۋاپات بولغان سابىق باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەخسۇت تېيىپوپنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا: 1926 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تيەنجىندىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدىن كىچىك تىپتىكى 30 گاز ماشىنا سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ ماشىنا ترانسپورتى ۋە رېمونت تارىخىنى باشلىغان. بۇرھان ئەپەندى ئۈرۈمچى ماشىنا ئىدارىسىنىڭ تۇنجى باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ماشىنا رېمونتى بىلەن ماشىنا ئىدارىسى بىر بولۇپ، بۇرھان ئەپەندى ماشىنا رېمونت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتى-

پاقى ۋە تيەنجىن قاتارلىق جايلاردىن تېخنىك ئۇستىلارنى ئالاھىدە
تەكلىپ قىلىپ، تېخنىك كۈچلىرىنى تەربىيىلىگەن. بۇ، ئەمە-
لىيەتتە زاۋۇتىمىز شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى ئىدى. 1937 -
يىلىغا كەلگەندە، ئىدارە بىلەن زاۋۇت رەسمىي ئايرىلىپ، زاۋۇ-
تىمىز رەسمىي ھالدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇرۇمچى ماشىنا ئىدا-
رىسى رېمونت زاۋۇتى» دەپ ئاتالغان. بۇ ۋاقىتتا، زاۋۇتىمىز
تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازان، تاتار، موڭ-
غۇل، ئۆزبېك، روس قاتارلىق 13 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
300 دىن كۆپ ئىشچى - خىزمەتچىسى بار زاۋۇتقا ئايلانغان.

شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت-
نىڭ غەمخورلۇقىدا زاۋۇتىمىز يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم
قويدى. بۇرھان ئەپەندى زاۋۇتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا
مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. بۇرھان ئەپەندى شىنجاڭدىن ئايرى-
لىپ بېيجىڭغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىنمۇ، زاۋۇتى-
مىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇر-
دى. 1959 - يىلى، دۆلەت زاۋۇتىمىزغا 10 مىليون مەبلەغ
سالدى. ئۇ يىلى زاۋۇتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گاز ماشىنىسىغا
تەقلىد قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى ماشىنىسىنى ياساپ،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن «ئاۋانگارت» دەپ نام بېرىل-
دى. نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق،
زاۋۇتىمىز ھازىر تېخنىك كۈچلىرى تولۇق، ھەر خىل سۆرەش،
كۆتۈرۈش ماشىنىلىرى، ئاپتوماتىك چۈشۈرۈش ماشىنىسى، يې-
نىك تىپتىكى يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ۋە
ئۇسكۇنىلەرنى ياساپ، چاقلارنى يېڭىلاپ، ھەر خىل زاپچاسلارنى
ياسىيالايدىغان. ئىمپورت قىلىنغان ماشىنىلارنى رېمونت قىلالاي-
دىغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قات-
ناش تايانچ كارخانىسىغا ئايلاندى.

1985 - يىلى 10 - ئاينى زاۋۇتىمىزدىكى ھەر مىللەت

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. چۈنكى، ئاپتونوم
رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەزگىلىدە،
90 ياشقا بېرىپ قالغان بۇرھان ئەپەندى ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىيا-
سىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى ئىسمايىل ياسىنوپ قاتارلىق
رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا زاۋۇتىمىزغا كېلىپ كۆزدىن كە-
چۈردى. بۇرھان ئەپەندى زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى
تەپسىلى سورىدى. زاۋۇتتىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى زور قىزى-
قىش بىلەن كۆزدىن كەچۈردى. زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان ھەر
خىل مەھسۇلاتلارنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ كۆردى. زاۋۇتىمىز
ئۆزى لايىھىلىگەن يىلىغا 6000 دانە دىۋىگاتېل موتور قېپى
ئىشلەپچىقىرىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيىسىگە كەلگەندە،
ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «ئۆز ۋاقتىدا مەن گېرمانىيىدە ئوقۇۋات-
قاندا، ئۇلارنىڭ ماتور قېپى مەشغۇلات ئاقما لىنىيىسىنى كۆر-
گەن ۋاقتىمدا باشقىلارنىڭمۇ ئىككى قولى بار، بىزنىڭمۇ ئىككى
قولىمىز بار، نېمىشقا ئۇلار ئىشلەپچىقارغاننى بىز ئىشلەپ چى-
قىرالمايمىز، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولغانى-
دى. 30 ـ يىللاردا ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن شىنجاڭ دائىرىلى-
رىگە بەزى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ماشىنا سانا-
ئىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەكلىپىنى بەردىم، بىراق بۇ
رەت قىلىنغانىدى، بۈگۈن ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى،
مەن پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە رەھمەت ئېيتى-
مەن» ، دېدى. ئۇ، زاۋۇتتىكى 1700 نەچچە نەپەر ھەرمىللەت
ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاق
ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر،
خەنزۇ تىلىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن» دەپ توۋلاپ،
شۇ مەيداندىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى بەكمۇ تەسىرلەن-
دۈرگەندى. ئارقىدىن زاۋۇتتىكى كادىر ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچى-

لەر ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشتى ھەم ئۆز قولى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، زاۋۇتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 60 يىل بولغان مەزگىلدە، بۇرھان ئەپەندى «جۇڭگو قاتناش گېزىتى»دە زاۋۇتىمىز ئۈچۈن: «60 يىللىق جەريان، شىنجاڭ قاتناش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنىشى، مەن ھەرمىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشۇڭلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن» ، دەپ بېغىشلىما يازدى ھەم بېيجىڭدىن زاۋۇتىمىزغا تەبرىكلەش تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، زاۋۇتىمىزدىكى ھەرمىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى بەكمۇ رىغبەتلەندۈردى.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، زاۋۇتىمىزدىكى ھەرمىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇرھان ئەپەندىنىڭ بېغىشلىمىسىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئالغا ئىنتىلىپ، ئىگىلمەس ئىرادە بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. زاۋۇتىمىز ئىلگىرى كېيىن بولۇپ دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل سانائىتى گۇرۇھى — بىرىنچى ئاپتوموبىل سانائىتى گۇرۇھى ۋە جەنۇب ئاپتوموبىل سانائىتى گۇرۇھى بىلەن بىرلىكتە تىجارەت قىلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىلىك (A14) تىپلىق ئازاد ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، يىللىق ئۆزگەرتىپ ئىشلەش، قوراشتۇرۇش ئىقتىدارى مىڭدىن ئاشتى. زاۋۇتىمىزنىڭ تۆت خىل مەھسۇلاتى مىنىستىرلىكنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بىر تۈرلۈك مەھسۇلاتىمىز ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئەلا مەھسۇلات، دەپ باھالاندى. يىللىق پايدىنىڭ يۇقىرىسى بىر مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. زاۋۇتىمىز يەنە ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونىمىز-

نىڭ قاتناش سىستېمىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ھازىر بۇرھان ئەپەندى بەختكە قارشى بىزدىن ئايرىلدى، زاۋۇتىمىزدىكى ھەرمىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىردەك مۇنداق دەيدۇ: «بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىستېمالچىلار رازى بولىدىغان، جەمئىيەت تەلىپىگە ئۇيغۇن، ئۇنۇمى ياخشى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ شىنجاڭنى قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز!».

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# قەدىرلىك مەكتەپ مۇدىرىمىز بۇرھان شەھىدىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومىتېتى

بۇرھان شەھىدى ئەپەندى ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 15
يىلدىن ئارتۇق ئىككى نۆۋەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى
بولدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەق-
قىياتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربى-
يىلەپ يېتىشتۈرۈش يولىدا قاتتىق باش قاتۇرۇپ، گەۋدىلىك
تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئالىي بىلىم
يۇرتى بولۇپ، ئىلگىرى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى دەپ ئاتىلاتتى.
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، كوممۇنىستلار
ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئالىملار مول نەتىجىلىك خىزمەت ئىشلىگەن-
لىكتىن، بىر مەھەل داڭلىق بىلىم ئەھلى توپلىنىپ، نۇرغۇن
تەرەققىيپەرۋەر ياشلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، شۆھرىتى پۈ-
تۈن مەملىكەتكە تارقالغانىدى. شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل تەرەپ-
كە يۈزلەنگەن مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسمىنىنى
قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار
تۈرمىگە تاشلىنىپ، جۇشقۇن، قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان بۇ
ئالىي بىلىم يۇرتىنى قالايمىقانچىلىق قاپلىدى. گومىنداڭ شىن-
جاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەكتەپنى
داۋاملىق باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ساداسى ئاستىدا، ئىنستى-

تۇت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار تولۇپ ـ تاشقان جاسا-
رەت بىلەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئون يىللىق تەرەققىيات
پىلانىنى تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ، خىراجەت بولمىغانلىقتىن
ئىشقا ئاشمىدى. 1944 ـ يىلى كۈزدە، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بى» پارتلىدى. ئىككىنچى يىلى 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ
شەرققە قوشۇن باشلىغانلىقتىن، ئۆلكە شەھىرى ئۈرۈمچى قالاي-
مىقانلىشىپ كەتتى. گومىنداڭ شىنجاڭ پىرقىسى پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ زور تۈركۈمدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى تارقى-
تىۋەتتى، پۈتۈن ئىنستىتۇتتا ئاران بەش ئوقۇغۇچىلا قالدى.
شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتىدىكى 15 قىز ئوقۇغۇچى شىنجاڭ
ئىنستىتۇتىغا مەجبۇرىي قوشۇۋېتىلىپ، 20 ئوقۇغۇچى بولدى.
ئوقۇتۇش ئىشلىرى توختاپ قېلىش خەۋپى كۆرۈلدى.

جاڭ جىجوڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت قۇردى، بۇرھان ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى بولدى. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش
پروگراممىسى» دا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق، تەبىئىي پەن، سانائەت، قاتناش، پېداگوگىكا، ئەدەبىيات
ۋە تېببىي ئىنستىتۇتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆلكىلىك ئۇنىۋېرسى-
تېت تەسىس قىلىش بەلگىلەندى. ئۈچ مەسىلەكنى ئاساس قىلغان
مائارىپ فاڭجېنىنىڭ ئورنىغا «دۆلەت قارىشى، مىللەت ئېڭى
بولغان، ئەخلاق ـ پەزىلىتى مۇكەممەل پۇقرالارنى يېتىشتۈ-
رۈش» دەسسىتىلدى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جاڭ جىجوڭ
شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى دۆلەتلىك تەڭرىتاغ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆز-
گەرتىش تەكلىپىنى بەردى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەڭرىتاغ
ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇ-
لۇپ، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى مۇدىر، ئاتاقلىق ئالىم
تۇجى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرھان شەھىدى

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بىلەن چوڭقۇر ئالاقە ئورناتتى.
بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بۇيرۇق بىلەن مەكتەپ
ئورنىنى كۆچۈردى. يەنى قىزىل بىنا قاتارلىق مەكتەپ بىنالىرى
ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق كېڭەشنىڭ ئورنىغا تەگىشلىپ، نەنلياڭدىن
بېيمىڭنىڭ سىرتىغا (هازىرقى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ
ئورنى) كۆچۈرۈلدى. بۇ يەردە كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۈچ
كورپۇس 48 ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئىنتايىن كونىراپ كەتكەچ-
كە، ئوقۇش باشلانغىنىغا ئىككى ئاي ۋاقىت بولغان بولسىمۇ،
رەسمىي دەرس ئۆتۈشكە مۇمكىن بولمىدى. ئىلمىي مۇدىر ۋاڭ
زېڭيى غەزەپلەنگەنلىكتىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئوقۇغۇ-
چىلار «شىنجاڭ گېزىتى» گە خەت يېزىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى-
دىكى «ئۈچكە هەلەك بولۇش، يەنى: مەكتەپ مۇدىرلىرى مەرتىۋە
ئۈچۈن، پروفېسسورلار تۇرمۇش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار سالاهى-
يەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن هەلەك بولۇش» تەك ئەهۋالنى ئېچىپ
تاشلىدى. بۇ ئىش ئاشكارلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا «سىيا-
سىينى هەربىي ئىشلارنىڭ، مەدەنىي ـ مائارىپنى سىياسىينىڭ
ئالدىغا قويۇش» نى تەشەببۇس قىلىدىغان جاڭ جىجۇڭ خەۋەر
تېپىپ، دەرهال شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈ-
رۈپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن پىكىر ئالدى. 1947 ـ يىل
4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك هۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ
23 ـ سانلىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى چاقىردى. مۇئاۋىن
رەئىس بۇرهان شەهىدى ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، نوپۇزى ۋە ئورنى
بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بويىچە قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستى-
تۇتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، تۇجى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تە-
يىنلىنىپ، بۇرهان شەهىدىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى ئوڭشى-
شىغا كونكرېت هەمكارلىشىدىغان بولدى.
1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بۇرهان شەهىدى
بىلەن تۇجى مەكتەپكە كەلدى. مۇدىر بۇرهان شەهىدى

ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە سۆز
قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى تۇراقلاشتۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ
كۈنى، مۇدىر بۇرھان شەھىدى ئۆيىدە مەكتەپ ئىشلىرى يىغىنى
ئۆتكۈزۈپ، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دەرس باشلاش بەلگىلەندى.
ئوقۇتۇش تەرتىپى تۇراقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇدىر بۇرھان
شەھىدى زەئىپلەشكەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈ-
چۈن، 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈجى بىلەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى-
نىڭ پىلانى بىلەن خامچوتنامىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت (ئۆلكە
رەئىس مەسئۇتقا) كە يوللىغان بولسىمۇ، تەستىقلانمىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بۇنى يەنە 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غەربىي شىمال
شتابىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ سۇندى. ئۇ، پۇل ئايرىپ بې-
رىش، ئۇسكۇنىلەرنى تولۇقلاش، پروفېسسورلارنى تەكلىپ قى-
لىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش كېرەك، دەپ قارىدى. ھەمدە شىن-
جاڭغا تەكلىپ بىلەن كىرگەن پروفېسسورلارغا كىتاپ، ئەسۋاپ
قاتارلىقلارنى يۆتكەشتە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى ئوتتۇرغا قوي-
دى. جاڭ جىجۇڭ مۇندان جاۋاب قايتۇردى: «ئېھتىياجلىق خى-
راجەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئالدىن ئايرىپ بېرىلىدۇ، كېلىپ
كېڭىشىپ تاپشۇرۇۋېلىڭلار. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىقتىسادىي
جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغانلار بارمۇ ـ يوق، كۆپرەك كۆڭۈل
بۆلۈڭلار ھەمدە دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» . بۇ پىلان
جەمئىي ئالتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى تۈر
فاكۇلتېت، بۆلۈم، سىنىپلارنى ۋە ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەي-
تىش، ئالىي مەكتەپ بۆلۈمى 160 يېڭى ئوقۇغۇچى، مەخسۇس
بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمچىسى 210 مىللىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قى-
لىش، قالغان تۆت تۈر كىتاب، ئەسۋاپ، مەكتەپ جابدۇقلىرى
ۋە ياتاق سىناسىنى سېتىۋېلىش ۋە قۇرۇش ئىدى. بۇنىڭغا كۆپ
يىللىق خىراجەتتىن باشقا، جەمئىي 500 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ
بېرىشكە توغرا كېلەتتى. مۇدىر بۇرھان بۇ پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى،

تەستىقلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن، بار كۈچىنى ئاتاپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشتىكى ياخشى باشلىنىشنى يارىتىپ بەردى. ۋەھالەنكى، مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك تېز ئۆرلىشى، پۇل پاخاللىقى، كادىرلارنىڭ يۆتكىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ پىلاننى يولغا قويۇشتا ئويلىمىغان يەردىن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى.

مۇدىر بۇرھان باشچىلىقىدا 1947 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزۈلۈپ، ئىنستىتۇت بۆلۈمى تۆت يىللىق تۈزۈمدىكى يېڭى ئوقۇغۇچى بىلەن شىتاتلىق ئوقۇغۇچىدىن (يەنى 2 -، 3 - يىللىقتا قوشۇلۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى) 180 نى، يېڭى ئوقۇغۇچىدىن تۆت سىنىپقا 80 ئوقۇغۇچى، قالغانلىرى شىتاتلىق ئوقۇغۇچى، مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمچىسى (ئالدىن بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يەتتە سىنىپقا ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى يېڭى ئوقۇغۇچىدىن 210 نى قوبۇل قىلىش، ھەممىسىگە مىللىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلاندى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئاخىرلاشتى، ئوقۇغۇچى مەنبەئى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئالدىن قوبۇل قىلىش پىلانى ئورۇندالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىچكىرىدىن زور تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگەنىدى، مۇدىر بۇرھان شەھىدى دەرھال ئىنستىتۇت ئىشلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئېلىشنى قارار قىلىش بىلەن بىرگە، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردىن بىۋاسىتە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى، ھەمدە ئۇلارنى ئايروپىلان بىلەن توشۇپ كېلىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئىنستىتۇت قىلىپ، بۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدى ئىشلىرىنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. مۇدىر بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە،

كۆپ تەرەپلىك تىرىشىش ئارقىلىق، 1947 ـ يىلى پۈتۈن ئىنستىتۇت بويىچە 98 نەپەر يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. گەرچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئورۇندالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانى 107 گە يەتتى، سەككىز سىنىپقا ئايرىلىپ، بىناكارلىق، مائارىپ، ئەدەبىيات، قانۇنچىلىق، تىل ـ ئەدەبىيات قاتارلىق بەش فاكۇلتېت ۋە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمچىسىدە پېداگوگىكا بۆلۈمى تەسىس قىلدى. ئوقۇغۇچىلار مەنبەئى كەمچىل بولغانلىقتىن، پېداگوگىكا بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ سىنىپىغا ئاران 12 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كىتاب ماتېرىياللار ۋە تەجرىبە ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار كەمچىل بولغانلىقتىن، مۇدىر بۇرھان شەھىدى دەرسخانا ئوقۇتۇشى سائەتلىك ۋاقتىنى كۆپەيىشنى قارار قىلدى. تۆۋەن يىللىقلارنىڭ ھەپتىلىك دەرسى 36 سائەتتىن كۆپرەككە، يۇقىرى يىللىقلارنىڭ 29 سائەتكە، مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ 30 نەچچە سائەتكە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭى زىددىيەتلەر كېلىپ چىقتى، ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش مەسىلىسى ئەمدىلىكتە تېخىمۇ گەۋدىلەندى. مەسىلەن: بىناكارلىق قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ تۆت ئوخشىمىغان يىللىق سىنىپىنىڭ 34 سائەتلىك دەرسىنى ئۆتۈشكە قوشۇمچە 16 ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

شۇ چاغلاردا، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئادەتتە تەكلىپ قىلىش مۇددىتى يېرىم يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولاتتى، پروفېسسورلارنىڭ تەكلىپ قىلىنىش مۇددىتى ئۇزۇن، ئۇنىۋانى تۆۋەنلەر ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەكلىپ قىلىش مۇددىتى قىسقا ئىدى. مۇدىر

بۇرھان شەھىدى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پروفېسسورلاردىن شىيا ۋېنخەي، چيەن خەيىۆ، ۋاڭ يۈنجۇاڭ، تۇجى، جى شاۋرۇ، لى فېڭيۈەن، لى شىڭفېڭ، لياڭ گوجېن، گۇچيەنجىن، لۇ يافۇ، جۇ تيەنخۇي، سەي يۈنجى، ۋاڭ زىيۈن، ئىمىن، مېي ۋېنجې، يۈ دېخېڭ، ئايۇخۇا، رۇسلان قاتارلىق 18 كىشى، دوتسېنتلىقتا خۇ زېيىن، دۇڭ كېجۇڭ، جاڭ چۈنبى، قوشۇمچە دوتسېنتلىقتا چېن چۈەنليەن، يۈ يىخېڭ، لىكتورلار-دىن ۋاڭ زېڭيى، جۇ خۇڭيې قاتارلىق توققۇز كىشى، ياڭ ۋېي، قوشۇمچە لىكتور ليۇ دېئېن قاتارلىق تۆت كىشى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان لىكتورلۇققا، مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەنفار، ئابدۇۋەلى قاتارلىق ئالتە كىشى تەكلىپ قىلىندى. قو-شۇمچە ياكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنى-چىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىدىكى مەدەنىيەت ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى ئەمەلدارلار ئىدى. پروفېسسورلاردىن ئىككى كىشىدىن باشقىلىرىنىڭ مەكتەپ ئىچى، سىرتىدا قوشۇم-چە مەمۇرىي ۋەزىپىسى بار ئىدى. قوشۇمچە تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆپ بولغانلىقتىن، ئو-قۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئېغىر دەرىجىدە تە-سىر يېتىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئۇزۇندىن بۇيان ھەل قىلىنى-لى بولمايدىغان قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپ تەرەپلەردىن تەكلىپ قىلىشقا كۆ-ڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سانى ئىلگىرى-كىدىن ئانچە كۆپ ئاشمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگۈ-رۈشى مەكتەپنىڭ كادىرلار ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى. بۇنىڭ سەۋەبى، خادىملارنىڭ نورمال يۆرۈشىشى ھەم ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى پروفېسسورلار مەكتەپكە كىرىش - چى-قىشتا سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. بەزى ھەربىي ھۆكۈ-

مەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۈستۈرۈلگەندە ياكى چۈشۈرۈلگەندىمۇ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېنىغا تارتىپ ئېلىپ كېتىش ئەھۋالى مەۋجۇت ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئۆزگۈرۈشىنىڭ تېز بولۇشى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى، مۇدىر بۇرھان شەھىدى قاتارلىق رەھبەرلەر ئىنتايىن كۆپ زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەشكىللاتچىلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مۇدىر بۇرھان شەھىدى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەكتەپكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىنستىتۇتنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. مۇدىر مۇئاۋىن مۇدىرلار رىياسەتچىلىكىدىكى ئىنستىتۇت ئىشلىرى كومىتېتى مەكتەپنىڭ ئالىي تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتى قىلىپ تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرى (ئىلمىي) باشقارمىسى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى، كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كومىتېتى ۋە خىراجەتنى تەكشۈرۈش - نەقلەشتۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدەك ھەرقايسى فاكۇلتېت، بۆلۈملەرنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى. باشقارمىلار قارمىقىدا گۇرۇپپا، بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى، بۇ تارماقلارنىڭ نامى گەرچە كۆپ ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تەشكىلىي شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىكى، باشقۇرۇش مۇقىملاشتۇرۇلدى.

1947 - يىلى 9 - ئايدىن 1948 - يىلى 6 - ئايغىچە، بۇرھان شەھىدى نەنجىڭغا بېرىپ ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان مەزگىلدە، يەنىلا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بىلەن خەت، تېلېگرامما ئالاقىسى قىلىپ، مەكتەپ-

نىڭ بەزى چوڭ - چوڭ ئىشلىرىغا دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدە يولىيورۇق بېرىپ تۇردى. بولۇپمۇ ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە 1948 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەتىياز، كۈز پەسلىدە ئىككى قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشنى بەلگىلىدى، ئىنستىتۇت بويىچە ئالىي مەكتەپ بۆلۈمى بىلەن مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمىدىكى ئوقۇغۇچى سانى جەمئىي 410 غا يېتىپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى ئۆت-كۈزۈۋالغاندىن بۇيانقى ئوقۇغۇچى-سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى. بۇرھان شەھىدى نەنجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ خىزمەتلى-رىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئوقۇتۇش تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1948 - يىلى 10 - ئايدا مۇدىر بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە جەمئىي 10 باب، 38 ماددىلىق «شىنجاڭ ئىنستى-تۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى» بېكىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆ-گىنىش، تۇرمۇشتا ئەمەل قىلىدىغان بەلگىلىمە بار بولدى. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

1948 - يىلى 4 - ئايدا، بەزى پروفېسسورلارنىڭ مەكتەپ-تىن ئايرىلىشى بىلەن، ئەسلىدىنلا ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش مەسىلىسى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، جىددىيلىك كۆرۈلدى، مۇدىر بۇرھان شەھىدى يەنە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈردى. پروفېسسورلۇققا چيەن خەييۆ، شيا ۋېيخەي، سەي يۈنجى، جى شياۋرۇ، جۇ تيەنخۇي، ۋاڭ زىيۈن، خۇ زېيىن، جاڭ ۋۇشىن، بو جۇڭرېن، ۋاڭ خېتىڭ، لۇ جيائې، جاڭ جۇنسېن قاتارلىق 12 كىشى، قوشۇمچە پروفېسسورلۇققا جاڭ خۇڭداۋ، لۇ بېنشياڭ، لياڭ يۈڭشېڭ، جا سەيگې، لى ۋۇشىنلار؛ دوتسېنتلىققا جاڭ چۈنبى، ۋاڭ زېكيى، ئىمىن،

قوشۇمچە دوتسېنتلىقتا يۇ يىخىڭ، سۇبېيخەيلەر تەكلىپ قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە تەيىنلەنگەن لىكتوردىن 15 كىشى، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىدىن توققۇزى، ئىككى تەرجىمان بار ئىدى.

1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغاندا، يەنىلا قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولدى. شۇ يىلقى ۋەزىيەت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، يۇرۇشتۇرۇلگەن ئوقۇغۇچى سانى بىر قەدەر كۆپ بولدى. بۇرھان شەھىدى گەرچە ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، يەنىلا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنى پائال مۇقىملاشتۇردى. ئىنستىتۇتتا 397 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ بۆلۈمىدىكى 12 سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 213 نەپەر (قىزلار 19 نەپەر)، مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمىدىكى يەتتە سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 116 نەپەر بولۇپ ھەممىسى مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

بۇرھان ئەپەندى مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىغا دەرسخانا، ياتاق بىناسى، ئاشخانا، كۇتۇپخانا، زال قاتارلىقلار بولۇپ 320 ئېغىز ئۆي سېلىشنى كىرگۈزگەنىدى. ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى يەنە نەنلياڭدىكى كونا ئورنى بولغان قىزىل بىناغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. شۇنداق قىلىپ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى مەكتەپنى كۆچۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلىندى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى يەنە قىسمەن رېمونت خىراجىتىنى تەقلەپ كونا ئۆيلەرنى رېمونت قىلدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېھتىياجغا يېتىشمەي، قىسمەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار سىرتتىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردى. باشقا ئوقۇتۇش، تەجرىبە ئەسۋابلىرى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ كونىراپ، داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەس-

لى پىلاندا كۇتۇپخانا 30 خىل ھەر تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرنالغا
زاكاس بولماقچى بولسىمۇ، خىراجەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن
ئاران 11 خىلغىلا زاكاس بولدى. تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە
قايتقان مەزگىلگە كەلگەندە تۆت خىلىلا قالدى. كۇتۇپخانىدا ساق-
لىنىۋاتقان كىتاب ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندا تەخمىنەن 6000 پارچىدىن
كۆپرەك بولۇپ مۇدىر بۇرھان شەھىدى كۆپ تەرەپلەردىن توپلى-
شى بىلەن كۆپىيىپ 15 مىڭ 575 پارچىغا يەتكۈزۈلگەنىدى.
باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، كىتابلار ھەمىشە يوتۇش ئەھ-
ۋالى كۆرۈلەتتى. مەسىلەن، ۋاڭ يۇنجۇاڭ ئارىيەتكە ئالغان 26
پارچە كىتابنى مەكتەپتىن ئايرىلغاندا بىرگە ئېلىپ كەتكەن.
مۇدىر بۇرھان شەھىدى مائارىپ تارماقلىرىغا بۇ كىتابلارنى قايتۇ-
رۇپ كېلىش ھەققىدە تېلېگراممىا يوللىغان بولسىمۇ، كىتابلار
قايتۇرۇلۇپ كېلىنمىدى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى كۇتۇپخانا خىز-
مىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، مەكتەپ مەملىكەت ئىچىدىكى
ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى ئۈچۈن مۇدىر
بۇرھان شەھىدىنى قوشۇمچە كۇتۇپخانا باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلى-
غانىدى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇرۇندىنلا ھۆكۈ-
مەت تەمىناتىدىن بەھىرلىنەتتى. تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشى كاپالەت-
لەندۈرۈلەتتى. لېكىن مال باھاسى كۈنگە نەچچە قېتىم ئۆزگى-
رىپ، تېز ئۆرلەپ باردى. 1948 ـ يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
كىيىم ـ كېچەك خىراجىتى ئەسلى پىلاندا ھەر يورۇشنىڭ ماتې-
رىيال، ئىش باھاسى 4 مىليون يۈەن (ئەينى ۋاقىتتىكى گومىن-
داڭ پۇلى، تۆۋەندىكىلىرى ئوخشاش) بولۇپ، 11 ـ ئايغىچە
ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرىغا يەتكەن پۇلغا ئاران بىر جۈپ ئاياق
بىلەن پايپاقلا سېتىۋالغىلى بولاتتى. مۇشۇنداق ئېغىر پەيتتە،
مۇدىر بۇرھان شەھىدى لەنجۇ غەربىي شىمال مىنشېڭ شىركىتى
بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ پاختىلىق كىيىملەرنى

ئېتىبار باھا بويىچە سېتىپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. بۇ ئىشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، مۇدىر بۇرھان شەھىدى يەنە شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن يۈز تۇرانە مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ كونا ھەربىي كىيىم - كېچەك كىگىزلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىش ماقۇللىقىنى ئالدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كونا ھەربىي كىيىملەرنىڭ ئاران بىر قىسمىلا يۆتكەپ كېلىندى، بۇلار بىلەن ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭلا كىيىم مەسىلىسى ھەل بولدى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى ئامالسىز ھەرقايسى ئورگانلاردىن كونا كىيىم ئىئانە توپلاپ ئوقۇغۇچىلارنى قىشتىن چىقاردى. گومىنداڭ قەغەز پۇل ئارقىلىق مالىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، داۋاملىق كونا قەغەز پۇلنىڭ ئورنىغا يېڭى قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتتى ھەمدە قىممىتى بارغانسېرى چۈشۈپ بېرىپ بازاردا كىرىدىت رولىدىن قالدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقەللىي تۇرمۇش شارائىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇدىر بۇرھان شەھىدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەلىپىنى تەستىقلاپ 1949 - يىلى 4 - ئايدىن ئېتىبارەن، تۇرمۇش خىراجىتىگە ئەمەلىي بۇيۇملار تارقىتىلدى، يەنى ھەر ئايدا ھەر بىرەيلەنگە ئىككى جىڭ قوي گۆشى، بىر جىڭدىن ماي، تۇز تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ خىلدىكى تۇرمۇش ئاران ئىككى ئاي داۋاملىشىپ، يەنىلا كۈندە ئىككى ۋاق تاماق، قايناقسۇ بىلەن موما بېرىلىدىغان بولدى. بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى نامى بىلەن ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر پۇلىنى ھەر ئايدا ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 300 مىليون يۈەندىن كۆپەيتتى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر پۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرىغا تەگمەي تۇرۇپ، مال باھاسى ئۈچقاندەك تېز ئۆرلەپ كەتتى، بۇ 300 مىليون يۈەنگە ئاران ئىككى توپ يېسۇۋىلەك كەلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاچقا، ئوقۇتقۇ-

چىلارنىڭ مائاشىغا كاپالەتلىك قىلىنىشمۇ تەسكە چۈشتى. مەسىلەن، پروفېسسورلارنىڭ ئايلىق مائاشى 1947 - يىلى ئالدىنقى ئوقۇش مەۋسۇمىدە 60 مىڭ يۈەن، 1948 - يىلى ئالدىنقى ئوقۇش مەۋسۇمىدا 6 مىليارد 10 مىليون يۈەن بولسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش تەس ئىدى. شۇڭا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى، بەزى ئوقۇتقۇچىلار دېمەيلا كېتىپ قالدى. بۇرھان شەھىدى ئامالسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكىسىدا ئىشلىتىلىدىغان 350 مو ئېتىزدىن ئېلىنغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىغا قوشۇمچە ياردەم ئورنىدا ئىشلەتتى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاچارچىلىق، ئىچكى ئۇرۇش، بۇزغۇنچىلىققا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىك ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىقى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرجەم ئوقۇپ، ھەرگىز يېڭىلىك قىلىپ دەرس تاشلاپ ئىنكاس قايتۇرماسلىققا ئۈندەش ھەمدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا دائىر تەشۋىقات پروگراممىسى» نى يولغا قويۇپ، «تىنچلاندۇرۇش رايونى تەۋەلىكىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى» نى قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ھەققىدە ئۈستىلەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە «ساتقىن پارتىيە» نىڭ مەكتەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى قاتتىق ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 29 ياش ھەربىي ئوقۇغۇچىنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئورۇنلاشتۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى

يىراقتىن كونترول قىلماقچى بولدى. بۆرھان شەھىدى بىلەن
تۆجى بۇ ئىشنى توستى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر
پائالىيەتلىرىنى ئاستىرىتتىن قوللاپ، كەڭ تەرەققىيپەرۋەر ئو-
قۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى قوغدىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، پانتۈركىزمچىلارنىڭ كاتتىبېشى مەسئۇد،
مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن
ئەۋج ئالغان بولۇپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ھەدەپ ئۆزلىرىگە تارت-
تى. مۇھەممەد ئىمىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تارىخىدىن
لېكسىيە سۆزلىگەندە ئاشكارا ھالدا تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقى-
رىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللىي ئۆچمەنلىكنى
قوزغاش غەرىزىدە، شىنجاڭدا «ئۇيغۇرلارلا خوجايىن بولۇش ھو-
قۇقىغا ئىگە، باشقا مىللەتلەر چەتتىن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان
مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ خوجايىن بولۇش ھوقۇقى يوق» دېدى،
ھەمدە «پانتۈركىزم تەشكىلاتى قۇرۇش كېرەك» - دەپ سەپسەتە
ساتتى. مۇدىر بۆرھان شەھىدى پۈتۈن ئىنستىتۇتتىكى
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يىغىنى چاقىرىپ، پانتۈركىستلارنىڭ
سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەردى. ئۇ مول بىلىمى ئارقىلىق مۇنداق
ئېنىق شەرھىلىدى: شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت-
تىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى.
خۇددى جۇڭگو بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس، ھەممە مىللەتنىڭ جۇڭ-
گوسى بولغىنىدەك، شىنجاڭمۇ بىرلا مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى
ھەممە مىللەتنىڭ شىنجاڭى. ئەگەر شىنجاڭدا پەقەت بىرلا ئۇيغۇر
مىللىتى بار دېيىلسە، شىنجاڭ دائىرىسىدە چوڭ مىللەتچىلىك
خاتالىقى سادىر بولغان بولىدۇ» مۇدىر بۆرھان شەھىدى قەتئىي،
ئېنىق ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، دىئالېكتىك تارىخىي
پاكىتلار بىلەن كۆز قارىشىنى دەلىللەپ، پانتۈركىزمنىڭ شىن-
جاڭ ئىنستىتۇتىغا تارقىلىشىنى كۈچلۈك توسۇپ، ئوقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇجمەل ئىدىيىۋى تونۇشلىرىنى تۈگەتتى. شۇ-

ڭا، مەسئۇد گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك تەختىگە ئولتۇرغۇزۇلغاندا، شىنجاڭ
ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە كەڭ ياشلار مەس-
ئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ ئىمزا قويۇش
پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، كوچىلارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە
مەسئۇتقا قارشى ۋەرەقىلەرنى چاپلاشتى. بۇرھان شەھىدى يەنە
مەسئۇد تەشكىللىگەن «دەرنەك» (پانتۇركىستلارنىڭ يىغىلىشى)
گە كۆپ قېتىم بېرىپ شىنجاڭ تارىخىدىن لېكسىيە سۆزلەپ،
ئۆزىنىڭ نۇقتىئىينەزەرىنى شەرھىلىدى.

بۇ بىر مەيدان ئىدىئولوگىيە سەھەسىدىكى كۈرەش يەنە سى-
ياسىي ساھەدىكى كۈرەشكە ئۆزگەردى ھەمدە تەدرىجىي ئۆتكۈر-
لەشتى. مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق گېزىت چىقىرىش،
نەشرىياتلارنى كىتاب نەشىر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، كۇتۇپخانا
قۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەت-
چىل ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. يەنە «ئىلمىي جەمئىيەت»،
«شىنجاڭنى قۇرۇش ئۇيۇشمىسى»، «تىل يېزىق ئىسلاھاتى ئۇ-
يۇشمىسى» قاتارلىق نامىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلققە قارشى
تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا «مۇستەقىل جۇمھۇرى-
يەت» قۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار يەنە پانتۇركىزم، پانئىسلا-
مىزمنى نورمال ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ۋە دىنىي پائالى-
يەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە ساتقىن-
لىق قىلىپ، خەلقئارادىكى جاھانگىرلار بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ،
ئۇلار كونتروللۇقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئۇچ ياشلار ئىتتىپاقى
(سەنچىڭتۇەن) تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەتتىن بول-
غان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى توپلاپ، ئاستىرتتىن ئەكسىيەتچى
قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بۇزغۇنچى-
لىق قىلدى. بۇرھان شەھىدى ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئەكسىيەت-
چىل پائالىيەتلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇردى، ھەمدە بۇنى ئاشكارى-

ـلاپ تەنقىد قىلدى.

بۇرھان شەھىدى ئۆمۈر بويى تەرەققىيات ۋە يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ، بارلىق ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قوللىغان. شۇ ۋا-قىتتا، بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ياشلار «شىنجاڭ كوممۇنىزم-چىلار ئىتتىپاقى» نى قۇردى، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن جاڭ جىيۇەن، جاۋ پۇلىن، ۋاڭ دۇسۇڭ قاتار-لىقلار بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىدى. بۇ ئىنقىلابىي تەش-كىلاتقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يەنە چېن شىخۇا، ۋاڭ خۇەيپىڭ، دۇفاڭ، ليۇ يىكۇاڭ، لۇ جى، يۇ جەنلىن، فېڭ داجېن قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. پروفېسسور تۇجىمۇ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆيىدىكى رادىئودىن پايدىلىنىپ، ئۇدا ئۈچ يىل شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ تەشكى-لاتنىڭ «كۈرەش» يەر ئاستى ژۇرنىلىغا باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشكىلاتمۇ «كۈرەش» تەشكىلاتى دەپ ئاتالدى. بۇ خەۋەرلەرنى ۋاقتىدا بۇرھان شەھىدىگە يەتكۈزۈپ تۇردى. بۇرھان شەھىدى تۇجى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ، «كۈرەش نەشرىيا-تى» نىڭ پائالىيەتلىرىنى يوشۇرۇن قوللىدى، بۇنىڭ بىلەن «كۈ-رەش نەشرىياتى» دىن ئىبارەت بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلات تەرەققىي قىلىپ زورايدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدى-كى ئوقۇغۇچىلارمۇ مائارىپ مىنىستىرلىقى تارقىتىپ بەرگەن رادىئودىن پايدىلىنىپ، ھەر ۋاقىت ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە-لىك ئىلگىرىلىگەنلىكىگە دائىر خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىپ خاتىـ-رىلىۋېلىپ، تام گېزىتلىرىدە ئاشكارىلىدى. بۇ ئىش گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ئارى-سىدىكى «كوممۇنىستچىلار» نى تەكشۈرۈپ چىقىپ جازالايمىز. ئەگەر تىزىملاتمىسا «باندىت قوشۇنىنىڭ جاسوسلىرى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىمىز» دەپ جار سېلىشتى. 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا،

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلار گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئاقتۇرغانلىقىدەك زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا، ئىشپىيونلارنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇۋىسى «ياشلار مۇلازىمەتچىلىك ئورنى»نى پاچاقلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇرھان شەھىدى يەنە مىللىي ياشلاردىن نۇسرەت، ھوشۇر مۇسا، مەخسۇت تىيىپوۋلارنىڭ «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنى قوللىدى. بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، بەزى تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ھىمايە قىلىپ قوغداپ قالدى، بۇ كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىقىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى مۇھىم رەھبىرىي كادىرلاردىن بولۇپ قالدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، رەئىس بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتتى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلەندى، ئۇ يەنىلا قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتىمۇ ئازادلىق تېڭىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىلىدىكى ئەخمەتجان مەخسۇس كۇرس مەكتىپىدىكى 179 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. مەكتەپكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەز-

ـزى، ئەنۋەرخانبابا، دېڭ لىچۈن، ئەنۋەر جاكۆلىن، تۆجى قاتار-
لىق 15 كىشىدىن ئىنستىتۇت ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىل قى-
لىندى. بۇرھان شەھىدى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن قېلىپقال-
غان مائارىپ زەھەرلىرىنى تۈپتىن تازىلاپ، شىنجاڭنىڭ تۆرلۈك
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كېرەكلىك ئىختىساس ئە-
گىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ شىن-
جاڭ مائارىپىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى تارىخنى ئەسلەپ، كونا
جەمئىيەتتىكى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدىكى قالايمىقانچى-
لىق ۋە مۇرەككەپ ھالەتكە قارىتا، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا
قارشى مائارىپ فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئىزچىل
تۈردە ئەمەلگە ئاشمىدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن-
لىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
شىنجاڭلىق 300 ئوقۇغۇچىنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇرھان شەھىدى بارلىق ئىمتىھان
ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ بىۋا-
سىتە بېجىرىشى بىلەن چوڭ ئوغلى نۇسرەت شەھىدى ۋە ئەنۋەر-
خانبابا، ئۇيغۇر سايرانى، ئەسئەت، خەمىت قاتارلىق كىشىلەر
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە بېرىپ، زور ئۇتۇقلارنى قازان-
دى. ئۇ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇن-
داقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشتە
مەكتەپ مائارىپى ستراتېگىيىلىك ئورۇننى تۇتىدۇ، دەپ قارايت-
تى. مۇئاۋىن مۇدىر تۆجى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازا-
رىتىگە ئالمىشىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، 1951 -
يىلى 10 - ئايدا جاڭ دۆخيۆ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلىنىپ،
مۇدىر بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىنستىتۇتنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى
بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەمكارلاشتى. 1954 - يىلى مەكتەپنىڭ
نامى يەنە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيە
تەشكىلاتى ۋە مەمۇرىي رەھبەرلەر تەدرىجىي تولۇقلاپ سەپلىنىپ،

ئىنستىتۇتنىڭ خىزمەتلىرى مۇنتىزىم تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلىشىنى قارار قىلىشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ فاكۇلتېت، بۆلۈم ۋە كەسىپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى چوڭ تەڭشەشنى قارار قىلىپ، بەزى فاكۇلتېت ۋە كەسىپلەر ئايرىپ چىقىلىپ يېڭى مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا كەسىپىي ئوقۇتقۇچىدىن ئاران يەتتە كىشى بولۇپ، كۆپ قىسىم دەرسلەرنى ئىنستىتۇتتىكى مەمۇرىي خادىملار ۋە مەكتەپ سىرتىدىن تەكلىپ قىلىنغان خادىملار ئۈستىگە ئالدى. بۇنداق ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. ئوقۇتقۇچى جىددىي كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى ئىچكى جايلاردىكى قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياردەم بېرىشىنى سورىدى. 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىچكى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە خىزمەتكە ئەۋەتتى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار ھەم دەرس ئۆتۈش، ھەم ياش مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، رۇسچە، شىبەچە بولۇپ تۆت خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلگەچكە، ئوقۇتۇش چوقۇم تەرجىمان ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى مىللىي، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر سائەتلىك تىل ئۆگىنىش دەرسىنى ئورۇنلاشتۇردى، بولۇپمۇ مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. مىللىي ئوقۇت-

قۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش يولىدا مۇدىر بۇرھان شەھە-
دى ئىنتايىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ
مەكتەپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ،
مىللىي ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانىنى
تۈزۈپ چىقتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىگە
ئاساسەن، يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن پراك-
تىكانت ئوقۇغۇچىلار تاللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر
تەرەپتىن ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛
ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغانلار
پراكتىكانت ياردەمچى ئوقۇتقۇچى قىلىنىپ، ئۇلارنى خەنزۇ ئو-
قۇتقۇچىلار تەربىيىلەشكە مەسئۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئالدى
بىلەن بىر دەرسنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقى-
شى، ئۈچ يىل ئىچىدە خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى تەلەپ
قىلىندى. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن
ئىبارەت بۇ ئىجابىي ئۇسۇل ئارقىلىق مىللىي ئوقۇتقۇچىلارتېز
يېتىشىپ چىقتى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى يەنە ئالىي مائارىپ
مىنىستىرلىكى ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر مىللىي
ئوقۇغۇچىلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىچكى جايلاردىن قېرىن-
داش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىشىگە ياكى
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسى
ئورلوۋمى. ستولىنكوۋ قاتارلىق كىشىلەرنى مەكتەپكە تەكلىپ
قىلىپ پراكتىكانت ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئۆتكۈزدى
ھەمدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەكتەپ سىرتىدىكى
سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىدىن تىتوف خېيۇلان، ۋە-
دىي، گورېلوۋ قاتارلىقلار مەكتەپكە كېلىپ قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى
بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنى قولغا كەلتۈردى. كۆپ
خىل يوللار ئارقىلىق تەربىيىلەش ئارقىلىق، كۆپ مىللەتتىن

بولغان، كۆپ خىل پەنلەردىن خەۋىرى بار بىر مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلدى. 1955 ـ يىلىغا قەدەر مىللىي ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن 113 نەپەر تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئاساس سېلىندى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسلىدىكى بىنالىرى قىستا ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ قىزىل بىنامۇ ئۇزۇن يىل رېمونتسىز قالغانىدى. يەنە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىنانىڭ ئىچىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەن، ھەتتا ئىشىك، دېرىزىلەرنىمۇ بۇزۇۋەتكەنىدى. مەملىكىتىمىز ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، يەنە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىلىۋاتقانلىقتىن، مالىيە ئەھۋالى قىيىن ئىدى. لېكىن شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خىراجەت يەنىلا كاپالەتلىك قىلىندى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى مەكتەپكە «خىراجەتنى ئىستىمالغا ئاز، قۇرۇلۇشقا كۆپرەك ئىشلىتىش» پرىنسىپى بويىچە، ئالدى بىلەن مەكتەپ بىنالىرىنى رېمونت قىلىپ، زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، تولۇقلاپ دەرھال ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، دەرس باشلاش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. 1952 ـ يىلى مۇدىر بۇرھان شەھىدى يەنە گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە قىممىتى 590 نەچچە مىڭ يۈەن كېلىدىغان كۆلىمى 5344 كۋادرات مېتىرلىق «ئازاد» ئوقۇتۇش بىناسى ۋە مىڭ كىشىلىك زالنى ھەقسىز سېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھاجەتخانا ۋە مۇنچا سېلىپ، يول ياساپ، ئېرىق قېزىپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ، مەكتەپ قورۇسىنى گۈزەللەشتۈردى. بۇرھان شەھىدى قاتارلىق

رەھبەرلەر يەنە مەركىزىي مەدەنىيەت، مائارىپ كومىتېتى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىككى تۈر بويىچە ئايرىپ بەرگەن جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇلنى قولغا كەلتۈردى. 1953 ـ يىلى جەمئىي كۆلىمى 9574 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بەش كورپۇس بىنا ۋە ئىككى كورپۇس بىر قەۋەتلىك ئۆي سېلىندى. 1954 ـ يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 12399.70 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۆت بىنا، ئىككى ئاشخانا، ئىككى مۇنچا، ئىككى كورپۇس بىر قەۋەتلىك ئۆي سېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھويلىلىق بىر قەۋەتلىك تۆت ئېغىز ئۆي سېتىۋېلىنىپ يەسلى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش رايونى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىلدى. 1955 ـ يىلى، ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىكى يەنە سۇ، ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش، تازىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى قوراشتۇرۇش خىراجىتى سۈپىتىدە 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەردى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى ساقلانغان كىتابلار ئۆتكۈزۈلگەندە ئاران 13 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك بولۇپ، ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش خېلىلا تەس ئىدى. مۇدىر بۇرھان شەھىدى ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىقى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي ئىشلار كومىتېتى مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ پۇل ئاجرىتىشى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا ئادەم ئەۋەتىپ سېتىۋېلىش، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەدىيە قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا زاكاس قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق كۇتۇپخانىنىڭ كىتابلىرىنى تولۇقلىدى، 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە كۇتۇپخانىدىكى كىتاب سانى 130 نەچچە مىڭ پارچىغا يەتتى. مۇدىر

بۇرھان شەھىدى مەكتەپنىڭ كىتاب قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن، يەنە ئۆزى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ
كەلگەن كىتابلىرىنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا ھەدىيە قىلدى. بۇ
كىتابلار بۈگۈنگىچە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا. يەنە مەخسۇس
پۇلغا تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق
فېرمىسى، مەكتەپ سايمانلىرى قاتارلىقلار سېتىۋېلىنىپ، شىنـ
جاڭ ئىنستىتۇتىدا يېڭى مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپنىڭ
قۇرۇلۇش تارىخىدىكى تۇنجى «ئالتۇن دەۋر» بولۇپ قالدى.

ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مائارىپ مەمۇرىي
باشقۇرۇشىنى ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى توغرا
ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق رەھبەرلەر
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كونا ئازاد رايونلار ۋە ئىچكى
ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىـ
لىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىپ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاـ
قىنىڭ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، كۆپ مىللەت
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ توغرا
يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
ئىنستىتۇتتىكى مەمۇرىي ئاپپارات بىلەن ئىككى بەنزىنى بىرگە
ئىخچاملاپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى، ئىككى ئوقۇغۇچىلار ئۇيـ
يۇشمىسىنىمۇ قوشۇۋەتتى. بۇ ئۇسۇلنىڭ نەتىجىسى شۇكى، شەـ
كىلدىن مەزمۇنغىچە ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيـ
تىشكە پايدىلىق بولدى. بۇرھان شەھىدى ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ
مىللىي مائارىپىدا چەت ئەلنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قوللاـ
نىلغانلىقتىن، ئېغىر ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق ۋە زىيان كېلىپ
چىققانلىقىغا قايغۇرغاچقا، خەنزۇچە ئوقۇتۇش، تەتقىقات كىتابلىـ
رىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇتۇش كىتابـ
لىرىنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ
چاغلاردا مۇدىر بۇرھان شەھىدى ئۆزى بىۋاسىتە تەرجىمە ـ تۈـ

زۇشكە تاللانغان ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، قىسمەن تەرجىمە ئورىگىناللىرىنى ئوقۇپ، دەرس ئۆتۈشتىن ئىلگىرى لېكسىيىنى ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىش ھەمدە باسما سۈپىتىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

مەكتەپنىڭ ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئازادلىقتىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئۆگىنىش باغچىسى»، «ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل قەرەلسىز ماي باسما ژۇرنال نەشر قىلىندى. 1956 - يىلى، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا مىق مەتبەئە بىلەن «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» ئىلمىي ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. بۇرھان شەھىدى بىلەن جاڭ دۇڭيۈ ئىككىيلەن بىرلىشىپ ژۇرنالنىڭ «تۇنجى نەشرىگە كىرىش سۆز» يازدى، ئۇلار كىرىش سۆزىدە ئىنستىتۇت ژۇرنىلىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەھرىرلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە ماركسىزمنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى بويىچە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن ئىنستىتۇت ژۇرنىلى توختىتىلىپ، ماي باسمىدا «خىزمەت ۋە ئۆگىنىش» ژۇرنىلى داۋاملىق نەشر قىلىندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ژۇرناللاردا، بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان يېتەكچى خاراكتېرلىك بايانلىرى بار.

1960 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. يېشى 60 لاردىن ئاشقان بۇرھان شەھىدى داۋاملىق مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كې-

لىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتـ
ناشتى. ئۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا تولۇپ ـ تاشقان
قىزغىنلىق ھېسسىياتى بىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بېسىپ
ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي تارىخنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇنىـ
ۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى سۈرەتلەپ بەردى. پۈتۈن
مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇدىرى بۇرھان
شەھىدىنىڭ سۆزىدىن روھلاندى، شۇنداقلا مۇشۇنداق يۇقىرى
ئابرويلۇق، بىلىمى مول، شۆھرىتى مەملىكەت ئىچى، سىرتىغا
تارقالغان ئالىمنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولغانلىقىدىن شەرەپ ۋە
بەخت ھېس قىلىشتى.

بىز مەكتەپ مۇدىرىمىز بۇرھان شەھىدىنى ياد ئەتكىنىمىزـ
دە، ئۇنىڭ يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە
ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇچقاندەك
يۈكسىلىۋاتقان دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ۋەتىنىمىزـ
نىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىدا تېگىشلىك تۆھپە
قوشۇشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

1994 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**

# بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەر پەزىلىتىنى ئەسلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

## بۇرھان ئەپەندى — روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئۇزۇل - كېسىل ۋەتەنپەرۋەر

بۇرھان ئەپەندىنىڭ يۇرتى ئاقسۇ. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى روسىيىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز يۇرتى ۋە ۋەتىنىگە تەلپۈنەتتى. 1912 - يىلى 18 ياشلىق بۇرھان ئەپەندى روسىيىدىن ئۆزىنىڭ كېچە - كۈندۈز ئەستىن چىقارمايدىغان ۋەتىنىگە، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ھەمدە يەنە نۇرغۇن ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمان بولالايدىغان روسىيە دۆلەت تەۋەلىكىنى تاشلاپ جۇڭگو دۆلەت تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇرھان شەھىدى 1922 - يىلى يەنە ئاتا - ئانىسى، سىڭىللىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان.

بۇرھان ئەپەندى كېيىنكى ئۇزاق يىللاردا يوللار ئەگرى توقاي بولسىمۇ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەسلى نىيىتىدىن تەۋرىنىپ باقمىدى. مەيلى كونا جەمئىيەتتە ياكى يېڭى جۇڭگودا بولسۇن ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلى-

قى، ۋەتەننىڭ گۈللەپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسىنى قوشتى. 30 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇرھان ئەپەندى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەكسىيەتچى كۈچ-لەرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلدى. ئۇ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەيدىغان ئىلمىي ھۆكۈمدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. 1948 ـ يىلى، ئۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پۇتكۈل ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: شىنجاڭ 2 مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن، شىنجاڭ بىر مىللەتنىڭ شىنجاڭى ئەمەس بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭى، خۇد-دى جۇڭگومۇ بىرلا مىللەتنىڭ جۇڭگوسى بولماستىن بەلكى ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوسى بولغىنىغا ئوخشاش. ئەگەر شىن-جاڭدا بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا شىنجاڭ مىقياسىدا چوڭ مىللەتچىلىك خاتالىقى، مەملىكەت مىقياسىدا يەرلىك مىللەتچىلىك، يەنى تار مىللەتچىلىك خاتالىقى ئۆتكۈز-گەن بولىدۇ. ئۇ يەنە «شىنجاڭنىڭ تەقدىرى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان»، «خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان جۇڭگودىكى بارلىق خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ باغلان-غان»، دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىدى.

بۇ خىل كۈچلۈك جۇڭخۇا مىللەت ئېڭى بۇرھان ئەپەندىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتىكى بىر روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ھازىر-مۇ بىزگە زور تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

بۇرھان ئەپەندى ئازادلىق ھارپىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى نۆۋەتلىك رەئىسى بولغان. ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابى ئۇزلۇكسىز غەلىبىگە ئېرىشىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ-

نىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈ-
مىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن بىرلىكتە
ئىچكى ـ تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تېنچ يول
بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان سۇيىقەس-
تىگە مەيدانى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك
قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن
ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇرھان ئەپەندى «ھەقىقەتكە قاي-
تىش تېلېگراممىسى» دا: «شىنجاڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە
ئۇلۇغ داھى ماۋ زېدۇڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە تېزدىن پارلاق،
تىنچ قۇرۇلۇش يولىغا ماڭىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن» دەپ
كۆرسەتكەن. بۇ بۇرھان ئەپەندىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ
يېڭى تارىخىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ۋەتەننى سۆيۈشنى
جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈر-
گەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ شىنجاڭ ئازاد بولۇپ ئۇزاق
ئۆتمەي يولداش ۋاڭ جېن، شۆ لىچىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە
جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بى-
لەن جۇڭگو كومپارتىيىسى قوشۇنىغا كىرىپ بىر ئۇزۇل ـ كې-
سىل ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كې-
يىن، بۇرھان ئەپەندى يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولدى. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مارك-
سىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭ-
جېن، سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ پرولېتا-
رىياتلىق مىللەت قارىشى ۋە دۆلەت قارىشىدا چىڭ تۇردى. ھۆكۈ-
مەت ۋە خەلق ئۈچۈن بېرىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىدى.
پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى، دىنىي سىياسىتىنى تىرىشىپ
ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرمىللەت خەلق ئام-

مىسىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۆھىم تۆھپە قوشتى. خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك: «ئۆمۈرلۈك زېھنىي كۈچۈم بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ماڭا تاپشۇرغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ. . . ئۇلۇغ ۋەتىنىمنى، ئۇلۇغ پارتىيەمنى ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ھەرگىز زىيانغا ئۇچراتمايمەن». بۇرھان ئەپەندى مۇشۇنداق دېگەن ھەم شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي ساددا، كەمتەر، چىقىشقاق ئىدى. ئالاھىدە بولىۋالمىغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مۇنەۋۋەر چاكىرى ئىدى.

## مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بوشاشماي قوغداشتا چىڭ تۇرۇش — بۇرھان ئەپەندىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە خەلقئارادا پەيدا بولغان «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى بەزى بۆلگۈنچى كۈچلەرمۇ چەت ئەل جاھانگىرلىكى ۋە «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» ئىدىيىۋى ئېقىمى بىلەن يىراقتا تۇرۇپ ماسلىشىپ، كۆپ قېتىم مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. شىنجاڭدا قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىغا كاشىلا قىلدى.

«پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» چىلار بارلىق ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى ياكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر

بىرلىشىپ بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى ياكى تۈرك ئىمپېرى-يىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتى. ناھايىتى روشەنكى، «پان-ئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» نەزەرىيە جەھەتتە بىمەنىلىك، ئە-مەلىيەتتىمۇ ئاقمايدۇ. شۇڭا دەسلەپتە نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ قايتا - قايتا مەغلۇپ بولغانىدى. شىن-جاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈر-كىزم» دىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پار-چىلايدىغان جىنايى ھەرىكەتلىرى كىشىلەر قەلبىگە ياقمىدى، شۇ-ڭا باشتىلا بۇرھان ئەپەندى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى.

بۇرھان ئەپەندى 1933 - يىلى شىنجاڭدىكى «پانئىسلا-مىزم»، «پانتۈركىزم»چى مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا بىلەن كۆرەش قىلىپ، بۇ بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل سۆز - ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىپ: «ئۇلار ئىسلام دىنى مۇخ-لىسلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغانلىقىنى پەش قىلسىمۇ لې-كىن ماھىيەتتە پومېشچىكلار سىنىپى ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ»، («شىنجاڭدىكى 50 يىل») دەيدۇ. ئۇ دوستىغا خەت يېزىپ، سابىت داموللا جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ پائا-لىيەتلىرىگە قاتناشماسلىققا نەسىھەت قىلىپ: «شىنجاڭ ‹مۇستە-قىل› لىق خاتا يولىدا ماڭسا بولمايدۇ، ئاتالمىش ‹مۇستەقىل› لىق ئەمەلىيەتتە جاھانگىرلارنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى» دەپ كۆرسەت-كەن. («شىنجاڭدىكى 50 يىل»). ئازادلىق ھارپىسىدا ئۇ ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا: «ئۆلكىمىزنىڭ تارىخى، سىياسىي ئالاھىدىلىكى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن مەن شىنجاڭ مۇستەقىل بولۇشى كېرەك، دەپ قارىماي-مەن. بىز جۇڭگودىن ئايرىلساق بولمايدۇ»، دەپ جىددىي ئۇق-تۇرغانىدى. («شىنجاڭدىكى 50 يىل»).

ئازادلىقتىن كېيىن، بۇرھان ئەپەندى سىياسىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» نىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ نۇرغۇن مېغىزلىق چۈشەنچىلەرنى بەردى. ئۇ بىزنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ماھىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى تونۇشىمىزغا ئىنتايىن مۇھىم ئىلھام بولدى.

1979 ـ يىلى ئۇ «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاتالمىش ‹شەرقىي تۈركىستان›، XIX ئەسىردە دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەملىكىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئىسىم. ئىسمىغا روشەن تاجاۋۇزچىلىق سۈيىقەستى يوشۇرۇنغان. شىنجاڭدا بەزىلەر ئەينى يىللىرى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى ئۈچۈن قوللانغان جۇغراپىيىلىك ئىسمىنى ‹ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ ئىسمى› دەۋالغان. بۇ روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ھاقارەت» («بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى»). 1982 ـ يىلى بۇرھان ئەپەندى يەنە «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىشى ۋە يوقىلىشى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» نىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى، شىنجاڭدا ئازادلىقتىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ھەم ئۇنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر بايان قىلغان ۋە «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمچىلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭ ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار» دەپ كۆرسەتتى. ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇ سۈيىقەستلىرى قايتا ـ

قايتا بىر ـ چىت بولغان بولسىمۇ، بۇرھان ئەپەندى يەنىلا: «شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ ئەكسىيەتچى ئىدىيىنىڭ زەھىرىنى تازىلاش قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملىنىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇزاققىچە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ» ، دەپ سەمىمىي نەسىھەت قىلغاندى. («بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى») . بۇرھان ئەپەندى 1985 ـ يىلى يەنە «كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەقسىتى ئاستىدا» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ «پانئىسلامىزم» ، «پانتۈركىزم»گە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆز كۆزقارىشىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاندى ھەمدە كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق: «دۆلەت ئىچى ئىتتىپاق بولمىسا سىرتتىن بالا ـ قازا كېلىدۇ. سىرتنىڭ بالا ـ قازاسى مۇقەررەر ھالدا ئىچكى مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئاچچىق ساۋاق. ھەرمىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلاشسىلا تاشقى دۈشمەن ئاندىن بىزنى بوزەك قىلالمايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە قۇدرەت تاپالايدۇ» ، دېگەنىدى. («بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى») ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «پانئىسلامىزم» ، «پانتۈركىزم»دىن پايدىلىنىپ «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىقىنى پىلانلاپ، شىنجاڭدا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش جىنايەت ھەرىكەتلىرى نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ زور تەھدىت. بىز چوقۇم بۇرھان ئەپەندىنىڭ تەلىمىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ «پانئىسلامىزم» ، «پانتۈركىزم»دىن پايدىلىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى تەرغىپ قىلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي كۈرەش

قىلىشىمىز كېرەك.

## ئىلىم - پەنگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش بۇرھان ئەپەندىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى

بۇرھان ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭنىڭ پەن - تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلىدە يەنە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. 1956 - يىلى 5 - ئايدا ئۇ بېيجىڭغا يۆتكىلىپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەندىمۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانى ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلىگەن. ئۇ شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا يولۇققان نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەن. 1957 - يىل ئەتىيازدا شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گېئولوگىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، تۇپراق تەتقىقات ئورگانلىرى قۇرۇلۇش بىلەن بىرگە يەنە تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىكى مەخسۇس ئىلمىي ئورگان بار بولغان. كېيىن تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ دىرىجىسى ئۆستۈرۈلدى ھەمدە نامى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ ئۇنىڭ قارمىقىدا ئارخېئولوگىيە، دىن، مىللەتلەر نەزەرىيىسى، قەدىمكى زامان تارىخى، يېقىنقى زامان تارى-

خى، مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە قىرائەتخانا، ماتېـ
ـرىيال بۆلۈمى تەسىس قىلىنغانىدى.
مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خېلى يۇقىـ
ـرى ئىلىم ـ پەن سەۋىيىسىگە ئىگە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بىر تۈركۈم كەسپىي ئىختىساس ئىگىـ
ـلىرىنى تەربىيىلەپ، بىر قاتار مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە
ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. كېيىن ئۇـ
ـنىڭ ھەرقايسى تەتقىقات ئىشخانىلىرى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى قارمىقىدىكى تارىخ تەتقىقات ئورنى، ئارخېئولوگىيە
تەتقىقەت ئورنى (ھازىرقى مەدەنىيەت نازارىتىگە قارايدۇ)، دىن
تەتقىقات ئورنى، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى بولۇپ قالدى.
1981 ـ يىلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
قۇرۇلدى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» نەشر قىلىنىدىغاندا، بۇرھان
ئەپەندى ژۇرنالنىڭ تۇنجى نەشرىگە قىزغىنلىق بىلەن «مېنىڭ
ئۈمىدىم» دەپ كىرىش سۆز يېزىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
«ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋ
زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات
ئورگىنى قۇرۇلدى. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ پەن ـ تەتقىقات قوـ
ـشۇنى تەدرىجىي راۋاجلاندى. بۇ پارتىيە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ
شىنجاڭدىكى غەلىبىسى». ئۇ پەن ـ تەتقىقات قوشۇنىنىڭ ئۈزـ
ـلۈكسىز زورىيىپ، ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى
چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلاتتى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنىڭ
ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئىشلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي
پەن خىزمەتچىلىرىنى قوللىشى ۋە ئۇلارغا بولغان غەمخورلۇقى
بىزگە ئىنتايىن زور ئىلھام ۋە ئەڭ زور تۈرتكە بولغانىدى.
بۇرھان ئەپەندى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان مەشـ

ھۇر سىياسىئون بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىلىم تەھسىل روھى ئىنتايىن ياخشى ئۇلگە بولالايدىغان مەشھۇر ئالىم. بۇرھان ئەپەنـ دىنىڭ بىلىمى ئاساسەن تارىخشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىـ دە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە شېئىر ـ قوشاق، نەسىر ۋە دراما قاتارلىق ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ ساھەدە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي پەن، مەدەنىـ يەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۇچۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، بىزگە مول، چوڭقۇر قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى قالدۇرغان.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش روھى ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى، يولداش دېڭ لىچۈن: «ئۇنىڭ روشەن سىياسىي مەيدانى ۋە توغرا ئىلىم ـ پەن قارىشى ئېلىمىز ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھا ـ سىغا، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ماختىشىغا ھەم ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان» دەيدۇ. بۈگۈن بىز بۇرھان ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشتەك ئېسىل روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

بىز بۇرھان ئەپەندىدەك ئاشۇنداق ئۆگىنىشتە چەكسىز بو ـ لۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئىلىم ـ پەن ئۈستىدە توختىماي ئىزدەنگەنـ لىكىنىڭ مول مېۋىسى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇرھان ئەپەندى مۇكەممەل، سىستېمىلىق مەكتەپ تەربىيىسى ئالالمىـ غان. ئەمما مول كەسپىي بىلىملىرىنى خىزمەت ۋە دۆلەت ئىشلىـ رىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قېتىرقىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، تەدرىجىي توپلاپ ھاسىل قىلغان. ئۇ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىـ

ـدىكى كۆپ خىل تىللارغا كامىل بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە خەنزۇچە، روسچىغىمۇ كامىل ئىدى. 40 ـ يىللاردا ئۇ مىللىتا-رىست شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقاندا تۈزگەن «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ روسچە لۇغەت» ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشتا تە-رىشچان، ئىجتىھاتلىق ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك ئىكەنلىكىنى، خەنزۇچە، روسچە، ئۇيغۇرچى-نى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز خۇددى بۇرھان ئەپەندىگە ئوخشاش ئىلمىي ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىشتا ھارماي ـ تالماي تىرىشىشى-مىز لازىم. ئۇ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئالدىراش دۆلەت ئىشلىرىنى قىلغاندىن سىرت، نۇرغۇنلىغان ئىنتايىن مۇھىم تا-رىخ ۋە تىل تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بەزى ئەسەر-لىرى ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە ئىگە بولغۇسى. ئۇ 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا يازغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دېھقانلار كۈرىشى ۋە ئۇيـ-غۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى مەدھىيىلەنگەن «كۆ-رەش داۋامىدىكى قان ـ قېرىنداشلارچە دوستلۇق» دېگەن سەھنە ئەسىرى مەملىكەت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغاندىن كې-يىن، ئۇ يەنە يېشىنىڭ 70 كە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا قارى-ماي، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب غەلىبىسىنى ئاخىرى قولغا كەلتۈرۈپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىدەك تارىخىي تەقدىرى ۋە تارىخىي تاللى-شىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئومۇمىي نامى «ئۆچمەس ئۇچقۇنلار» دەپ ئاتالغان كۆپ بۆلۈملۈك دراما يېزىشنى پىلانلىغان. ئەپ-سۇسلىنارلىقى، بۇرھان ئەپەندىنىڭ كۈندىلىك ھۆكۈمەت خىزمى-تى بەك ئالدىراش بولغانلىقى، بولۇپمۇ، كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇرھان ئەپەندىنىڭ بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى پىكىرلەردە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، بىر ئۇزۇل - كېسىل ۋەتەنپەرۋەرنىڭ كەڭ كۆكسى - قارنى نامايان قىلىنغان. ئۇلار شىنجاڭ تارىخ دراممى- چىلىقىدىكى دراما ئەسەر دەپ ئاتالغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقى- لابى» ئاخىرلىشىپ، بۇرھان ئەپەندى 90 ياشقا كىرىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئىككى مۇھىم ئەسىرىنى، يەنى «شىنجاڭدىكى 50 يىل» دېگەن ئەسلىمىسى بىلەن «بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدۇردى. يولداش ۋاڭ جېن «شىنجاڭدىكى 50 يىل» دېگەن كىتابقا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە: «يولداش بۇرھان شەھىدى 89 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ‹شىنجاڭدىكى 50 يىل› دېگەن كىتابىنى يازىشىپ قالغانلىقى ۋە تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، هاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلەش روھى بىلەن تاماملىدى. بۇ ناهايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش. بۇ خىل روھ ناهايىتى قىممەتلىك» دېگەنىدى. بۈگۈن بىز يولداش بۇرھان ئەپەندىنى ئەسلىگىنىمىزدە ۋە خاتىرىلىگىنىمىزدە بۇ خىل قىممەتلىك روھنى چوقۇم داۋاملاشتۇرۇپ، جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بىز خۇددى بۇرھان ئەپەندىگە ئوخشاش، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئې- سىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كې- رەك. بۇرھان ئەپەندىنىڭ هاياتىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلى- رىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەر- ۋەرلىك ئىدىيىسىنى، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدى- يىسىنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە مەدھىيىلەش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بويسۇ- نۇش ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا بۇرھان ئەپەندىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى روشەن ئىلمىيلىققا ئىگە

بولۇپلا قالماي بەلكى كۈچلۈك جەڭگىۋار روھقا ئىگە بولغان.

دەل ئۇنىڭ مۇشۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىدە نامايان قىلىنغان روشەن سىياسىي مەيدان ۋە توغرا ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر ئۇنى بىز ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسىگە ئايلاندۇرغان. بۈگۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، يولداش بۇرھان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، چوقۇم بۇرھان ئەپەندى تەلىم بەرگەندەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دەيدىغان ئېڭىمىزنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى خۇددى بۇرھان ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ئۈمىد قىلغاندەك «پانى دۇنيادىكى جەننەت» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا بېسىشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئېلىنىياز ئېلى
جاۋابكار مۇھەررىر: تۇرغۇن ئۆمەر

# سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى — بېقىۋالغان دادام بۇرهان شەھىدى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 96 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

ئۇيغۇر مىنوپ

بېقىۋالغان دادام بۇرهان شەھىدىنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا بىر يىل بولدى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىزنىڭ بوران چاپقۇندا سەرسانلىقتا قالغان ئائىلىمىزگە قىلغان چەكسىز غەمخورلۇقى ۋە ماڭا قىلغان چوڭقۇر دادىلىق مېھرىنى ئەسلىگىنىمدە، ھەمىشە كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولۇپ ئۆزۈمنى زادىلا تۇتىۋالالمايمەن. ئۇنىڭ دائىم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، ماڭا سەمىمىي نەسىھەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ھەمىشە ئېسىمگە كېلىدۇ.

## مېنى ئىنقىلاب يولىغا باشلىدى

30 ـ يىللاردا، دادام مىنوپ سەمەت بۇرهان شەھىدى ئۆز قولى بىلەن قۇرغان شىنجاڭدىكى تۇنجى شوپۇرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا شوپۇرلۇق تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن، تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇستازى بۇرهان شەھىدىگە شوپۇرلۇققا تاللانغان. بۇ جەرياندا بۇرهان شەھىدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي ئىنقىلابىي دوستلۇق ئورناتقان. كېيىن دادام بۇرهان شەھىدىنىڭ شوپۇرى، قوشۇمچە مۇھاپىزەتچىسى بولغان.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتىۋېلىش جەريانىدىكى ئىنتايىن مۈشكۈل يەر ئاستى كۈرىشىدە «مەخپىي ئالاقىچى» بولۇپ يېتىشىپ چىققان دادام مىنوپ ئاخۇن پۈتۈن ۋۇجۇدى ھەققانىيەت بىلەن تولغان رەزىل كۈچلەرنى قاتتىق ئۆچ كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. 1946 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىلانلىق ھالدا ئاز ساندىكى جاھىل ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنى توپلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىلەرنى ھاقارەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. دادام مىنوپ ئاخۇن كۆكرەك كېرىپ قورال تۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىدۇ.

دادامنىڭ قۇربان بولۇشى بىلەن بىز تۇرمۇشىمىزدىكى بىردىنبىر تايانچىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئانام ئىككىمىز چەكسىز ئازاب ئىچىدە قالدۇق. مەن شۇ چاغدا 15 ياشتا ئىدىم. بۇرھان ئەپەندىم مېنى ۋە ئانامنى ئۆيىگە ئەكىلىپ بىزدىن سەممىي ھال سورىدى ۋە مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەر مېنىڭ تۇغقىنىم، مىنوپ ئاخۇن خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن، مەن سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىمەن» دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بىزنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، تۇرمۇشىمىزغا يېقىندىن يار ـ يۆلەك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بۇرھان شەھىدىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى بولۇپ قالدىم. بىز بىرگە بولغان كۈنلەردە بېقىۋالغان دادام بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى مېنىڭ يارامل ق

ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىم ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ ماڭا مېھرىبانلارچە ئاتىدارچىلىق قىلدى. شۇڭا مەنمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنى دادا دەپ چاقىرىدىغان بولدۇم.

بېقىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە مەن ئىشلارنى قانداق كۆزىتىشنى ئاستا - ئاستا ئۆگىنىشكە باشلىدىم. مەن دائىم بۇرھان شەھىدىنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جىددىي خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. شۇ چاغدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئازاد قىلغان بولۇپ، غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقانىدى. ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئىچىدە ئىدى. گومىنداڭنىڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرى ئەسەبىيلىك بىلەن ئىنقىلابچىلارنى ۋە بۇرھان قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرىمىز، دەپ جار سېلىۋاتاتتى. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، نەچچە قېتىم گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغان ھەمدە ئېتىشىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى.

بىز مۇھاپىزەتچىلەر بۇرھان ئەپەندىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ھوجرا ئۆيىنى ئالماشتۇرۇشنى ياكى يەر ئاستى ئۆيىدە دەم ئېلىش تەكلىپىنى بەردۇق. ئۇ بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ باش قاتۇرىدىغىنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئەمەس بەلكى ئۈرۈمچى خەلقى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئىدى. ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىشكە ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇ يەنە ئىلغار زاتلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قوغدىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىدىكى بىر كۈن ئىدى، بۇرھان ئەپەندىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، چىرايى تەبەسسۇم بىلەن تولغانىدى، ئۇ ئۆزى شەخسەن بىزنىڭ ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزلىق مەخسۇس ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشىمىزنى سۆيلىدى،

ئۇ ئادەتتە بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ئەزەلدىن سو- رۇشتۇرۇپ كەتمەيتتى. بۇنىڭدىن بىز بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ: «كىم ئۇچۇن تەييارلايمىز» ، دەپ سورىدۇق، ئۇ پەقەت- لا: «يېقىندا ئىشلار بەك كۆپ بولغاچقا، ئىككى كاتىپىم ئۆيۈمگە كېلىپ مېنىڭ خىزمىتىمگە ياردەملىشىدۇ، بۇ ئۆيلەر ئۇلار ئۇ- چۇن تەييارلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سەھەردە، مەن ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋاتاتتىم، بېقىنۇالغان دادام مېنى ئالدىغا چاقىرىپ: «ئىككى كاتىپ بۈگۈن چۈشتە كېلىدۇ، بۈگۈندىن باشلاپ سەن ئۆيدە قېلىپ، ئۇ ئىككى كاتىپنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىسەن. . . » دېدى. چۈشتە ئۇ ۋە ليۇ مىڭچۈن، چۈۋۇ، ليۇ- زىرۇڭ قاتارلىق تۆت كىشى ئايرودرومدىن ئىككى سىرلىق مېھ- ماننى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن بېقىنۇالغان دادام ئۇلارغا مېنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ ئولتۇرۇپ قوپۇشۇڭلار ۋە تامىقىڭلارغا ئۇ مەسئۇل بولىدۇ، قانداق ئىشىڭلار بولسا ئۇنىڭغا تاپىلىساڭلار بولىدۇ. . . » دېدى ھەمدە ماڭا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمنى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىمنى قايتا ـ قايتا تاپىلى- دى.

ئىككىسى ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەتلىرىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ھۆججەت كۆرەتتى، بەزى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشەتتى. ھەتتا گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە شەھەر باشلىقى چۇۋۇلارمۇ ئۇلار بىلەن ئۇزۇن سۆزلىشەتتى. ھەر كۈنى كېچىدە دېگۈدەك ئۇلار مېنىڭ بېقىنۇال- غان دادام بۇرھان شەھىدى بىلەن نېمىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىكىن تاڭ، گەپلىرى زادى تۈگىمىدى. بۇ ئىككى ستالىنچە كىيىم كىيىۋالغان كىشى ھەمىشە مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل كۆرۈنەتتى.

بۇ ئىككى «كاتىپ» كەلگەندىن كېيىن، مەن ھەر كۈنى كەچ

سائەت 12 دە دېگۈدەك، بېقىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدىنىڭ
تاپشۇرۇقىغا بىنائەن پىكاپقا ئولتۇرۇپ مەخپىي ھالدا سوۋېت
كونسۇلخانىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىشىكىدىن كىرىپ «كا-
تىپ»لارنىڭ خېتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇش-
لۇق كونسۇلى ئىۋان. يىسوفقا تاپشۇرۇپ بېرەتتىم، ئاندىن ئۇ-
لارنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئۇلۇك تەرەپتىكى ئىشىكتىن چىقىپ، ئۆيگە
قايتقاندىن كېيىن خەتنى ئۇ ئىككى «كاتىپ»قا تاپشۇرۇپ بېرەت-
تىم.
بىر كۈنى كېچىدە مەن خەتنى ئېلىپ ئۆيگە قايتقىنىمدا
بېقىۋالغان دادام ئالللىقاچان ئۇخلاپ قالغان بولۇپ (ئۇ چاغدا ئۇ
بەك چارچاپ كەتكەچكە بىتاپ بولۇپ قالغانىدى)، ئىككى كاتىپمۇ
ئارام ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقانىكەن، مەن خەتنى تاپشۇرۇپ بولۇپ،
بۇرۇلۇپ سىرتقا قاراپ مېڭىشىمغا، ئۇلار مېنى چاقىردى. مەن
تېزلىك بىلەن قايتىپ كەلدىم. ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايىدا خۇشال-
لىق يېغىپ تۇرغان بولۇپ، بۇرھان ئاقساقالنى دەرھال ئويغىتى-
شىمنى ئېيتتى، بېقىۋالغان دادام ئۆيگە كىرىپ، خەتنى كۆرگەنـ
دىن كېيىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئۇلار بىلەن قۇچاغلى-
شىپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران قالدىم، مەن تېخى
ئۇ ئىككى «كاتىپ»نىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.
بەزىدە مەن دادامنىڭ ئۇلارنى سەمىمىيلىك بىلەن «دىك
ئەپەندىم، ۋاڭ ئەپەندىم» دەپ چاقىرىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بىر
كۈنى مۇنداق بىر كىچىك ئىش يۈز بەردى: ئەتىگىنى مەن ئۇلارغا
يۈزىنى يۇيۇۋېلىش ئۈچۈن داستا سۇ ئەكىردىم، ئۇلار يۈزىنى
يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن داسنى كۆتۈرۈپ سىرتقا تۆكۈۋې-
تىشكە تەمشەلگىنىمدە، دىڭ ئەپەندىم دەرھال داسنى تارتىۋېلىپ،
نېمە دېيىشىمدىن قەتئىينەزەر ماڭا تۆكتۈرمىدى. مەن مېھماننىڭ
يۇندىسىنى تۆكۈش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم تۇرسا، ئۇ
نېمىشقا ئۆزى تۆكىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم. بۇ ئىككى مېھمان باشقا

مېھمانلارغا ئوخشمايتتى. مەن بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. كېيىن ئۇلارنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئالدىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

كونسۇل بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى خەت - چەكلەر ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى خەت - چەكلەر ئەمەس ئىدى، ئەسلىدە ئۇلار بۇرھان ئەپەندىنىڭ ماۋ جۇشىغا يوللىغان تېلېگراممىسى ۋە ماۋ جۇشىنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى ئىدى. شۇڭا ئۇلار قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم شۇ مىنۇتلارنى ئەسلىگىنىمدە، ھەتتا شۇ چاغدىكى «ئالاقىچى»نىڭ مەن ئۆزۈم ياكى ئەمەسلىكىمدىن گۇمانلىنىمەن، مەن «ئالاقىچى» بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

## ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىشى ۋە ئېزىشى سەۋەبىدىن جۇڭگو خەلقى زور كۈلپەتلەرگە ئۇچرىدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تارىخى غەرىزى، ئورتاق ئىنقىلابي تەلىپى ۋە ئورتاق كۈرەش قىلىش يولى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ فېئودالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش سۇيىقەستلىرىنى بىر - بىرلەپ بىتچىت قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغدىدى.

بۇرھان شەھىدى ياشلىق دەۋرىدە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-

غان، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىنقىلابىي مەيداندا ئىزچىل چىڭ تۇرغان ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىنتىلگەن. 30 - يىللاردىلا ئۇ شىنجاڭدا يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەر، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەمدە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن تونۇشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىدە ئۇلۇغ غايە تىكلىگەن.

ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرگەن. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئىدىيىسىدە ئىنقىلابتىكى مۇنداق بىر ئاساسلىق مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولغان، يەنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى بىردەك بولىدۇ، ئەزگۈچى ۋە ئەكسىيەتچىلەر قايسى مىللەتكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ئوخشاشلا بىردەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق ئىنقىلابىي ھاياتىدا ئىرادىسى مۇستەھكەم بولدى. جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىستىشى ۋە قىزىقتۇرۇشى ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمىدى، ئۆز مىللىتىدىن بولغانلار ئۈچۈن كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلمىدى. ئۇ، ھېلىقىدەك مىللەتنى، دىننى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئەكسىيەتچىلەر ھەمدە جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى بىلەن رەھىمسىزلەرچە كۈرەش قىلدى.

«12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگۈرۈشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ھىمايىسىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئالداپ قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇ ئۆزد-

ىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ۋاقتىنچە نىقاپلاپ، ئورنى مۇس-
تەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارى-
لاپ، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى چېن
تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق زور تۇركۇمدىكى كوم-
پارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈر-
دى، كوممۇنىزمغا ۋە كومپارتىيىگە غالجىرانە قارشى تۇردى،
ئىنقىلابقا، خەلققە قارشى تۇرۇشتا چېكىگە يەتتى. بولۇپمۇ شىن-
جاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە پۈتمەس - تۈگىمەس بالايى - ئاپەت
ئېلىپ كەلدى.

جاڭ جېيشىمۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى تەبىئىتى بويىچە ئىنقى-
لابىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇد سەبرى،
مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسابەگ قاتارلىق مىللىي مۇناپىقلارنى يۆ-
لەش بىلەن، ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى
قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇلار قالىبېك، يولۋاس قاتارلىق مۇناپىق-
لار بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ «پانتۈركىزم» ، «پانئىسلامىزم» نى
تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچى-
لاش قىلمىشلىرى بىلەن ھەدەپ شۇغۇللاندى. شۇ چاغدا شىنجاڭ-
ىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى.

بېقىنىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدى ئۇلار بىلەن كەسكىن
كۈرەش قىلدى. ئۇ بەزى ئىلغار كۈچلەرنى مەخپىي تەشكىللەپ
تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىيەتچى
كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرۇش، ئاممىنى ئويغىتىش ئۈچۈن كۆپلى-
گەن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئوغلى
نۇسرەت ئىلغار ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. دائىم دادى-
سىدىن يوليورۇق ئالاتتى. بۇ تەشكىلاتتىكى بەزى قېنى قىزىق
ياشلار ئالدىراقسانلىق قىلىپ، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قوللىنىشقا
تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، بۇرھان ئەپەندى ئۇلارنى بىر - ئىككى

قېتىملىق قارىغۇلارچە ھەرىكەت پۈتكۈل ئىنقىلاب ئىشلىرىغا زىـ
يان ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپـ
لىمىلىكلىكىنى ۋە تەۋەككۈلچىلىكىنى تۈزىتىپ، ئۇلارنى ساغلام
تەرەققىي قىلىش يولىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئىنقىلاـ
بىي پائالىيەتلەرنى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق
ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. ئۇ شىنجاڭنىڭ
ئىستىقبالى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنى
جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاـ
زادلىقى بىلەن بىرلەشتۈردى. بېقىۋالغان دادام بۇرھان ئەپەندى
يەنە «قانۇنلۇق» كۈرەش قىلىپ، مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ شىنجاڭ
دارىلفۇنۇنىدا ھەدەپ تەشۋىق قىلغان بۆلگۈنچىلىك نەزەرىيىسىگە
قارىتا، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭنىڭ ۋەـ
تىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ھەققىـ
دە تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى يازـ
دى.

1949 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە
قايتىش ئىشلىرىدا كۆپلەپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. گومىنداڭـ
نىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەنلىكتىن،
بىز مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، يۈز
بېرىش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ئىشلاردىن ساقلىـ
نىش ئۈچۈن، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدۇق.
مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دادام مەخسۇس بىر تۈركۈم مۇنـ
تىزىم قوغدىغۇچى خادىملارنى يۆتكەپ كەلدى.

بىر كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مىڭچۈن
گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تاۋ سىيۆگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى
ئەكەلدى. شۇ چاغدا ئاكام نۇسرەت دادام كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقان
بىر گېزىتنى ئىزدەۋاتاتتى، دادامنىڭ ئاكامغا بىرەر ئېغىز گەپ
قىلىشقىمۇ چولىسى تەگمەي، سومكىسىنى ئالغان پېتى ئۇدۇل

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئۇ ئالدىراشچىلىقىدىن دەم ئالىدىغان ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. جىددىي تەييارلىق ئارقىلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى بىتچىت قىلىنىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تېلگراممىسى ئېلان قىلىندى، پۇتكۈل ئۈرۈمچى شەھىرى شات خۇراملىققا چۆمدى. توختىماي تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكى ھەمدە ئېغىر بەل ئۇمۇرتقىسى بۇزۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇرھان ئەپەندى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بىراق ئۇ يەنىلا كۈندىلىك خىزمەتلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى، بەزى مۇھىم خىزمەتلەرنى كېسەل كارىۋىتىدىلا بىر تەرەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بېقىۋالغان دادام خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دوختۇر ۋە باشقىلارنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە توسىشىغا قارىماي، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئورنىدىن قوپۇپ ئۈرۈمچىگە 20 كىلومېتر كېلىدىغان «جىجساۋزى» دېگەن يەرگە بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيە ئالدىن يۈرۈش قىسىملىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئۇ ئۆزى شەخسەن قىسىملارنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كىردى. ئىككىنچى كۈنى قىسىملاردىن ھال سورىغىلى باردى ھەمدە ئۇلارغا ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن بارلىق قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى.

## سەمىمىي سەبداشلىق مېھرى

بېقىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق دوستلۇق ئورنىتىلغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئورتاق غايە، ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بېقىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدىنى دائىم ھۆرمەت بىلەن «بۇرھان ئاكا» دەپ چاقىراتتى. بېقىۋالغان دادام ئۇنى «ئۇكام» دەپ چاقىراتتى. 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشلىرىدا كەينىگە يېنىش بولدى، گومىنداڭ دائىرىلىرى مىللىي بۆلگۈنچى مەسئۇد سەبرىنى يۆلەپ تەختكە چىقاردى. بېقىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدى مەسئۇد سەبرىنىڭ تەختكە چىقىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىشلىمەسلىك ئۈچۈن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، نەنسەندىكى شياۋچۈزى دېگەن يەرگە دەم ئالغىلى باردى. مەنمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ بېقىۋالغان دادام بىلەن بىرگە تۇردۇم. ئەخمەتجان قاسىمى ئايالى ماھىنۇر خانىمنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ بۇرھان ئەپەندىنى يوقلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىلىغا قايتقاندىن كېيىن دادام بىلەن دائىم خەت ئالاقىسى قىلىپ تۇردى. بىر قېتىم ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ ھەربىيچە كىيىم كىيىپ چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىنى ئەۋەتتى. سۈرەتنىڭ كەينىگە «سەبدىشىم بۇرھان شەھىدىگە خاتىرە» دەپ يېزىلغانىدى. بېقىۋالغان دادام ئۇ سۈرەتنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى ھەمدە ھەمىشە ئۇ سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەيتتى.

ئۇ چاغلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش خاھىشلىرى تېخى تەلتۆكۈس تۈزىتىلمىگەن ئىدى. ئەمما ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پوزىتسىيىسى ئوچۇق بولۇپ، بېقىۋالغان دادامغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «... ‹ۋەتەن ساتقۇچ›لارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش قىلمىشلىرىغا ھەرگىزمۇ

يول قويۇشقا بولمايدۇ. . . » دېگەنىدى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قول چوماقچىلىرى يول-ۋاس، پولات قادىر، جانىمقانلار تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قاي-تىشقا ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنى-ۋاتقان چاغدا، بېقىنۋالغان دادام ئۇلارنى كۆپ قېتىم سەۋرچانلىق بىلەن تەنقىد قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ رايىدىن قايتىشىنى ئۈمىد قىلدى. يولۋاس قاتارلىقلار كومپارتىيىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈ-رۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، دادام ئۇنى بۇيرۇق بىلەن ئۇرۇمچىگە ئەكىلىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەنقىد تەربىيە بەر-دى. نەسىھەت ۋە توسۇشنى زادىلا ئاڭلىمىغان چاغدا دادام بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى ۋاقتىدا بىتچىت قىلدى.
شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بېقىنۋالغان دادام يولداش ۋاڭ جېن بىلەن سۆزلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيە تەشكىلى ئۇنىڭ سى-ياسىي تارىخى ۋە ئىپادىسىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن، يولداش ۋاڭ جېن ۋە شۆ لىچىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىك خىزمى-تىگە تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بېقىنۋالغان دادامنىڭ پۈتكۈل خىزمىتى ۋە ھاياتى پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيالىس-تىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتتى.

## يېڭى جۇڭگو ئىختىساسلىقلارغا موھتاج

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى، بېقىنۋال-غان دادام بۇرھان شەھىدى مۇھاپىزەتچىلەرنى، خىزمەتچى خادىم-لارنى ۋە مېنى بىرگە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. تاماق ئۈستىلى مېھمان كۈتۈۋېلىش ئۆلچىمى بويىچە تەييارلانغانىدى،

يەنە تېخى هاراقمۇ قويۇلغانىدى. دەسلەپتە بىز مېهمان چاقىرىلـ
غان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ بۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن ئالاهىدە تەييارـ
لانغانلىقىنى بىلمىدۇق.
بېقىۋالغان دادام مېهرىبانلىق بىلەن كۆپچىلىككە كۆز يۈـ
گۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن: «سىلەر ماڭا ئەگىشىپ ئەڭ جاپالىق
كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ، مەن ئۈچۈن غەم يېدىڭلار، كۈچ
چىقاردىڭلار، هازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە يېـ
ڭى جۇڭگو قۇرۇلدى. شىنجاڭمۇ ئازاد بولدى، ئۇنىڭ ئىستىقبا-
لى پارلاق. بۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ
قۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەش قىلىشىمىزغا
توغرا كېلىدۇ. يېڭى جۇڭگو سىلەرنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بو-
لۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭلارغا موهتاج. هازىر سىلەرنىڭ بىلىم
ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىڭلار. شۇڭا
مەن سىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كو-
مىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش
كۇرسىغا بېرىپ ئوقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن بۈگۈن
سىلەرنى مەخسۇس ئۇزاتماقچى، سىلەر پارتىيىنىڭ گېپىنى ئاڭـ
لاڭلار، ماۋ جۇشىنىڭ ‹خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك›
دېگەن ماقالىسىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۆلچەملىك ئىختىساسلىقـ
لاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىڭلار...» دېدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ
قولىغا قەدەھ ئېلىپ، بىزنىڭ زەپەر قۇچىشىمىزغا تىلەكداشلىق
بىلدۈردى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەقـ
قىياتى ئۈچۈن زور ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن بىزنى مەكتەپكە
ئۇزىتىپ قويدى.
مەن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇ دائىم مېنىڭ ئۆگىنىش ئەهۋاـ
لىمنى سۈرۈشتۈرۈپ، مەن ئۆگەنگەن بىلىملەردىن سوئال سوراپ
تۇردى. ئۇ بولۇپمۇ مەندىن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي، ئۆزلۈكىمـ
دىن ياخشى ئۆگىنىشىمنى تاپىلىدى، خەنزۇچە ئۆگىنىشىنىڭ مۇـ

ھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۆزلۇ-
كىمدىن ئۆگىنىش، ئەتراپىمدىكى خەنزۇ يولداشلاردىن سوراپ
ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاخىرى خەنزۇچىنى ئىگىلىۋالدىم.

مەن قۇمۇلدا يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىۋاتقان چېغىمدا بېقى-
ۋالغان دادام قۇمۇلغا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگىلى كېلىپ، مېنى
ئالدىغا چاقىرىپ، مېنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىمنى ئىن-
چىكىلىك بىلەن سورىدى. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ تۇنجى بالام تۇغۇل-
غانىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا:
«ماڭا يەنە بىر نەۋرە قوشۇلۇپتۇ» دېدى ھەمدە ئالاھىتەن مەن
ئارقىلىق «نەۋرىسىگە» سوۋغات ئەۋەتتى. ھەقىقەتەن مېنىڭ با-
لىلىرىم «بوۋىسى» نىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ھەر
قېتىم بېقىۋالغان دادام ئۆيۈمگە كەلگەندە، بالىلىرىم ھەممىشە
بوۋىمىز كەپتۇ، دەپ بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى
ئاتاتتى - دە، ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا شاد - خۇراملىققا تولاتتى.

1957 - يىلى مەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا
خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىمدا، شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياش-
لار ئىتتىپاقى مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلان-
دىم. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئۇلۇغ داھىمىز ماۋ جۇشىنىڭ قوبۇل
قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. ماۋ جۇشى ئالاھىتەن بىز ئاز سان-
لىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ بىز بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن بىرىنچى قېتىم ماۋ جۇشىنىڭ قولىنى
تۇتقىنىمدا ھاياجانلانغىنىمدىن كۆزلىرىم ئىسسىق ياشقا تولۇپ،
نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ماڭا ئوخشاش نامرات كىشىنىڭ
پەرزەنتىنىڭ كېچە - كۈندۈز سېغىنغان ئۇلۇغ داھىنى كۆرەلىشى
ھەمدە ئاۋازىنى ئاڭلىيالىشى، قولىنى تۇتالىشىدىن پۈتۈن قەلبىم
ئىللىقلىققا چۆمدى، پەقەت «ماۋ جۇشى ياشىسۇن!»لا دېيەلى-
دىم. كېيىن ماۋ جۇشى يەنە بىز بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈش-
تى. مەن ماۋ جۇشىنىڭ يېنىدىلا تۇردۇم. مەن نېمە دېگەن

بەختلىك – ھە، بۇ سۈرەت ھازىرغىچە ئۆيىمىزدە ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا بۇ سۈرەت گېزىتكىمۇ بېسىلغانىدى، بېقىۋالغان دادام بۇرھان شەھىدى گېزىتنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا مېنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇمۇ مەن بىلەن بىرلىكتە بۇ بەختتىن بەھرىمەن بولدى ھەمدە ماڭا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «ئۈمىد بار، پەقەت تىرىشساڭلا شان – شەرەپكە ئېرىشەلەيسەن، بىراق ئۇنى ساقلاپ قېلىش تەس، سەن چوقۇم كەمتەر بول، چوقۇم ئۆزۈڭگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قوي...» دېدى.

1955 – يىلىدىن كېيىن، بېقىۋالغان دادام مەركەزدە خىزمەت قىلىشقا يۆتكىلىپ كەتتى. قىزىم شاتگۈل بېيجىڭدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان چاغدا، دائىم «بوۋىسى»نى يوقلاپ تۇردى. بوۋىسىمۇ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ بوۋىسىمۇ ئىنتايىن قايغۇردى ھەمدە توختىماستىن بىزگە تەسەللى بەردى. ئۇمۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەر قېتىم شىنجاڭغا قايتقىنىدا، بىزنى مەخسۇس يوقلاپ كېلەتتى. مەن سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، خىزمەت ياكى يىغىنلارغا قاتنىشىش سەۋەبىدىن بېيجىڭغا بارىدىغان پۇرسەت كۆپەيدى. ھەر قېتىم ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇ ھەمىشە شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتى خىزمەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورايتتى، ھەتتا بەزى مۇھىم دەريالارنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى ۋە چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر – بىرلەپ سورايتتى.

1986 – يىلى مەن بېيجىڭغا يىغىنغا بارغىنىمدا، ئۇ 92 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. بىتاپ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كاچۇڭ مەركىزىي سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ رەسمىي ئىش-

لىتىلىشكە كىرىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولغان هالدا: «بەك ياخشى، هەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىش بوپتۇ» دېدى. ئارقىدىنلا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا توختىلىپ، سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ماڭا تەربىيە بېرىپ تۇرۇپ: «سۇ ئىنشائاتى سېپى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇل، ئۇ پارتىيىمىز ۋە هۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، كۆپ تۆهپە قوش» دېدى.

1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇرئەت ئابلىمىت
جاۋابكار مۇهەررىر: ئابلىز مۇهەممەت سايرامى

# بۇرھان ئەپەندى بىللەن مىسىر، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەرگە قىلغان زىيارەت

## سۇڭ شياۋ

مەن بۇرھان ئەپەندىنىڭ بىۋاستىتە رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ شەرقىي ئافرىقا ۋە
يېقىن شەرقتىكى بەش دۆلەتكە قىلغان زىيارىتىمنى ئەسلىسەم،
بۇ ئىشلار ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەركەز چوڭ تىپتىكى جۇڭگو
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، مىسىر،
سۇدان، ئېفىيوفىيە، لىۋان، سۇرىيە قاتارلىق بەش دۆلەتكە زىيا-
رەتكە ئەۋەتىشنى قارار قىلغانىدى. زىيارەتنىڭ مەقسىدى ـ باندۇ-
ىگ يىغىنىنىڭ روھىنى، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىن-
سىپىنى تەشۋىق قىلىش، مەدەنىيەت، سەنئەت ئالماشتۇرۇش،
دوستانە بېرىش ـ كېلىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ
چاغلاردا ئېلىمىز بۇ دۆلەتلەر بىلەن تېخى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى
ئورناتمىغان بولغاچقا، دوستانە زىيارەت ئارقىلىق، ئۆزئارا چۈ-
شىنىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگونىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش تولىمۇ
زۆرۈر ئىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقىنى تاللاش-
تا، مەركەز كۆپ تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ئەڭ ئاخىرىدا يولداش
بۇرھان شەھىدىنى ئۆمەك باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. بۇرھان ئاق-
ساقال ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئابرويلۇق ئالىم، جۇڭگو ئىسلام

جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى بولغاچقا، ئۇنى ئۆمەك باشلىقلىقىغا تاللاش ئەڭ مۇۋاپىق بولغانىدى. ما يۇۋبې (خۇيزۇ، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ما خەنبىڭ (باش سىياسىي بۇ مەدەنىيەت بۆلۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشـ قارمىسىنىڭ باشلىقى) مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى، مەن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى) باش كاتىپ بولدۇم.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، تەييارلىق خىزمەتلىرىگە تۇتۇش قىلىشقا باشلىدۇق. زىيارەتكە بارىدىغان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سەنـ ئەت ئۆمىكىدىن بىر قىسىم ئۇسسۇل ئارتىسلىرى، مۇزىكا ئەترىتى ئاجرىتىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو 4 ـ تىياتىر ئۆمىكى، باش سىياسىي بۇ، دېڭىز ئارمىيە سىياسىي بۆسىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن ناخشا، مۇزىكا ئارتىسلىرىنى ئاجرىتىپ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەشنى قارار قىلدۇق. مەن 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىـ نىڭ سەنئەت ئۆمىكىدىن چەت ئەلگە ئويۇن قويۇشقا چىقىدىغانلار تەييارلىغان ئويۇنلارنى بېيجىڭگە تەكشۈرتۈشكە ئاپاردىم. بېيجىڭـ گە بارغاندىن كېيىن باشقا بىر قانچە ئۆمەكتىن كەلگەن ئارتىسلار بىلەن جىددىي مەشق ئېلىپ باردۇق.

1956 ـ يىلى يېڭى يىلدا بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا كەچكى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ مەركەزدىكى رەھـ بەرلەرگە دوكلات ئويۇنى كۆرسىتىلدى. كەچكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى جەريانىدا، جۇ ۋېنشى (مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى سەنئەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ماڭا: «زۇڭلى سىزنى كەلسۇن دەيدۇ، ئۇ چەت ئەلگە چىققاندا ئوينىلىدىغان نومۇرلارنىڭ تەييارلىق خىزـ مىتىنى بىلىپ باقماقچى ئىكەن»، دېدى. مەن زۇڭلىغا: «يېـ

قىنىدىن بۇيان جىددىي مەشىق قىلىۋاتىمىز، سىرتقا قويۇلىدىغان
ئويۇن ۋەزىپىسى كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ»، دەپ دوكلات قىلسام،
زۇڭلى: «مەشىق قىلىش ۋاقتى قىس بولغاندىكىن، بۇنىڭدىن
كېيىن سىرتقا قويۇلىدىغان ئويۇن بىلەن كارىڭلار بولماي، زېھنى
كۈچىڭلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوينىلىدىغان نومۇرلارنىڭ سۈ-
پىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى. زۇڭلى
شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ بىزنىڭ سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ خىز-
مىتىنى سۈرۈشتە قىلغانلىقى، بۇ قېتىمقى چەت ئەلگە چىقىپ
ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ماڭا ھېس
قىلدۇردى. زۇڭلىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، يېڭى يىلدىن باھار
بايرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئويۇن قويۇش ئۆمىكىمىز جىددىي
مەشىق ئېلىپ باردى. 1956 ـ يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا،
گوۋۇيۈەننىڭ كىچىك زالىدا چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان نومۇرلار
كۆرسىتىلدى. زۇڭلى نومۇرلارنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندىن
كېيىن، كۆپچىلىككە: «سىلەرنىڭ بۇ ئۆمىكىڭلارنىڭ نامى جۇڭ-
گو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ، سىلەر شەر-
قىي ئافرىقا ۋە يېقىن شەرقتىكى بەش دۆلەتكە زىيارەتكە بېرىپ
ئويۇن قويىسىلەر، ئالدى بىلەن مىسىرغا بارىسىلەر، ۋەزىپەڭلەر
بۇ دۆلەتلەرگە باندوڭ يىغىنىنىڭ روھىنى، تىنچلىقتا بىللە
تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى تەشۋىق قىلىش، جۇڭگونىڭ قەدى-
مىي مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ»
دېدى. بىز زۇڭلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى روھلىنىپ كەت-
تۇق، شۇنداقلا ئۈستىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى
ھېس قىلدۇق. بۇرھان ئاقساقالمۇ سۆز قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكى
تەييارلىغان نومۇرلاردىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. كۆپچە-
لىكتىن چەت ئەلگە چىقىشنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى
ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، مىسىر قاتارلىق بەش دۆلەتكە زىيارەتكە
بېرىپ ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشنى

تەلەپ قىلدى.
2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، بۇرهان ئاقساقال باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى ئىجارىگە ئالغان ھىندىستان-نىڭ چوڭ تىپتىكى پاسسازىر ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، كۈنمىڭدىن يولغا چىقىپ، ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ بىرىنچى قېتىم زىيارەت قىلىنىدىغان پونكىت مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەگە ئىلگىرى ـ كېيىن يېتىپ باردۇق. شۇ چاغلاردا مىسىر جۇڭگو بىلەن رەس-مىي دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورناتمىغان بولۇپ، قاھىرەدىكى ئېلىمىزنىڭ سودا ۋەكىللىرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ قاھى-رە كونسۇلخانىسى بولۇپ، مابۇفاڭ شۇ چاغدا قاھىرەدە تۇراتتى. ئەھۋال مۇرەككەپ ئىدى. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى قاھىرەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سودا ۋاكالەت ئورنىدىكىلەر ئارقىلىق ئويۇن قويۇش ۋاستىچىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ۋاسى-تىچىدىن پايدىلىنىپ قاھىرەدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتۇق. بۇرهان ئاقساقال ۋە ئىككى نەپەر مۇئاۋىن ئۆمەك باشلى-قى مىسىرنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇ دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مىسىر خەلقى جۇڭگونى چۈ-شىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى-نىڭ زىيارەت يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشىغىمۇ يول ھازىرلاندى.
جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تۇنجى مەيدان ئويۇ-نى قاھىرەنىڭ خان جەمەتى ئوپېرا تىياتىرخانىسىدا قويۇلدى، ئوپېرا تىياتىرخانىسى قەدىمىي شەكىلدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، بىرقانچە يۈز ئادەم سىغىدىكەن. مىسىر زۇڭتۇڭى ناسىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تۇنجى مەيدان ئويۇنىنى كۆردى. ئويۇن ئاياغلاشقان-دىن كېيىن، ناسىر زۇڭتۇڭ سەنئەت ئۆمىكىدىكى بارلىق خادىم-لارنى قوبۇل قىلدى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كامالەتكە يەتكەن مول مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە سەنئەت نومۇرلىرى قاھىرەنى زىلزىلىگە

كەلتۈرۈۋەتتى، ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بول-
دى. ھەر ساھەدىكى ئەربابلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشى
بىلەن، سەنئەت ئۆمىكىمىز تەكلىپكە بىنائەن قاھىرە ئۇنىۋېرسى-
تېتىنى زىيارەت قىلدى. ئىلىم - پەن ئالماشتۇردى ھەمدە قاھى-
رە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئويۇن كۆرسەتتى. قاھىرەنىڭ ئەدەبىيات -
سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. سەنئەت
ئۆمىكىمىز قاھىرەدە جەمئىي ئون نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى.
ھەر مەيداندا زال تولۇپ تۇردى. قاھىرەدە جۇڭگو قۇيۇنى كۆتۈ-
رۈلدى. سەنئەت ئۆمىكىمىز بېلەتتىن كىرگەن كىرىمنىڭ ھەم-
مىسىنى قاھىرەنىڭ پاراۋانلىق ئورگىنىغا تەقدىم قىلىپ، قاھى-
رەدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ بىردەك ماختىشىغا ئېرىشتى.

ئويۇن قويۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكىمىز
تەكلىپكە بىنائەن ئالېكساندىرىيە شەھىرى ۋە جەنۇبىي مىسىردىكى
مەشھۇر يادىكارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. شۇ جايدىكى سى-
ياسىي ساھە، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ئەربابلار بىلەن
كەڭ پىكىر ئالماشتۇردۇق. چەت ئەلگە چىقىپ زىيارەت قىلىش-
نىڭ تۇنجى زەمبىرىكى ئېتىلدى. سەنئەت ئۆمىكىمىز مىسىردا
ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى، باشقا دۆلەتلەرگە زىيارەتكە بېرىشقا
ئىشىك ئېچىلدى.

قاھىرەدە ئويۇن قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرھان ئاقسا-
قال ۋە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى مېنى جەنۇبىي مىسىرغا
ئېكسكۇرسىيىگە بارماي، تەرجىمان ۋە خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ،
سۇدانغا بېرىپ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇش
ئىشلىرى توغرىسىدا ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى قىلىشقا ئەۋەتتى،
شۇ چاغدا سۇداننىڭ ئېلىمىز بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى بول-
مىغاچقا، بىز بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى تېخى بىلمەيتتۇق. سۇدان
سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ چېگرىدىن كىرىپ زىيارەت ۋە ئويۇن
قويۇشىغا رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىقى ماڭا نامەلۇم ئىدى،

سۇدانغا بارغاندىن كېيىن، مەن دەرھال سۇداننىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆمىكىمىزنىڭ زىيارەتكە كېلىشتىكى مەقسىدىنى چۈشەندۈردۈم. يەنە بىر يېڭى ئەھۋال بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ شۇ چاغدا تەيۋەننىڭ بىر سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ سۇداندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان بولۇپ، تەيۋەننىڭ سودا ئۆمىكى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سۇداندا زىيارەت قىلىشقا بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسىدە بىزدە ئىشەنچ يوق ئىدى. ئېلىمىزنىڭ تاشقى سودا مىنىستىرى يې جىجۇاڭ ئۆمەك باشلاپ سۇداندا زىيارەت قىلىۋاتقانىكەن، مەن يې جىجۇاڭ ئاقساقالنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن يوليورۇق سورىدىم، يې جىجۇاڭ ئاقساقال ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، سۇدان ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ زىيارەت قىلىش، ئويۇن قويۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. يې جىجۇاڭ ئاقساقال سۇدان زۇڭلىسى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سۇداننى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرگەن ئىكەن، سۇدان زۇڭلىسى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. زۇڭلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، سۇدان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇشاللىق بىلەن ئۇقتۇرۇش قىلدى. سەنئەت ئۆمىكى سۇدانغا كەلگەندىن كېيىن، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ، سۇدان خەلقى ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن سۇدان خەلقى يېڭى جۇڭگوغا نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. شۇ چاغدا سۇداندا كىنوخانا بولۇپ، رەسمىي تىياتىرخانا يوق ئىكەن. ئامالنىڭ يوقىدىن مەيداندا ۋاقىتلىق سەھنە ياساپ ئويۇن قويدۇق. مەيدانغا 1000 دىن كۆپرەك ئادەم سىغاتتى. ئويۇن بېلەتى ناھايىتى قىممەت بولسىمۇ، ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلەر ناھا-

يىتى كۆپ بولۇپ قىستىلىشىپ كەتتى، مەيداننىڭ سىرتىدا بېلەت كۈتۈپ تۇرغانلار ئويۇن كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. سۇدان ھۆكۈمىتى مەخسۇس ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، مەيدان ئەتراپىنىڭ تەرتىپىنى قوغدىدى. سەنئەت ئۆمىكىمىز مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل، جىڭجۇ تىياتىرى «چيۇجياڭ»، «قاشتېشى بىلەيزۈك تېپىۋېلىش»، «ئۈچ ئاچال» قاتارلىق ئارىيەلەرنى قويدى. سەنئەت ئۆمىكىمىز سۇداندا ئۇدا بىرقانچە مەيدان ئويۇن قويدى. تاماشىبىنلارمۇ ئىنتايىن كۆپ بولدى. ئويۇن قويۇشتىن سىرت، بۇرھان ئاقساقالنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىمىز سۇدان سەنئەتكارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. سەنئەت ماھارىتى ئۈستىدە ئۆزئارا مەسلىھەتلەشتى. بىز سۇداننىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى يەنىمۇ ئىگىلىدۇق. بۇرھان ئاقساقالدەك ئاتاغلىق كىشى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، سۇدان ھۆكۈمىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەردە ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرھان ئاقساقال ئۆزى بىۋاسىتە باشلاپ كەلگەن جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلالىغانلىقى ئۈچۈن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. سۇداندا ئويۇن قويۇپ تاپقان كىرىمنىڭ ھەممىسىنى خەير - ساخاۋەت ئورگىنىغا تەقدىم قىلدۇق. سۇدان ھۆكۈمىتى زىيارىتىمىزنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مەن تەرجىمان ۋە كاپىتاندىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى باشلاپ ئېفىوفىيىگە ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلىگىلى باردىم. ئايروپىلاندىن چۈشۈشىمىزگە، تاموژنا خادىملىرى بىزدىن: «سىلەر ياپونىيىلىكلەرمۇ؟ ياكى تەيۋەنلىكمۇ؟»، دەپ سورىدى. بىز:

«بېيجىڭلىق» ، دەپ جاۋاب بەرسەك ئۇلار ھەيران قېلىشتى. بىز ئايرودرومدىن چىقىپ، تاكسىغا چىقتۇق، تاكسى شوپۇرى بىزنىڭ بېيجىڭلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ: «پېدائىي قىسىم يارايدۇ!» ، دېدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق شۇنى بىلىۋالدۇقكى، ئۇ چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەنىكەن. ئەينى چاغدا ئېفىوفىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىسىملىرى سۈپىتىدە بىر باتالىيون ئەسكەر چىقىرىپ چاۋشيەن ئۇرۇشىغا قاتناشقانىكەن. يولدا بىز مېيىپ بولغان ۋە تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆردۇق. شوپۇرنىڭ دېيىشىچە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر ئىكەن. شۇ چاغدا ئېفىوفىيە دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېفىوفىيەدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئاندىن كېيىن، ئېفىوفىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ زىيارەت ۋە ئويۇن كۆرسىتىش ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. ئېفىوفىيە ھۆكۈمىتى سەنئەت ئۆمىكىمىزنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئېفىوفىيىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇرھان ئاقساقال مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ۋە ئاساسلىق ئارتىسلارنى باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېفىوفىيىدىكى كونسۇلىنى زىيارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېفىوفىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئېفىوفىيىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. شۇ چاغلاردا ئېفىوفىيىنىڭ پايتەختى ئەددىس - ئەبېبەدە ئىشىك نومۇرى بولمىغاچقا، باغاقنى بىر ھەپتە بۇرۇن تارقىتىدىكەن. پادىشاھ خايىل سىلاسسى ھاكىمىيەت بېشىدا بولۇپ، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى باشقۇرىدىكەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى-

لىرىنىڭ ئوقۇش پۇتتۇرۇش مۇراسىمىغىمۇ قاتنىشىدىكەن. شۇ جاغدا بىر دۆلەتلىك تىياتىرخانا بار ئىكەن، تەلىيىمىزگە تىياتىر-خانىنىڭ دىرېكتورى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇ-رۇپ، باغاقلارنى تارقىتىشىمىزغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن پايتەختتە تۇنجى قېتىملىق كۆتۈۋېلىش ئويۇنىنى قويۇۋالدۇق. پادىشاھ خايىل سىلاسسى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېفىوفىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى تەك-لىپكە بىنائەن كۆتۈۋېلىش ئويۇنىنى كۆردى. جۇڭگونىڭ قەدىمي مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئىتى ئۇلارغا يىپيېڭى بولۇپ تۇ-يۇلدى. جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئويۇنلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل ھالدا تىكلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان رو-ھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى. شۇ مەزگىل دەل ئېفىوفىيىنىڭ مۇستەقىللىق بايرام مەزگىلى بولغاچقا، پادىشاھ خايىل سىلاسسى سەنئەت ئۆمىكىمىزدىكى بارلىق خادىملارنى كۆرەك مۇنبىرىگە چىقىپ ھەربىي كۆرەك مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. پادىشاھ خايىل سىلاسسى خان ئوردىسىدا سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ رەھبەرلىرى ۋە سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئاساسلىق ئارتىسلارنى قو-بۇل قىلدى ھەمدە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەربىر كىشىگە بىردىن خاتىرە تەڭگىسى تارقىتىپ بەردى. تەڭگىنىڭ ئۇستىگە پادىشاھ خايىل سىلاسسىنىڭ باش سۇرىتى چۇشۇرۇلگەن بولۇپ، تەڭگى-لەرنىڭ چوڭىمۇ، كىچىكىمۇ بار ئىدى. بۇرھان ئاقساقالغا چو-ڭىنى، باشقا ئەزالارغا كىچىكىنى تەقدىم قىلدى. بۇ ئېفىوفىيە تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ئىش ئىكەن. سەنئەت ئۆمىكىمىز ئې-فىوفىيىدە ئويۇن قويۇپ تاپقان كىرىمنى پۈتۈنلەي شۇ جايدىكى خەير - ساخاۋەت ئورگىنىغا تەقدىم قىلدۇق.

5 - ئايدا، سەنئەت ئۆمىكىمىز مىسىر پايتەختى قاھىرەگە قايتىپ كېلىپ، بىر ئازدەم ئالدۇق ۋە ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋال-

دۇق. بۇ چاغدا بىزنى ئىفىوفىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىمىز بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى، تەيۋەن دائىرىلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ خۇشخەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىمىزنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى ئورنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدا تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ئافرىقا تۇپرىقىدا قىزىل بايراق ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر خۇشال بولۇشۇپ، جۇڭگولۇقلار بىلەن قول ئېلىشىپ تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبى ئىنتايىن ھاياجانغا تولغانىدى. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ دىپلوماتىيىسىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىن پەخىرلەندۇق. مېنىڭچە، شۇبھىسىزكى، سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي سۇدانمۇ ئىلىمىز بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەركەزنىڭ بۇرھان ئاقساقال باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكىنى چەت ئەلگە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقى ئىنتايىن توغرا بولغان.

قاھىرەدە دەم ئېلىپ ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكىمىز سۇدان، لىۋانغا زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇشقا باردۇق. سۇرىيىگە بارغاندىن كېيىن، سۇرىيە زۇڭتۇڭى بۇرھان ئاقساقال بىلەن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقىنى قوبۇل قىلدى. سەنئەت ئۆمىكىمىز زىيارەت قىلىش، ئويۇن قويۇش، سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئارقىدىنلا لىۋانغا باردۇق. لىۋاننىڭ زۇڭتۇڭى ۋە زۇڭلىسى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرىنى قوبۇل قىلدى. زىيارەت قىلىش، ئويۇن قويۇش ئىشلىرىمىز ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

ئۈچ ئاي داۋاملاشقان زىيارەت، ئويۇن قويۇش ئىشلىرىمىز ئاياغلىشىپ، 6 ـ ئايدا كۈنمىڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىمىزنى تەرتىپكە سېلىشۋالدۇق. مەركەز سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ماخەنبىڭنىڭ باشچىلىقىدا ئافغانىستان، بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرگە زىيارەتكە چىقىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. بۇرھان ئاقساقال ئۆمەك باشلاپ شەرقىي ئافرىقا ۋە يېقىن شەرقتىكى بەش دۆلەتكە زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇشقا بېرىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

بۇرھان ئاقساقال بىلەن چەت ئەلگە زىيارەتكە بېرىپ، بۇرھان ئاقساقالنىڭ سىرت بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى جەريانىدا ھەم ئۆزىمىزنىڭ پرىنسىپ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سىرتقا بولغان تەسىرىنى كېڭەيتكەنلىكىنى ھەم ئېلىمىز بىلەن شەرقىي ئافرىقا ۋە يېقىن شەرقتىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئېلىمىز بىلەن دوستانە بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقانلىقىنى، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە قابىلىيىتىنى ئوبدان ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇرھان ئاقساقال سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي ۋە مۇلايىم، چىقىشقاق، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ئادەم ئىدى. چەت ئەلدە زىيارەتتە بولغان مەزگىللەردە، ئۇ ئۆمەكتىكىلەر بىلەن ئوخشاش ئۆلچەملىك تاماق يەيتتى، خىزمەتتە باشقىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاشقا دىققەت قىلاتتى، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. ئۆمەك ئەزالىرىدىن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە چەت ئەلدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ سەنئەت ئۆمىكىمىزنىڭ ئەزالىرىنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش ۋە «سىياسىي باش پاناھلىق» تىلىشىگە ئۇرۇنۇشتەك سۈيىقەست ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. بۇرھان ئاقساقال ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىش-

لەپ ھەم سەنئەت ئۆمىكىنىڭ زىيارەت قىلىش، ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ھەم سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ زىيارەت قىلىشىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەيسا ھوشۇر**
جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ يېنىدا قىلغان خىزمەتلىرىم توغرىسىدا ئەسلىمە

## سابىت روزى

1953 ـ يىلى 13 ـ يانۋار مەن خەلق خىزمىتىگە قاتناشقان كۈن. مەن شۇ كۈنى سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ باش كاتىبى، ئوقۇتقۇچۇم ئابدۇقادىر ھەسەنوۋنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەئىس ئىشخانىسىغا كەلدىم. بۇرھان شەھىدىنىڭ كاتىبى مېنى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ تونۇشتۇردى. ئۇ ناھايىتى خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن ماڭا قول بېرىپ كۆرۈشتى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن شۇ تاپتا ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم. 19 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى. بۇرھان شەھىدى مەندىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن مېنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىم ۋە ئائىلە ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەردىم. ئۇ ئاخىرىدا مەمنۇنلۇق بىلەن: «كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، سىز بۈنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئىشخانىدا ئىشلەيسىز، ئوبدان ئۆگىنىڭ»، دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بىر مەزگىل مەن ھەم ھاياجانلىق ھەم ئەندىشە ئىچىدە قالدىم. ھاياجانلىق، ئەلۋەتتە مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ماڭا ئىشىنىپ ۋە ئۈمىد كۈتۈپ مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئورۇندىكى خىزمەتكە قويغانلىقى ئىدى. ئەندىشە بولسا، جەمئى-

يەتتە بىر كۈنمۇ خىزمەت قىلىپ باقمىغان ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق مۇھىم بىر خىزمەتنى قىلىپ كېتەلەرمەنمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىشداشلىرىمنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشى ۋە بۇرھان ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ئاساسىدا خىزمەتكە كىرىشىپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا مەندە «ئەمدى ياخشى ئىشلەش كېرەك، تىرىشىش كېرەك» دېگەن بىر ساددا چۈشەنچىلا بار ئىدى.

1953 ـ يىلى دېكابىردا، رەئىس بۇرھان شەھىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ 2 ـ شۇجىسى يولداش جاڭ باڭيىڭ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئالىي خەلق سوتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش توختى ھەلىموۋلار باشچىلىقىدىكى خىزمەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. مەنمۇ بۇرھان شەھىدىنىڭ كاتىپى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقانىدىم. بىز تەخمىنەن ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەربىر ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە بېرىپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە خىزمەت تەكشۈرۈش بىلەن بولدۇق.

بۇرھان شەھىدى بارغانلا يېرىدە يەرلىك ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلايتتى، كادىرلار سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچاتتى، دېموكراتىك زاتلار ۋە دىنىي زاتلار بىلەن كۆرۈشەتتى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى، كادىرلار يىغىنلىرىدا نۇتۇق سۆزلەيتتى، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھال سورايتتى ۋە ئوقۇتۇش ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئۇ زادىلا ھارمايتتى، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مۇئامىلىدە خۇشپېئىل بولۇپ، كىشىلەرگە ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرخىل يىغىن ۋە سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ مول جەمئىيەت تەجرىبىسى ئاساسىدا، تەسىرلىك ۋەقەلەر ۋە يۇمۇرلۇق سۆزلەر ئارقىلىق كىشى-

لەرنى قايىل قىلاتتى. بىر قەيەرگىلا بارمايلۇق «ئۇرۇمچىدىن رەھبەرلەر كەپتۇ» دېگەننى ئاڭلىغان خەلق ئىچىدە ئەرز ـ شىكا- يەت ئېيتىشىپ كەلگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولاتتى. بۇنداق چاغلا- ردا بۇرھان شەھىدى ماڭا: «سىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئۇلار- نىڭ ئەرز خەتلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ مەزمۇنىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ» ، دەيتتى. مەن رەئىسنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلات- تىم. ھەربىر ئەرز خەتنىڭ ئۈستىگە كونكرېت پىكىر يېزىپ، رەئىسنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرغاندىن كېيىن شۇ ئورۇننىڭ مەس- ئۇلىغا تاپشۇراتتىم. بىر يەكەنگە بارغاندىن كېيىنكى بىر كۈنى، بۇرھان شەھىدى ماڭا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «خەلق ھازىر سىياسىي جەھەتتىن ئازاد بولدى، لېكىن روھىي جەھەتتىن كۆ- تۈرۈلمىدى. ئۇلار ئۇزۇن يىللار فېئوداللىق ئەنئەنىنىڭ ئىسكەن- جىسىدە قالغان ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان. ئۇلار ئەمدى دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىشى كېرەك. خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتسىز. بىز ئۇلارنى ئىقتىسادتا گۈللەنگەن، مەدە- نىيەتتە يۈكسەلگەن، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم. شۇڭا خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىز ناھايىتى ئېغىر» ، دېدى. مەن شۇ گەپلەردىن باشلاپ ئاندىن جەمئىيەتنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم.

بۇرھان شەھىدى خەلقنى سۆيەتتى، خەلققە چەكسىز سادىق ئىدى، خەلق ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىدا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزلىرىدە خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش، خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش، خەلقتىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش، بىر

تەرەپ قىلغاندىن كېيىن نەتىجىسىنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيتتى. ئۇ كۆپ قېتىم ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان كادىرلارغا: «بىز خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك، لېكىن خەلققە زىيانلىق ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلماسلىقىمىز كېرەك»، دېگەنىدى.

بۇرھان شەھىدى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قوللىنىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. 1953 ـ يىلى دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، بىز خوتەننىڭ كېرىيەناھىيىسىگە يېقىن بىر جايدا كېتىپ باراتتۇق، ماشىنىمىز تاشيول ئۈستىدە بىرئاز توختاشقا توغرا كەلدى. تاشيولغا يېقىن بىر جايدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىكەن، بىزنىڭ توختىغىنىمىزنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ماشىنىنى تاماشا قىلغىلى تۇردى (بەلكىم ئۇ چاغلاردا بۇ چەت يەرلەرگە بۇنداق ماشىنىلار ئاز بارسا كېرەك). بۇرھان شەھىدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ گەپ باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى، قانچىنچى سىنىپتا ۋە قانداق دەرسلەرنى ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىدى. ساددا يېزا بالىلىرى يېتىرقاپ جاۋاب بېرەلمەي تۇراتتى، بالىلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش ئايال ئوقۇتقۇچى بالىلارغا ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى. ئۇ قويۇق خوتەن شىۋىسىدە سۆزلەيتتى. بۇرھان شەھىدى ئوقۇتقۇچىدىن: «سىلەر دەرس ئۆتكەندە مۇشۇنداق سۆزلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچى: «دەرس ئۆتكەندە كىتاپتا يېزىلغىنى بويىچە ئۆتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. بۇرھان شەھىدى يەنە: «سىلەر گېزىت ئوقۇغاندا قانداق ئوقۇيسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچى: «گېزىت ئوقۇغاندا گېزىتتە يېزىلغىنى بويىچە ئوقۇيمىز، گەپلەشكەندە ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا سۆزلەيمىز» دېدى، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭ «ئۆز تىلىمىز» دېگىنى خوتەن شىۋىسى ئىدى. بۇرھان شەھىدى ئاخىرىدا ئوقۇتۇش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئەدەبىي تىلنى قوللىنىشنىڭ لازىملىقىنى

چۈشەندۈردى.

ئۇ يەنە ئاتالغۇلارنىمۇ توغرا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. خىزمەتكە قاتناشقىنىمغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان چاغلار بولسا كېرەك، مەن بىر كۈنى بۇرھان شەھىدىنىڭ بىر ماقالىسىنى ئىشلەۋېتىپ «بايرام» دېگەن سۆزنى «ھەرەم» دەپ يېزىپ قويغاندىم. ئۇ ماقالىنى كۆرۈۋېتىپ بۇ سۆزگە دىققەت قىپتۇ، ئۇ ماڭا مۇلايىملىق بىلەن: «بۇ سۆزنى ‹بايرام› دەپ ئىشلىتىش توغرا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك› دېگەن كىتابىدا بۇ سۆز ‹بايرام› شەكلىدە يېزىلغان» دەپ چۈشەندۈردى. مەن 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشىۋاتقان چېغىمدا بۇ سۆزنىڭ «بايرام»①شەكلىدە يېزىلىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىز ئۇ چاغلاردا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلىرىنى بىلمەيتتۇق، لېكىن ئۇ بۇ ئەسەرنى بۇرۇنلا ئوقۇغانىكەن. بۇرھان شەھىدى يېزىلغان ماقالە ۋە خەت ـ چەكلەرنىڭ مەزمۇنىغا، جۈملىلەرنىڭ راۋان بولۇشىغا، ئىملاسىنىڭ توغرا بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى ۋە بۇ خىل مەسىلىلەردە ناھايىتى تەلەپچان ئىدى.

بۇرھان شەھىدى ناھايىتى پاك ۋە ئادىل ئىدى. خىزمەت ئىستىلى دېموكراتىك بولۇپ، يېنىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلىرىنىڭ پىكىر ـ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بىرەر سەۋەنلىك كۆرۈلسە، چىرايلىق ۋە يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن تۈزىتەتتى، قاتتىق گەپ قىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن 14 يىل بىللە ئىشلىدىم، مۇشۇ جەرياندا بىرەر خادىمنىڭ

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ توم 242 ـ بەت.

سەۋەنلىك تۇپەيلى خىزمەت ئورنىدىن يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرمە-
دىم. خالىس خىزمەت قىلىش، پاك بولۇش، ئاددىي ـ ساددا
ياشاش، ئىقتىساتچىل بولۇش بۇرهان شەھىدى ۋە ئۇنىڭ رەپىقى-
سى رەشىدە خانىمنىڭ بىزگە بىرىدىغان تەلىملىرىنىڭ مەزمۇنلى-
رىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ مۇشۇنداق ياشايتتى. كى-
شىلەرنىڭ سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلمايتتى، بۇنداق ئىشلارغا قا-
رىتا سەممىيلىك بىلەن تەربىيە بىرەتتى. مانا بۇ ھەقىقىي پاك-
لىقنىڭ ئۈلگىسى!

بۇرهان شەھىدى ئۆز هاياتىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن نۇر-
غۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلدى. بىز بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنى-
مىزدە، ئۇنىڭغا هۆرمەت بىلدۈرىمىز! گەرچە بۇرهان شەھىدى
ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روهى مەڭگۈ هايات! ئۇنىڭ
بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىسىل پەزىلەتلىرى بىزنىڭ مەڭگۈ
ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولغۇسى!

جاۋابكار مۇھەررىر: تۇرغۇن ئۆمەر

# ھايات ـ ماماتتا ھەمنەپەس بولۇپ، ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈش

## ئېلسۆيەر، ئېلشات، ئېلفىرە

دادىمىزنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل ۋە قارىلىق تۇتۇۋاتقانلى-
قىمىزغا بەش يىل بولۇپ قالاي دېگەن كۈنلەردە، بىز ئۇنى ھەمدە
ئۇنىڭ بىلەن يېرىم ئەسىر بىللە ياشىغان ئاپىمىزنى بەكمۇ سې-
غىندۇق!

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەك، ئۇلار ھاياتىدا كۆپلىگەن ئو-
ڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇلارنىڭ يۈكسەك پەزىلى-
تى ۋە ئۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن سەممىي تەربىيىسىنى ھازىرغىچە
يەنىلا ئېسىمىزدە چوڭقۇر ساقلاۋاتىمىز. ئېيتىدىغان نۇرغۇن
گەپلىرىمىز بولسىمۇ، لېكىن قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئۇلار
توغرىسىدا ئازراق ئەسلىمە يازايلى دېسەك، گەپنى نەدىن باشلىشى-
مىزنى بىلمەي قالىمىز. ئۇلار ھاياتىدا كۆپ ئەگرى ـ توقايلىق-
لارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇنى بىرەر پارچە قىسقا ماقالە يازغان
بىلەن يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال ھازىرقى ئىقتىدارى-
مىز بىلەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىمىز مۇمكىن، شۇڭا
بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارغا بولغان سېغىنىشىمىزنى ئىپادى-
لەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر باسقۇچ-
نى يەنى، ئۇلارنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى سەر-
گۈزەشتىلىرى ۋە ئېغىر كۈنلەردە، ھايات ـ ماماتتا ھەمنەپەس
بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتنى بىللە ئۆتكۈزگەنلىك ئەھۋالىنى قىس-

قىچە تونۇشتۇرماقچىمىز.

1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى بىز مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمىزدە، دەرۋازا مۇھاپىزەتچىسىدىن ئۆيىمىزگە قىزىل قوغدىغۇچىلار كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق ھەمدە ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە چاپلانغان «خەلقئارا جاسۇس بۇرھاننى يوقىتايلى»، «جاسۇسلار ئائىلىسى» قاتارلىق شوئارلارنى كۆرۈپ، دادىمىزنىڭ ھەمدە پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ ھەممىنى «سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ «سۈپۈرۈلۈش» ئوبيېكتىغا ئايلانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. شۇ چاغدا بىز ياش ۋە گۆدەك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، دادىمىز «ئىنقىلابىي ئاممىا» نىڭ گۇمانلىنىشى ۋە كۈرەش قىلىشىغا ئۇچرىغانىكەن. ئېھتىمال ئۇنىڭدا ئېغىر مەسىلە بار ئوخشايدۇ، ئۇ پارتىيىنى ئالداپلا قالماي، يەنە بىزنىمۇ ئالداپتۇ دەپ قاراپ، بىر قېتىملىق تازا غەزەپ تۇسنى ئالغان ئائىلىۋى سوراقنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دادىمىزنىڭ «ياۋاشلىق» بىلەن بىزگە «مەسىلىسى» نى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق. ئويلىمىغان يەردىن دادىمىز ئىنتايىن تەمكىن، ئىنتايىن كەسكىن ھەمدە ئىنتايىن خەتىرجەم ھالدا سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتى بىلەن بىزگە كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى، پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدىكى سىياسىي كەيپىيات ئاستىدا، بىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭ «كاپالىتى» گە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتەلمەيتتۇق، لېكىن بىز يەنە ئۇنىڭدا زادى قانچىلىك مەسىلە بارلىقىنىمۇ دەپ بېرەلمەيتتۇق. شۇڭا بىز كېيىنكى «ئاساسلىقى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە بېيجىڭدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان «ئىنقىلابىي ئاممىا» نىڭ ئۇنى پىپەن ۋە كۈرەش قىلىشىغا ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلدۇق. بۇ پىپەن ۋە كۈرەش جەريانىدا ئۇنىڭدا زادى قانچىلىك

مەسىلە بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىشتۇق. گەرچە بۇ پىپەن ۋە كۈرەش يىغىنلىرىدا يەر زېمىننى زىل - زىلىگە كەلتۈرىدىغان شوئار ۋە ئادەمنى قورقىتىدىغان «قالپاق»لاردىن باشقا، ھېچقانداق بىر ماھىيەتلىك مەسىلىلەر پاش بولۇپ چىقمىدى. دادىمىزنىڭ بىر قېتىملىق پىپەن ۋە كۈرەش قىلىش يىغىنىدىكى ئىپادىسى قەلبىمىزدە ھاياجان پەيدا قىلغانىدى. مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى بىر قېتىملىق پىپەن، كۈرەش يىغىنىدا سۆزگە چىققۇچى دادىمىزنى «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ پىپەن قىلغانىدى، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان يەنە بىرسى قوپۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ، بۇرھاننى «چەت ئەلگە باغلانغان» دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەرگىز جۇڭگولۇق ئەمەس! دېدى. بۇ چاغدا، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پىپەننى قوبۇل قىلىۋاتقان دادىمىز تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، غەزەپ بىلەن: «مەن جۇڭگولۇق!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بۇ قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان جاۋابى، خۇددى دۈشمەنگە نەپرەت ياغدۇرغاندەك ئۇنى «خەلقنىڭ دۈشمىنى» دەپ ھېسابلاپ پىپەن قىلىۋاتقان ھېلىقى كىشىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى.

كېيىن دادام شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، شىنجاڭدىكى «ئىنقىلابىي ئامما»نىڭ پىپەن ۋە كۈرەش قىلىشىنى قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىندى. شۇ چاغدىكى «قىزىل» تېررورلۇق ھەممە يەردە تازا ئەۋج ئېلىۋاتقان سىياسىي مۇھىتتا، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى ھەرقانداق كىشى بىلەلەيتتى. ئېھتىمال بۇ بارسا كەلمەس سەپەر بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇ چاغدا بالىلار ئىچىدە ھەدىمىز ئېلچاننىڭ يېقىندىلا خىزمەتكە چىققانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغىنىمىز مەكتەپتە ئوقۇيتتۇق. بېيجىڭدا قېلىپ بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىش ياكى دادىمىز بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ پىپەن، كۈرەشنى قوبۇل قىلىش

ئاپىمىزنىڭ ئالدىدىكى بىر قىيىن تاللاش بولۇپ قالغان-
دى. ئاپىمىز قەتئىي ھالدا كېيىنكىسىنى تاللىۋالدى،
چۈنكى ئۇ كېيىن بىزگە ئېيتىپ بەرگىنىدەك، پارتىيە-
نىڭ كۆپ يىللىق تەربىيىسى ۋە ئۆزىنىڭ بىزگە كۆپ يىللا-
ردىن بۇيان قاتتىق تەلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ
ھالىمىزدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەن-
گەن، شۇنداقلا ئۇ دادىمىزغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنى ئۆلۈمدىن
ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلگەن. «مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى»دا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىك كەچۈرمىشلەرنى بېشى-
دىن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، دادىمىز ھاياتلا قالسا ئاندىن
ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاخىرى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا زور-
مۇزور ئارتىپ قويۇلغان بارلىق پاكىتسىز تۆھمەتلەرنى پا-
كىزە تازىلاشقا بولىدىغانلىقىنى ھەرۋاقىت ئېسىدىن چىقار-
مىغان. شۇڭا بۇلار دۆلەتلىك باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى خا-
دىملارنىڭ نازارىتى ئاستىدا «خەلقئارا جاسۇس بۇرھاننى يو-
قىتايلى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، بېيجىڭدا پىيەن ۋە
كۈرەش قىلىنغاندا تېنىدە قېپقالغان يارا ئىزلىرىنى ئېلىپ
(دادىمىز مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئېچىلغان پىيەن ۋە كۈرەش
يىغىنىدا كۆمۈر داشقىلى ئۈستىگە تىزلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان
بولغاچقا، تىزى زەخىملىنىپ، يىرىڭلاپ كەتكەنىدى)، كۆپ
يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان بېيجىڭدىن ۋە بىزدىن
ئايرىلىپ، پويىز بىلەن شىنجاڭغا كەتتى.

دەرۋەقە، شىنجاڭدا ئۇلارنى كۈتىۋالغىنى —
بېيجىڭدىكىدىنمۇ بەكرەك غالجىرلاشقان، شەپقەتسىز ھالدىكى پى-
يەن ۋە كۈرەش بولغان، بەزىلەر «ئۇنى چوقۇم كۆزىگە چىۋىن
قونغىدەك قىلىپ پىيەن، كۈرەش قىلىش كېرەك» دەپ داۋراڭ
سالغان. چۈنكى تىرىك ئادەمنىڭ كۆزىگە چىۋىن قونالمايدۇ.
خۇددى ئۇلار ئېيتقاندەك پىيەن، كۈرەش، ئۇنىڭ بار-

لىق ئۇرۇق ـ ئەۋلادىغىمۇ قارىتىلغان. يەنى «بۇرھان ئائىلىسى»
دىكى بارلىق تۇغقانلارغا (بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھاماچىـ
مىز، ئاكىلىرىمىز، يەڭگىلىرىمىز، ھەدىلىرىمىز، يېزنەلىرىدـ
مىز قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بار)، ھەتتا دادىمىز بىلەن بىللە
ئىشلىگەن كىشىلەر بولسىمۇ، ھېچقايسىسى پىپەن، كۈرەش قىـ
لىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان. بىز يىراقتا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز
ئۈچۈن، دەسلەپ بىز شىنجاڭدىن چۈەنلىيەن قىلىپ قايتىپ كەلـ
گەن ساۋاقداشلارنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ياكى جەمئىيەتتە
تارقىلىپ يۈرگەن بەزى خەۋەرلەردىن ئۇلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى
بىلىۋالاتتۇق، بۇ خەۋەرنىڭ بەزىلىرى پارچە ـ پۇرات خەۋەرلەر
بولۇپلا قالماي يەنە ئۇ دائىم بىر ـ بىرىگە زىت خەۋەرلەر ئىدى.
مەسىلەن، بەزىلەر بىزگە: «بۇرھان ئۆلۈپ كېتىپتۇ!» دېسە،
يەنە بەزىلەر: «ئاناڭلارنىڭ پىپەن، كۈرەشكە چىدىماي يەرگە
ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق» دېيىـ
شىپ، بىزنىڭ ئىنكاسىمىزنى كۆزىتەتتى.

دادىمىز بىلەن ئاپىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى
«13 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئاندىن بىلەلىدۇق. لىن
بياۋ ئەكسىل ئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ گۇمران بولۇشى ئوبيېكـ
تىپ جەھەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەـ
لىيەت جەھەتتە مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى. مەملىكەت ۋەـ
زىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بىز سىياسىي جەھەتتە تەدرىـ
جىي ھالدا بىر قەدەر پىششىپ يېتىلدۇق. يۇقىرىدىن ئاتا ـ
ئانىمىزنى يوقلاپ كېلىشىمىزگە رۇخسەت قىلىدى. بىز
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا بېرىپ ئۇلارنى كۆرگەندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئۇـ
لارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆردۇق. ئۆزىنىڭ ئۇلارغا چېتىلىپ
زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقمىغان كۆپلىگەن كىشىلەر بىزـ
گە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق كۆپلىگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ

بەردى.

ئاتا ـ ئانىمىز شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىكى بىر كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلۇپتۇ. ئۇلار شۇ چاغدا دائىم دېگۇدەك توختىماي پىپەن ۋە كۈرەش قىلىنىشقا، ئۇرۇپ تەن جازاسى بېرىشكە ئۇچراپلا قالماي يەنە تۇرمۇش جەھەتتىمۇ ئىنتايىن قىيىنچىلىق تارتقان. ئۇلارنىڭ مائاش مۇناسىۋىتى تاپشۇرۇپ بېرىش ـ تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا ئىش بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ سەۋەنلىكىدىن «يوقىلىپ كەتكەن». شۇڭا ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېت ئاشخانىسىدا «يېزىپ قويۇپ تاماق يېيىش» نىگە رۇخسەت قىلىنمىغاندىن باشقا، ئۇلاردا بىر تىيىنمۇ پۇل بولمىغان. ئۇلار مەركەزگە بىر پارچە خەت يېزىپ ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئىنكاس قىلغاندا بىر ئاق كۆڭۈل كىشىدىن ماركا قەرز ئالغان. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىشقان. شۇڭا بىر قېتىم بىرسى ئارغامچا بىلەن پىچاقنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ: «بۇنداق ياشىغىچە نېمىشقا ئۆلۈۋالمايسىلەر؟» دېگەندە، دادىمىز غەزەپ بىلەن ئۇ نەرسىلەرنى سىرتقا تاشلىۋېتىپ: «ئاشۇنداق دېگىنىڭلارغا مەن ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياخشى ئاسرايمەن، ھەرگىز ئۆلۈۋالمايمەن!، ئۆلگۈڭلار كەلسە، ئۆزۈڭلار ئۆلۈۋېلىڭلار!» دېگەن. ئۇ ئۆلۈۋېلىشنى خالىمايلا قالماستىن بەلكى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بويىچە ياشاشقا بەل باغلىغان. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىشتىنىنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان قاتلاپ، ئۇنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇشنى ئادەت قىلغان. ئۇ ھەر قېتىم پىپەن ۋە كۈرەش قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئىشتىنى خۇددى ھازىرلا دەزمال سالغاندەك تۈپ ـ تۈز تۇرغاچقا، شۇ چاغدىكى ئىسيانچىلار ئۇنىڭغا «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدۇ» دەپ باھا بەرگەن. ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر كىشى بىزگە: «شۇ چاغلاردا بىز مۇنداق بىر ئىشقا ھەيران

قالاتتۇق. بۇرھان نېمە ئۈچۈندۇر ھەر قېتىم پىيەن، كۈرەش
يىغىنىدا رەتلىك كىيىنىۋالاتتى، يەنە كېلىپ كۆپلىگەن ياش
كىشىلەر پىيەن، كۈرەش قىلىش ۋاقتى ئۇزارتىلسا چىدىيالمايد-
تى ياكى پۇتلىرى تىترەپ تۇرالمايتتى ياكى يىقىلىپ چۈشەتتى،
لېكىن ئۇ رېئاكتىپ ئايروپىلان شەكلىدە ئۈچ سائەتلەپ تۇرغۇ-
زۇپ قويسىمۇ ئىشتىنىنىڭ قىرى ئېگىلىپ قالمايتتى.» دەپ
ئېيتىپ بەرگەنىدى. كېيىن بىز دادىمىزدىن بۇ ئىشنى سورىغى-
نىمىزدا ئۇ: «شۇ چاغدا مەندە قەتئىي ئىشەنچ بار ئىدى، ئۇ
مېنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمگە يار-
دەم بېرىپلا قالماي، يەنە ياشىنىپ قالغان ۋاقىتتا سەككىز يىللىق
تۈرمە ھاياتىنى تاماملاپ، ئاخىرى غەلىبە قىلغان كۈنگە قەدەر
ياشىشىمغا ياردەم بەردى» دەپ جاۋاب بەردى.

قىزىل قوغدىغۇچىلار، ئىسيانچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
گۇرۇھۋازلىق كۈرىشىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسى-
لىق زېھنىي كۈچىنى «ھوقۇقدارلارنى يوقىتىش» قا قارىتىشقا
ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ دادىمىز ۋە ئاپىمىزنى پىيەن، كۈرەش قى-
لىش ھەمدە بارلىق «بۇرھان ئائىلىسىدىكىلەر» دىن ئىبارەت
«ئۆلۈك يولۋاس» لارغا بولغان قىزىقىشى بارغانسېرى سۇۋۇپ
قېلىشقا باشلىغان. شۇڭلاشقا دادىمىز بىلەن ئاپىمىزغا بولغان
سىياسىي بېسىم بىر مەزگىل سەل ـ پەل بوشاپ قالغان. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى ئىنكاس
قىلغان خەتنى مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ئەۋەتىپ بەرگەند-
لىكىمىز ئۈچۈن، ئاخىرى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەر ئايدا 100
يۈەن «تۇرمۇش راسخوتى» غا ئىگە بولدى. بۇ پۇل شۇ چاغدا ئانچە
ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەر ئايدا بىزگە 100 يۈەن ئەۋەتىپ
بېرىپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىز ھەدىمىزنىڭ ھەر ئايدا
ئالىدىغان 45 يۈەن مائاشىغا ۋە بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىك
كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تۇرمۇشىمىزنى قامداپ كەلگەند-

دۇق. ئۇلار بىزگە ئەۋەتىپ ئېشىپ قالغان پۇلغا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان. چۈنكى ئۇلار بالا ـ قازانىڭ ئۇنداق ئوڭايلىقچە ئۆتۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئالدىدا يەنە تېخىمۇ ئېغىر ۋە كەسكىن سىناقلارنىڭ ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن. شۇڭا بۇنداق دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىلىۋېلىشنى ئويلىغان.

بۇ مەزگىلدە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ياشلىق چاغلىرىدا يېتىشتۇرگەن نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئائىلىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىساتچىللىق بىلەن باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت قابىلىيىتى ئۇلارغا زور ياردەم بولغان. ئاپىمىز كىچىك چېغىدا كۆپ يول مېڭىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى مال باھاسىنىڭ ئەرزان ـ بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ ھەممە يەرگە بېرىپ ھەر يوغان بوتۇلكىلارغا ھەسەل، ۋىتامىن، گۆش ھەمدە ھەرخىل ئوزۇقلۇقلارنى سېتىۋېلىپ ئەپكېلىپ تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تامىقى ۋە ئوزۇقلۇقى ئەينى چاغدىكى شارائىتتا ئەڭ زور دەرىجىدە مۇۋاپىقلاشقان ۋە مول بولغان. دادىمىزنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا سەككىز يىللىق تۇرمە ھاياتىغا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىدە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەن ساپاسىنىڭ ياخشى بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، ئۈمىدۋار روھى ھەمدە شۇ مەزگىلدە «زەربىدارلىق بىلەن ئوزۇقلانغانلىقى» مۇ بەلگىلىك دەرىجىدە قوشۇمچە رول ئوينىغان. دادىمىز ۋاقتىنچە باشقۇرۇشقا ئادەم بولماسلىقتەك ۋاقىتلىق «ئەركىنلىك»تىن پايدىلىنىپ، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە پەپەن ـ كۆرەش قىلىش، قىيناش جەريانىدا كاردىن چىققان سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىپ ھەرىكەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاددىي ئائىلىدىكى ئەرلەرگە ئوخشاش ئاپىمىزغا ياردەملىشىپ ئۆزى قىلالىغۇدەك

ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىشلارنى ئۇ «ئەمەلدار»
بولغان يىللاردا ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئەينى چاغلاردا ئاپىمىز شارا-
ئىت يار بەرگەن دائىرىدە دادىمىزنى ياخشىراق ياشىسۇن دەپ
ھەسەل ھەرىسى توپى ئىچىدىكى ئىشچى ھەرىگە ئوخشاش توختى-
ماي ئىشلەپ تۇرغان.
ئاپىمىز بازارغا چىقىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغاندىن
باشقا، يەنە دائىم سىرتتىن ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى تىرىپ
كېلىپ تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن. دادىمىز ئۆزىنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزى
بويىچە، ئاپىمىزنىڭ نەرسە ـ كېرەك يىغىپ كېلىش ھەرىكىتى-
نى، ھامان بىر كۈنى «بالا ـ قازا» تېپىپ كېلىدۇ، دەپ چاقچاق
قىلغان. دېگەندەك ئۇنىڭ سۆزى راستقا چىققان. ئاپىمىز، دادى-
مىزنىڭ يەرگە يېتىۋېلىپ ئوت پۈۋلەپ تارتىۋاتقان جاپاسىنى
يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىر شامال ساندۇقى ياساپ بېرىشنى ئويلى-
غان. بىر كۈنى ئۇ سىرتتىن ئىچىگە قار ـ مۇز تولۇپ كەتكەن
تۆمۈر تۇرۇبىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قار ـ مۇز-
لارنى ئېرىتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى شامال ساندۇقى-
نىڭ شامال كارنىيى قىلماقچى بولۇپ، ئوتتا قاقلاۋاتقاندا، ئۇش-
تۇمتۇت قاتتىق پارتلاش يۈز بېرىپ، تۇرۇبىنىڭ ئىككى بېشى-
دىن قورقۇنچلۇق ئوت ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆينى قاپقارا ئىس
تۇتەك قاپلىغان، بۇ چاغدا دادىمىز بىلەن ئاپىمىز خۇددى يوقاتقان
ھالدا سىرتقا قېچىپ چىقىۋېلىپ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالغان.
ئەسلىدە ئىسيانچىلار ئەلەم كۆرىشى مەزگىلىدە تاشلىۋەتكەن يەر-
لىك راكېتانى ئاپىمىز ئادەتتىكى تۇرۇبا دەپ قاراپ ئېلىپ
كەلگەنىكەن.
خۇددى دادىمىز ۋە ئاپىمىز پەرەز قىلغاندەك بۇ ۋاقىتلىق
«دەم ئېلىش» ناھايىتى تېزلا ئاياغلاشقان. 1967 ـ يىلىنىڭ
ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ تۇتقۇندا، دادىمىز بىلەن ئاپىمىز
تەڭلا قولغا ئېلىنغان، ئاپىمىزنى قولغا ئېلىش سەۋەبلىرىنى

تاپالمىغانلىقتىن، ئۇنى بىر يېرىم يىل سولاپ ئاخىرى قويۇپ بەرگەن. لېكىن دادىمىز شۇنىڭدىن باشلاپ سەككىز يىللىق ئۇزۇن تۈرمە ھاياتىنى باشلىغان. ھايات ـ ماماتتا ھەمنەپەس بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى ھەمراھ بىرى تۈرمە ئىچىدە، بىرى تۈرمە سىرتىدا تۇرۇپ جاپا ـ مۇشەققەتنى بىللە تارتىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ھاياتنى قايتا باشلىغان. يەنە بىر قېتىم دادىمىز شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا يەتتە يىل تۈرمىگە قامالغانىكەن.

قويۇپ بېرىش ئاپىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا «بەختلىك ئىش» بولمىغان. چۈنكى، ئەسلىدە ئۇلارغا بېرىلىۋاتقان تۇرمۇش پۇلى ئۇلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن توختىتىپ قويۇلغان. بۇ چاغدا ئاپىمىز تۈرمىدىكى مەھبۇسنىڭ «ئائىلە تەۋەسى» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان. ئۇ چاغدا بىز يىراقتا ئىدۇق، شىنجاڭدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا چېتىلغانلىقتىن ئۆزلىرىنى قوغدىشىمۇ تەس بولغان. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ نېمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرسۇن — ئامالنىڭ يوقىدىن ئۇ شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق «كادىرلار قوغداش گۇرۇپپىسى»غا بېرىپ، ئۆزىنى يەنە قاماپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن تۈرمە دېگەن كىمنىڭ كىرگۈسى كەلسە كىرىۋېرىدىغان جاي ئەمەستە! ئاخىرىدا يۇقىرىدىن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 30 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىشنى ھەمدە ئۇنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن تۆت تېمىدىن شامال ئۆتۈشۈپ، ئۆگزىسىدىن يامغۇر چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپىمىز بۇ كىچىك ئۆيگە ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى بار شارائىتىدىن پايدىلىنىپ تۈرمىدىكى دادىمىزغا قانداق ياردەم بېرىشنى ئويلاشقان. ئۇ ئىنچىكە ھېسابلاپ، خىراجەتنى تېجەپ، ھەر ئايلىق تۇرمۇش پۇلىدىن ئېشىپ قالغىنىغا دادىمىزغا

ھەسەل ۋە ۋىتامىن سىتىۋېلىپ ھەمدە يەرلىك ئۇسۇلدا سامساقنى
هاراقتا چىلاپ تەييارلاپ، دادىمىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغاندا
ئىشلىتىشى ئۈچۈن دائىم دادىمىزغا ئاپىرىپ بېرىپ تۇرغان. ئۇ
يەنە دادىمىزنى توڭلىمىسۇن دەپ ئۆز قولى بىلەن دادىمىزغا
پاختىلىق چاپان ۋە يوتقان تىكىپ ئاپىرىپ بەرگەن. دادىمىزغا
تۈرمىدە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ــ ئاساسلىقى كىتاب بولغاچ-
قا، ئاپىمىز هامان ئامالىنى قىلىپ كىتاب يەتكۈزۈپ بەرگەن،
دادىمىزنىڭ يۇيۇپ بېرىشكە تېگىشلىك كىيىم ــ كېچەكلىرىنى
ۋاقتىدا يۇيۇپ ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇنىڭ تۈرمۈشىدا مۇشۇنداق
ئالاهىدە خىزمىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئۆزى يالغۇز تۇرۇ-
ۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز تۇرمۇشىنىڭ تولۇق ۋە مەنىلىك
ئىكەنلىكىنى هېس قىلغان.

بىز ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى رەتلەۋاتقان چېغىد-
مىزدا، دادىمىز بىلەن ئاپىمىز بىر ــ بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش
جەريانىدا يېزىشقان خەت ــ چەكلەر ۋە باغاقچىلارنى ئۇچراتتۇق.
مەسىلەن: ئاپىمىزنىڭ دادىمىزغا باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ خەد-
نۇچە يېزىلغان بىر پارچە خېتىدە: «بۇرهان، سىزگە پاختىلىق
ئىشتان، پاختىلىق پايپاق (كەچتە ئۇخلاشتا كىيىدىغان پايپاق)
ۋىتامىن A,D,B1,C ، سامساق (بەش باش)، يېرىم بولاق سو-
پۇن پاراشوكى ئەۋەتتىم. دورىلىق ئەتىر سوپۇن ئالالمىدىم.
كېيىنكى پەسىلدە ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرىمەن. بۇ خەتنى تاپشۇرۇ-
ۋېلىپ، ئۇيغۇرچە ‹ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى› نىڭ 2 ــ،
4 ــ تومى، ستالىن ئەسەرلىرىدىن ‹لېنىنىزم مەسىلىلىرى› ۋە
‹پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستىك پارتىيە (بولشېۋىك) تارىخىدىن
قىسقىچە دەرسلىك› نى تېزدىن قايتۇرۇۋېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىد-
مەن» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان. بىز يەنە ئاپىمىزنىڭ شۇ
چاغلاردا ھەرخىل قەغەز پارچىلىرىغا ئۇيغۇرچە يازغان شېئىرلىد-
رىنى بايقىدۇق. ئۇ شائىر ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ بۇ «شېئىر»

لىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي شېئىر دېگىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھەقىقىي تۇرمۇش تەسىراتىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان سەمىمىي ئىشەنچىسى ۋە قىزغىن-لىقىنى ھېس قىلغىلى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، ئۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقى، باش ئەگمەيدى-غان تۇرمۇش ئىشەنچىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. دەل مۇشۇ ئىشەنچ شۇ چاغلاردىكى ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈشتە ئۇنى قوللاپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ كېيىنكى كۆپ يىللار داۋامىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشتا باشتىن - ئاخىر تىرىشچان ۋە ئىقتىساتچىل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ بىزنىڭ كونا كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ تىكىپ بېرىشكە رازى بولغانكى ھەرگىز يېڭى كىيىم - كېچەك سېتىپ بەرمەيتتى. ئەمما، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈ-رۈشتە ئۇنىڭغا تولۇقلاپ بەرگەن بارلىق مائاشىنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ بۇ پۇلنى دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشىگە ياردەم قىلىپ بېرىۋېتى-شىنى ھاۋالە قىلغان. سىيسىي كېڭەش پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەن-دە، ئۇ بۇ پۇلنىڭ يېرىمى (5000 يۈەن) گە «مەدەنىيەت ئىنقى-لابى» دىن كېيىن تۇنجى قېتىم تارقىتىلغان خەزىنە چېكى سېتى-ۋالغان، قالغان يېرىمىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار، ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئارزۇ - ئارمىنى بولغان جۇڭگو كومپارتىيە-سىگە كىرىش ئىلتىماسىنى ئۆزگەرتمىگەن ھەمدە ئاخىرى 73 ياشقا كىرگەن 1985 - يىلى ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

دادىمىز 95 يىل ياشىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 يىلنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى مىللىتارىست

شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئاساسەن جىسمانىي جەھەتتە رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىدى دېسەك، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدىكى سەككىز يىللىق تۈرمە ھاياتىدا، ئاساسەن مەنىۋى جەھەتتە قىيناشنى بېشىدىن كەچۈردى دېيىشكە بولىدۇ. تۈرمۈشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولىشى 80 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بىر بوۋايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن ئېغىر كەلگەن. مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسىنىڭ توختىماي «سوراق قىلىشى»، گۇمان بىلەن قاراش، ئەيىبلەش سۆزلىرى، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ تۆھمەت چاپلاپ، يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈپ، يالغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا زورلاشلار، بولۇپمۇ بۇ ئىشلارنى «پارتىيە» نىڭ نامىدا ئېلىپ بېرىشى، پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆز ھاياتىدىن مۇھىم بىلىۋاتقان پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەرداشلىق بېرىش تولىمۇ تەس بولغان نەقەدەر زور مەنىۋى ئازاب ھە! ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، ماۋ جۇشىغا، جۇ ئېنلەيگە زۇڭلىغا كۆپ قېتىم ئەرز يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار ئۈن ـ تىنسىزلا يوقاپ كەتكەن.

ۋاقىت ئۆتۈۋەرگەن، ھەممە ئىشلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك قېلىۋەرگەن، مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسى بۇرۇنقىدەكلا تەرىنى تۈرۈپ، ئۇ كۈرمىڭ قېتىم ئۆزىنى ئاقلىغان ھېلىقى كونا مەسىلىلەرنى سوراشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. بۇ ئىشنىڭ قاچان ـ ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىگەن. ئۇ شۇ چاغلاردا ئىنتايىن ناھەق ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە ئازابلانغان بولسىمۇ لېكىن، بۇنى ئېيتىشقا يەر بولمىغان. شۇڭا، بىر قېتىم ئاپىمىز يۇيۇپ تازىلاپ بېرىش ئۈچۈن دادىمىز تۈرمىدىن چىقىرىپ بەرگەن كىيىمىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ باققاندا، بىر پارچە باغاقچە چىققان بولۇپ، ئۇنىڭغا «ناھەق بولدى!» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن.

ئېھتىمال مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق

دەردى ۋە قىيىنچىلىقى بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچىرەك مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسىنىڭ بىر مەسئۇلى بىزگە: بۇرھانىنىڭ دىلوسىنى ئاياقلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ماتېرىيالنى يۇقىرىغا كۆپ قېتىم يوللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆپ قېتىم قايتۇرۇۋېتىپ، «قوشۇمچە ماتېرىيال» ، يەنى «تېخىمۇ مۇھىم ماتېرىيال» تەيىيارلاپ يوللاشنى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى، ئىجرا قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانداق تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

دادىمىز شۇ چاغدا ئۇچرىغان سىياسىي جەھەتتىكى قاتتىق نازارەت ۋە ناھەقچىلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولغانلىقىنى بىز 1973 - يىلى ئۇنى يوقلاپ شىنجاڭغا كەلگەندە، ئۇنىڭ نەقەدەر كۆپ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئاندىن بىلدۇق. تۈرمىگە ئۇرۇمچىدىكى ئاچا - ئۇكىلىرىمىزمۇ بىرگە باردى، ئەمما، ئۇلار كىرگۈزۈلمىدى، قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ ئۆتۈنگەندىن كېيىن، ئاندىن مۇراتنى بىللە كىرىپ يوقلاشقا رۇخسەت قىلدى.

تۈرمىگە ئۇنى يوقلاشقا بارغىنىمىزدا، مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسى بىرقانچە خىل تىلنى پىششىق بىلىدىغان بىر كىشىنى يوشۇرۇنچە تىڭشاشقا ئورۇنلاشتۇرغان (كېيىنچە ئاڭلىشىمىزچە بىز دادىمىز بىلەن كۆرۈشكەن ئۆينىڭ يېنىغا يوشۇرۇنچە تىڭشىغۇچىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئورۇنلاشتۇرغانىكەن) . بۇنداق شارائىتتا كۆرۈشۈش كەيپىياتى ئادەمنى ئەلۋەتتە بىئارام قىلاتتى ۋە كىشىنى ئازابلايتتى. دادىمىز بۇ خىل كەيپىياتنىڭ سەل - پەل پەسىيىشى ۋە تەبىئىيرەك بولۇشى ئۈچۈن، ئىلگىرىدىن ئەرەبچە سۆز بىلەن ھال سورىدى، چۈنكى ئىلگىرە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن چەت ئەل تىلى مەكتىپىدە ئەرەبچە ئۆگەنگەنىدى، ئىلگىرەمۇ ئەرەبچە سۆز بىلەن دادىمىزدىن ھال سورىدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ بىرقانچە ئېغىز ئاددىي سۆزلەر ھېلىقى يوشۇ-

رۇنچە تىڭشىغۇچىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن: «سىلەر نېمە دېيىشتىڭلار» ، دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇلار يوشۇرۇن تىڭشىغۇچىلارنى تاللىغاندا، دادىمىزنىڭ ئەرەبچە سۆزنى پىششىق بىلىدىغانلىقىغا سەل قارىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ ئۇلار بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلىشىشىمىزگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن كەيپىيات پەسىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە تېخىمۇ بىئاراملىققا تولدى. ھېلىقى يوشۇرۇن تىڭشىغۇچى بىزنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمىزنى باشتىن ـ ئاخىر قاتتىق كۆزىتىپ تۇردى، ھەتتا بىز بىيىجىڭدىن ئېلىپ كەلگەن بىرقانچە رەسىمنى دادىمىزغا بەرگىنىمىزدە، ئۇ رەسىملەرنى قولىغا ئېلىپ ئالدى ـ ئارقىسىغا بىرقانچە قېتىم سىنچىلاپ قاراپ بېقىپ، ئاندىن دادىمىزغا قايتۇرۇپ بەردى. كېيىن بىزنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشىمىز بىلەن مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسى بىزنىڭ دادىمىز بىلەن 2 ـ قېتىم كۆرۈشىشىمىزگە ئامالسىز قوشۇلدى ھەمدە دادىمىز بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇلار ئۇقمايدىغان تىل بىلەن سۆزلەشمەسلىكنى بىزگە بىر تۈرلۈك «ئىنتىزام» قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەت گەرچە مۇشۇنداق رەھىمسىز بولسىمۇ، لېكىن دادىمىز يەنىلا ئۆزىگە خاس قەيسەر روھى بىلەن ھەممىگە بەرداشلىق بەرگەن ھەمدە ئۆز مەسىلىسىنىڭ ھامان ئېنىقلىنىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان. ئېھتىمال بۇ خىل ئۈمىد ئۇنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قوللىغان مۇھىم بىر روھىي كۈچ بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا دادىمىزنىڭ سەككىز يىللىق تۈرمە ھاياتىدىكى ئومۇمىي روھى ھالىتىنى يەنىلا ئۈمىدۋار ۋە خاتىرجەم ئۆتكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق روھىي ھالىتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان.

دادىمىز تۈرمىدە «سوراق» نى قوبۇل قىلىش ۋە تاپشۇرۇش

ماتېرىيالى يېزىشتىن باشقا، كۆپ قېتىم ۋاقىتلاردا ئۆگىنىش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن، دادىمىزنىڭ دىلوسىغا مەسئۇل بولغان مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسىدىكى بەزى يولداشلار ۋە دادىمىزنى «نازارەت قىلىپ» تۇرغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بىزگە: «بىزنىڭ ئەڭ تەسىرلەنگىنىمىز، بىز ھەر قېتىم داداڭلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇ ھامان بىر يوغان لوپا ئەينەك بىلەن ئەستايىدىل ھالدا كىتاب كۆرۈۋاتقان ياكى يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان بولاتتى، ئۇنىڭ روھى ھالىتىدىن ھېچقانداق ئازابلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىنى، كۆزىدىن بىرەر تامچە ياش ئاققۇزغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، بىز ئۇنىڭ ھەرقاچان شۇنچە ئۈمىدۋار، ئوچۇق، خاتىرجەم ھالدا يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق» دېيىشتى.

دادىمىزنىڭ دېلوسىغا بىر مەزگىل مەسئۇل بولغان مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش خەن يىڭشەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن يازغان «ھاياتلىق چىرىغى» (1980 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان) دېگەن ماقالىسىدا: «مەن سوراق قىلغۇچىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزىدە غەمكىنلىك، قايغۇ، ئەلەم، ھەتتا بىچارىلىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئۇنىڭ سېرىق كۆزىدىن كۈچلۈك نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇ نېمىدېگەن قىزغىن، خاتىرجەم ھەم ئۈمىدۋار كۆزلەر. . .»، «ئۇ ئۆزى توغرىسىدا كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى يازغان، يەنە مەركەز، ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىغىمۇ بىرمۇنچە ئەرىز خەتلىرىنىمۇ يازغان. يەنە كۈندىلىك خاتىرە، شېئىر، ھەتتا قېلىن بىر ئىلمىي فانتازىيىلىك رومان يازغان. مەن ھەر قېتىم بۇلارنى ئوقىغىنىمدا كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇنى سولاپ

قويغان 10 كۆادرات مېترلىق قاراڭغۇ ئۆيدە، ئۇ بىر جوزىغا
ئېڭىشىپ، قولىدا يوغان بىر لوپا ئەينەكنى تۇتۇپ ‹پۈتۈن ئىت-
تىپاق كوممۇنىستىك پارتىيە (بولشېۋىك) تارىخىدىن قىسقىچە
دەرسلىك›نى بېرىلىپ ئوقۇيتتى. . . بىرقانچە يىل ئىچىدە مەن
ئۇنىڭ كۆزىنى نەچچە يۈز قېتىم كۆرۈپ تۇردۇم، يەنى ئۇ ئېغىر
كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىمۇ، ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى
كۆرمىدىم.» دەپ يازغان.

دادىمىزنىڭ ئىگىلمەس روھى ۋە ئۇمىدۋارلىقى، خاتىرجەم-
لىكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق كۈچ ۋەيران قىلالمايدىغان قەيسەر ئىرا-
دىسى ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچىسى، مەخسۇس دىلو گۇرۇپپىسىدى-
كى بەزى يولداشلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا
«نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئىز-
زەت - ھۆرمىتىنى قوزغىغان. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، جىنايىتى
كىشىنى قورقىتىدىغان بۇ «مۇھىم جىنايەتچى»نى «نازارەت قى-
لىش» بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ «يامان
ئادەم» ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى»دا بارلىق پىشقەدەم كادىرلارنى يوقىتىشقا
گۇمان بىلەن قارىغان ۋە ئۇنىڭغا نارازى بولغان. شۇڭلاشقا ئۇلار-
نىڭ دادىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى ئۇنى كۆزىتىش، نازارەت قىلىش-
تىن بارا - بارا يېقىن ئۆتۈشكە ئۆزگەرگەن. ئۇلار دادام بىلەن
دائىم پاراڭلىشىدىغان، بەزى مەسىلىلەرنى سورايدىغان بولغان.
دادىمىزنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزمنى چۈشەندۈرۈشىنى ئالاھىدە
ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان. دادىمىز ياشىنىپ قالغانلىقى، بولۇپمۇ شىڭ
شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئېغىر دەرىجىدە رىماتىزم كېسىلىگە گى-
رىپتار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يۈرۈش - تۇرۇشتا قىينى-
لىپ قالغان. بۇ چاغدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئىمكانىيەتى-
نىڭ بارىچە ئۇنىڭغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا
ئىشلىشىپ بەرگەن. بەزى جەڭچىلەر كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قايت-

ـماقچى بولغاندا ئۆزىنىڭ ئادرېسى ۋە رەسىمىنى خاتىرە ئۈچۈن دادىمىزغا ئوغرۇلۇقچە بەرگەن. ھېلىقىدەك قاتتىق رەھىمسىز مۇھىتتا بۇ سەمىمىي جەڭچىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى خۇددى ئىسسىق ھاۋادەك ئاپىمىز ۋە ئائىلىدىن ئايرىلىپ غېرىپچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دادىمىزنىڭ قەلبىنى ئىللىتقان. شۇڭا ھېلىقى جەڭـ چىلەرنىڭ ئادرېسى ۋە رەسىملىرىنى ئۇ مەخپىي ھالدا ساقلاپ كەلگەن. 1975 ـ يىلى بىز ئۇنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققاندا، ئۇ خۇددى ئەينى چاغلاردىكى يەر ئاستى خىزمەتچىلىرىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىلەرنى ئايغىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ «بۇنى ئوبدانراق ساقلاڭلار» دەپ بىزگە بەرگەنىدى.

ھېلىقى ئالاھىدە يىللاردا «سىياسىي ئاتموسفېرا قاتتىق بولـ سىمۇ لېكىن ئىللىق باھار شامىلى يەر ـ زېمىننى ئىسسىتىۋاتـ قان» سىياسىي كەيپىياتنى دادىمىز تۈرمىدە تۇرۇپ بېشىدىن كەچۈرۈپلا قالماي، تۈرمىنىڭ سىرتىدا ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئاپىمىزمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ 1966 ـ يىلى دادىمىزغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن 1972 ـيىلى بېيـ جىڭغا قايتىپ بارغىچە بولغان بىرقانچە يىل ئىچىدە، شىنجاڭدا تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان خورلۇق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان. سىياسىي جەھەتتە كەمسىتىلگەن، تۈرمۇشتا بەزىدە «سەدىقە سوراش» ھالىغا چۈشۈپ قالغان. ئۆيدىن چىققاندا ساقـ چىلار ئۇنىڭ كەينىدىن پايلاپ يۈرگەن، ھەتتا ئۇنى ئوغرى قاتاردـ ـدا جامائەت ئالدىدا خورلىغان، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بەزى باللار ئۇنىڭغا ئەگىشىۋېلىپ «بۇرھان، بۇرھان، بۇرھان» دەپ ۋارقىرىشىپ يىراقتىن ئۇنىڭغا تاش ئاتقان، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشىغا، غەمخورلۇقىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ تۇرغان. ئۇ بېيجىڭدا خېلى ئۇزۇن مەزـ گىل مائارىپ ۋە ئاياللار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈـ چۈن، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئۇنىڭ

ياردىمى بىلەن فېئوداللىق نىكاھتىن قۇتۇلۇپ چىققان ئاياللار ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇلار ئۇنى چۈشىنەتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. شۇ چاغدىكى شارائىتتا، ئۇلار ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئۇنى قوللاپ چىقالمىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇلار نازارەتچىلەرگە بىلىندۈرمەي يوشۇرۇن ھالدا ئۇنى يوقلاپ تۇرغان. ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلار ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئاپىمىزغا ياردەم قىلىشنىڭ ئەپسىز ئىكەنلىكىنى سېزىپ، بالىلىرى ئارقىلىق ئاپىمىزغا سۈت ئەۋەتىپ تۇرغان، بالىلىرىنى ئاپىمىزغا قاراشقا ئەۋەتكەن. ئاپىمىز بىزگە يەنە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگەنىدى: بىر كۈنى كەچتە بىر ناتونۇش بوۋاي ئىشىكنى قېقىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ بوۋاي خېلى ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپىمىزغا: «سىلەرنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكىڭلارنى بىلىمىز، پۇقرالار ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر ھازىر ۋاقىتىنچە ئازاب چېكىۋاتىسىلەر، خۇدايىمنىڭ كۆزى بار، ھامان سىلەر ئۇچراۋاتقان ئۇۋالچىلىقنى بىر ياقلىق قىلىدۇ» دېگەن. ئاپىمىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بوۋاينىڭ سۆزى ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلغان. خەلق كۆزىنىڭ روشەن ئىكەنلىكىگە، ئادالەتنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھام بېرىشى، ئاپىمىزغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق جاپالىق شارائىتتا ھايات قالالىغانلىقىنى بۇ خىل كۈچنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1971 - يىلى ئىلفىرە ئاپىمىزنى يوقلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان

ئـاپىمىزنى كۆرۈپ ئـازابلانغان ۋە ئـۇۋالچىلىققا تولغان يـېشىـ
نى زادىلا تـوختىتالمىغان. كـېيىن بىز ئـاپىمىزنىڭ كـېسىـ
لىنىڭ بـارغانسېرى ئېغىرلاۋاتقانلىقىدىن خـەۋەر تـېپىپ مۇنا-
سىۋەتلىك ئـورۇنلارغا ئاپىمىزنى بـېيجىڭغا ئـەكىلىپ داۋالى-
تىشنى تـەلەپ قىلدۇق.

1972 - يىلى بۇ تەلىپىمىز تەستىقلىنىپ، ئىلشات ئاپى-
مىزنى بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭدى. ئۇ
ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش ئالدىدا 2 - ئاچىمىز ئېلسۆيەر ئاپىمىزنى
ۋە ئېلشاتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. 2 - ئاچىمىزنىڭ يولدىشى
قاماقتا بولغاچقا، ئۇنىڭدىن باشقا نۇسرەت، مۇرات ئىككى ئاكى-
مىز، يەڭگىلىرىمىز ۋە خېلى كۆپ تۇغقانلار، دوستلار يىغىلىپ
2 - ئاچىمىزنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يەپ ئاپىمىزنى ئۇزىتىپ
قويغان. ئۇلار دادىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ خە-
ۋەر ئالمىغانلىقىنى قايتا - قايتا بىلدۈرۈشكەن. ئۇ ۋاقىت،
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئىستىقبالى ۋە دادىمىزنىڭ ئىس-
تىقبالى غۇۋا ۋاقىت بولغاچقا، بۇ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك خەۋەر
ئېلىش دادىمىز تۈرمىدىن چىقىپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگۈچە
داۋاملاشقان. ئاپىمىز كۆڭلى يېرىم هالدا ئۈرۈمچىدىن قايتىپ
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دادىمىزغا بولغان غەم - ئەندى-
شىسى قىلچىمۇ پەسىيىپ قالمىدى. ئۇ دائىم دادىمىزغا خەت
يېزىشىمىزغا هەيدەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، ئۆزى شىنجاڭدى-
كى چاغدا تۈرمىدىكى دادىمىزنىڭ نېمىگە ئېهتىياجلىق ئىكەنلى-
كىنى هـەر ۋاقـىت ئـويلاپ تـۇرغىنىغا ئـوخشاش، دادىـمىز-
غا نەرسە - كېرەك ئەۋەتىپ تۇرۇشىمىزنى تاپىلاپ تۇراتتى.
1977 - يىلىغا كەلگەندە، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان دادىمىز
تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت نەزەر-
بەنت تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى بېيجىڭغا قايتىپ
كەلدى. پارتىيە سىياسىتىگە رەهمەت، بوۋاي - موماي ئاخىرى

بىزنىڭ يېنىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆت-كۈزدى.

1989 - يىلى 8 - ئايدا دادىمىزنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۇش-تۇمتۇت قوزغىلىپ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. 1990 - يىلى 3 - ئايدا ئاپىمىز دوختۇرخانىدىكى كرىسلودا ئولتۇرۇپ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت توختاپ ئەلەمدىن ئۆتتى. ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن، هايات - ماماتتا هەمنەپەس بولۇپ ئۆتكەن بۇ هەمراهلار ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك هەم ئازاب - ئوقۇبەتلىك هايات مۇساپىسىنى تۈگىتىپ، يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا بىزدىن ئايرىلدى. بىزنى ئارام تاپقۇزغىنى، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە هۆكۈمەت ئۇلارغا ناهايىتى يۇقىرى باها بەردى. ئۇلارنىڭ جەسىتى شىنجاڭغا يۆتكەپ ئاپىرىل-غاندىن كېيىن، سانسىزلىغان ئاممىنىڭ ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگىنىدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆ-رۈنۈشلەر بىزگە شىنجاڭدىكى هەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن قوشقان تۆهپىسىنى چىن كۆڭلىدىن مۇ-ئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلار هايات ۋاقتىدا هەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇن مەزگىل شىنجاڭدىن ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋاپات بول-غاندىن كېيىن، ئاخىرى گۈزەل مۇهىتلىق ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشى بىلەن ئۆتكەن ئىشلارمۇ تېز ئۇنتۇ-لۇپ كېتىلىدىكەن. بىر مەهەل جار سالغان هېلىقىدەك ساختى-پەزلىك ۋە تەلۋىلىك ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشى بىلەن كۈندىن - كۈنگە غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان پەيتتە، هەقىقىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەر ئۆزىنى قىلىن چاڭ - توزانلار بېسىپ تۇرسىمۇ، ئۇ هامان ئۆز نۇرىنى چاچىدۇ. تارىخ هەممىگە ئادىل ۋە خالىس باها

بېرىدۇ! بىز دادىمىز بىلەن ئاپىمىزنىڭ كۆپلىگەن جەۋر ـ جاپا ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاخىرى خاتىرجەم يېتىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتسە بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز.

1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭ.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

جاۋابكار مۇھەررىر: **تۇرغۇن ئۆمەر**

# دادام بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن

## ئېلفىرە

### «مەن جۇڭگولۇق»

ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك چېغىمدا، دادامنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، بىز بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتى بەك ئاز ئىدى. مەن 10 ياشقا كىرگەن ئاشۇ قىشتا، دادامنىڭ ئاخىرى ۋاقتى چىقىپ قالدى ـ دە، بىز بىر تۇغقان قېرىنداشلارنى ئەتراپىغا يىغىپ مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

روسىيىدىكى قازان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تىنتىش دېگەن يەردە ئاقسۇ دېگەن بىر كىچىك كەنت بار، بىر باھار پەسلى سەھەردە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بىر ياشانغان كېمىچى ئۆزىنىڭ 10 ياشلىق نەۋرىسىنى ئېلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كۈن چىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بالام، ئېسىڭدە چىڭ تۇت، بىزنىڭ يۇرتىمىز يىراق جۇڭگودا، بىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ئىسمى بارات بولۇپ، ئۇ بىر باتۇر ئەزىمەت ئىدى، بايلارنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغاچقا، قولىغا ئۇزۇن نەيزىدىن بىرنى ئېلىپ، پۈتۈن ئائىلىسى ۋە 20 نەچچە كەنت ئاھالىسىنى قوغداپ روسىيىگە قېچىپ كەلگەن. بەختكە قارشى بارات يېرىم يولدا قازا قىلىپ كەتكەن، روسلار كەنت ئاھالىلىرىنى ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارغا ھەيدەپ دەرەخ كېسىپ، بوز يەر ئاچۇرغان. . . بالام سەن چوقۇم مەكتەپتە ئوقۇپ، بىلىملىك كىشى بولۇپ، كەلگۈ-

سىدە يۇرتىمىزغا قايتىپ بارغىن» ، دەيدۇ.

بۇ ئوغۇل بالا دەل مېنىڭ دادام بۇرھان ئىكەن. ئۇ بۇ
ھېكايىنى ئېيتىۋاتقىنىدا، چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇ چوڭ-
قۇر مېھرىبانلىق بىلەن بىزگە: «بالىلىرىم، ئېسىڭلاردا چىڭ
تۇتۇڭلار، ۋەتەن دېگەن ئانا دېمەكتۇر» دېگەنىدى.

ۋەتەن دادامنىڭ ئۆمرىدە قانداق مۇھىم ئورۇننى ئالغان -
ھە! ئۇ چىن كۆڭلىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ئىستىكىدە بول-
غان. 11 ياشقا كىرگەن يىلى مومىسى ئۇنى قازانغا تىجارەت
قىلىۋاتقان تاغىسىنىڭ قېشىغا تېرىكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن.
ئۇ مەكتەپتە پەقەت ئىككى يىل ئوقۇيالىغان، ئاندىن كىتابخانىدا
شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلىسە، بىر
تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن روس تىلىنى، بوغالتىرلىق ئىلمىنى ئۆ-
گەنگەن. 16 ياشقا كىرگەن چاغدا بىر تاتار سودىگەرنىڭ خىزمەت-
چىسى بولۇپ، جۇڭگوغا بېرىپ تىجارەت قىلغان. 1912 - يىلى
9 - ئايدا، دادام ئاخىرى كېچە - كۈندۈز سېغىنغان ۋەتەن
تۇپرىقىغا قەدەم قويۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش
چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدىكى شىجائى-
تىنى مۇشۇ زېمىنغا سەرپ قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

دادام نۇرغۇن جۇشقۇن ياشلارغا ئوخشاش ھەممە جايىنى
جاراھەت قاپلىغان ۋەتەنگە قاراپ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەقىقىتىنى
ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئۇ دائىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق گېر-
مانىيىگە بارىدۇ. 1929 - يىلى ئۇ يەنە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ
ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس، نېمىس، تۈرك قاتارلىق بىرقانچە مىل-
لەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئوخشىمىغان تۈزۈم ئاستى-
دىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز يۇرتىدا يېڭى تۈزۈم ئورنىتىشقا بەل
باغلايدۇ. بولۇپمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن تونۇش-

قاندىن كېيىن، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، تاجاۋۇزچى
كۈچلەر بىلەن تېخىمۇ قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ
بىر پۈتۈنلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. دادامنىڭ نەزەرىدە ھەرمىللەت
خەلقىنىڭ ھەممىسى ۋەتەننىڭ باللىرى، بالا بىلەن ئانا ئايرىلال-
مايدۇ.

دادام 1933 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابىي تەشكى-
لاتقا قاتنىشىدۇ. 1935 ـ يىلى يەنە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىدۇ. شېڭ شىسەي
ئىلغار زاتلارغا ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان چاغلاردا دادامنۇ
قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە توپتوغرا يەتتە يىل يېتىپ، قى-
يىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرايدۇ. تۈرمىدە دادام «يۈكسەك سالام
ماۋ زېدۇڭغا» دېگەن شېئىرنى يازىدۇ، شېئىردا «مەن سىزنىڭ
نۇرىڭىز يورۇتقان بىر تال يۇلتۇز...» دەپ يېزىش ئارقىلىق
ئۆز ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ. 1944 ـ يىلى شىنجاڭدىكى
ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلايدۇ. دادام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن
1946 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ساي-
لىنىدۇ، 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسى بولىدۇ. بۇ چاغدا دادام خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
نىڭ زور غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى
ئاكتىپ پىلانلايدۇ. ئۇ، ئۆزى شەخسەن شىنجاڭ گارنىزونى-
نىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋ سىيۆنى ئىزدەپ بېرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى ئورتاق مەسلىھەتلى-
شىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت تەرەپ شىنجاڭ-
نىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى بىرلىكتە ئىلگىرى
سۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، دادام جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىگە كىرىدۇ، ۋاڭ جېن بىلەن شۈ لىچىڭ ئۇنى پارتى-
يىگە تونۇشتۇرغۇچى بولىدۇ، مەركەزنىڭ تەستىقلىشى

بىلەن كاندىداتلىق مەزگىلىنى ئۆتمەيلا رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولىدۇ ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەيلەر ئۆزى شەخسەن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن بىرىنچى ئۆلكە رەئىسىدۇر. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، دادام ئالاھىدە بىر رول ئالغان بولۇپ، ئۇ ھەم كونا دەۋرنى ئۇزاتقان ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى ھەم يېڭى دەۋرنى كۈتۈۋالغان تۇنجى ئۆلكە رەئىسىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، دادام پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى ۋەتەن قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىدۇ.

1964 - يىلى ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، توساتتىنلا دادامغا «خەلقئارالىق جاسۇس»، «چەت ئەلگە باغلانغان» دېگەندەك يوقىلاڭ قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، كۆپ قېتىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تارتمىغان ئازاب - ئوقۇبىتى قالمىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى بىر قېتىملىق كۈرەش قىلىش يىغىنىدا ئىككى ئىسيانچى دادامنىڭ قولىنى قايرىپ ئاق سانچىلغان ئېگىلمەس بېشىنى يەرگە قاتتىق ئېگىپ تۇردى، بىز بالىلارنىمۇ دادامنى كۈرەش قىلىش يىغىنىغا چاقىرتىپ كەلدى. كۈرەش قىلغۇچىلار تەرىنى بۇزۇپ، ھۆكۈرەپ تۇرۇپ دادامنى «چەت ئەلگە باغلانغان» دەپ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا، يىغىن رىياسەتچىسى دەرھال «بۇرھاننى چەت ئەلگە باغلانغان دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇ ئەسلىدىلا جۇڭگولۇق ئەمەس» دەپ كەمسىتىپ گەپ قىلدى، شۇ چاغدا دادام ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمىغان رەۋىشتە بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، غەزەپ - نەپرەتكە تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ «ياق! مەن جۇڭگولۇق!» دېدى.

ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر تا ھازىرغىچە بىزنىڭ دىلىمىزدا چوڭقۇر ئورناقلىق تۇرۇپتۇ.

## بوران چاپقۇندىكى ياخشى ئەر - خوتۇن

دادامنىڭ يېنىدا ئەقىللىق، مېھرىبان، سۇباتلىق بىر ئايال بار ئىدى، ئۇ دەل مېنىڭ ئانام رەشىدە. مېنىڭ ئاتا - ئانام بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ 53 يىلنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

ئانام تاتار مىللىتىدىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ غۇلجا دېگەن يېرىدىكى بىر دۇكاندار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 30 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇشقا بېرىپ، تاشكەنت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1933 - يىلى ئۇ ئۆپكە تۇبېركۇليوزى بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەتىنىگە قايتۇرۇلۇپ، يۇرتىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

1935 - يىلى، شۇ چاغدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى ئاۋام خەلق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دادام ئىلىغا نۇتۇق سۆزلىگىلى كەلگەن، ئۇنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قىلغان نۇتقى ناھايىتى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئارقىدىنلا ئانام ئاممىغا ۋەكالىتەن قارشى ئېلىش سۆزى قىلغان. ئۇنىڭ جانلىق، راۋان سۆزلىرى بىردىنلا دادامنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان. ئۇ چاغلاردا ئانام 25 ياشتا بولۇپ، ھەم ياش ھەم چىرايلىق بولغاچقا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قوغلىشىش ئوبيېكتى ئىكەن. ئەمما ئۇ ئارزۇ - ئىستىكى بىر يەردىن چىقىدىغان ئادەم بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ھەمراھ

بولۇپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ دادامنىڭ تالانتى ۋە ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ، گەرچە ئۆيدىكىلىرى قارشى تۇرسىمۇ، ياش پەرقى چوڭ بولسىمۇ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ دادام بىلەن توي قىلغانىكەن.

شۇ يىلى ئاتا - ئانام ئۈرۈمچىنىڭ قىزىلتاغ ئېتىكىدىكى باغچىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىكەن. دادام ئانامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قىزىلتاغنىڭ چوققىسىغا چىققان، ئۇ، تاغنىڭ ئاستىدىكى ھەم پاكار ھەم كونا كېسەك ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئازاد بولساق خەلق ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ، بۇ يەر زاۋۇت رايونى، دوختۇرخانا ياكى ئائىلىلىكلەر رايونى بولىدۇ. دېگەن. دادامنىڭ قايناق ھاياجانغا تولغان گەپلىرى ئانامنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن، ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېشىنى لىڭشىتقان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانام بارلىق قان - تەرىنى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا ۋە دادامغا سەرپ قىلغان. 1937 - يىلى دادام سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زايسان دېگەن يېرىگە كونسۇللۇققا ئەۋەتىلگەن. ئاناممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ، كونسۇلخانىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان. بۇ ۋاقىتتا ۋەتىنىمىزدە ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، ئانام ئۆزى تېجەپ قالغان ھەربىر يارماقنى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا تېجەپ، يىغقان 13 مىڭ رۇبلى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە قىلغان. دادام شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان كۈنلەردە، ئۇ ئۆزى يالغۇز تۇغۇلغىنىغا نەچچە ئايلا بولغان چوڭ قىزى بىلەن كۈرمىڭ جاپالارنى چېكىپ دادامنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىنى كۈتكەن؛ شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەرمىللەت ئاياللىرىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىشنى تەشكىللىگۈچىسى بولغان. 1955 - يىلى دادام جۇ زۇڭلى تەرىپىدىن بېيجىڭغا چاقىرتىلغان. جۇزۇڭلى دادامدىن: «مەملىكىتىمىز-

نىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋا-
تىدۇ، ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزمۇ
راۋاجلىنىۋاتىدۇ، بۇ تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش
ئۈچۈن بىر ئادەمنى بېيجىڭغا يۆتكەشكە موھتاج بولۇپ قالدۇق؛
مەركەز ئويلىشىپ سىزنى مۇۋاپىق تاپتى. سىزنىڭ بۇنىڭغا قان-
داق پىكرىڭىز ۋە قىيىنچىلىقىڭىز بار؟ » ، دەپ سورىغان. دادام
ھېچقانچە ئىككىلەنمەستىنلا قوشۇلغان. شۇنداق قىلىپ، دادام
ئانامنى ئېلىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا كېلىپ، مەملى-
كەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە مەملى-
كەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپى-
لەرنى ئۆتىگەن. جۇ زۇڭلىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ئاسى-
يا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بولۇپمۇ ئىسلام
ئەللىرىگە زىيارەتكە بارغان. ئانام ھەمىشە دادامنىڭ بارلىق تۇر-
مۇشىدىن ئۇن ـ تۇنسىز خەۋەر ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئۇ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلار خىزمىتى-
نى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن. بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئانامنىڭ
دادامغا قىلغان غەمخورلۇقى ئىنتايىن ئەتراپلىق بولۇپ،
1949 ـ يىلى ئانام ئاسىيا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
بېيجىڭدىن ئۆتكەن چاغدا، جۇ زۇڭلى شەخسەن ئۆزى ئانامنى
ئۆيىگە ئەكىلىپ ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى
ۋە شىنجاڭنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سورىغان. ئۇ ئانامدىن يەنە
قانداق تەلىپىنىڭ بارلىقىنى سورىغاندا، ئانام زۇڭلىغا دادامنىڭ
شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان مەزگىلدە «ئۇيغۇرچە ـ خەن-
زۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» نى تەييارلىغانلىقى، تۈرمىدىن چىققان-
دىن كېيىن، ئۇنى نەنجىڭغا ئاپىرىپ تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن
كېيىن بىر نەشرىياتقا ئاپىرىپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە
ئىز ـ دېرىكى بولمىغانلىقىنى ئېيتقان. جۇ زۇڭلى بۇنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرھال نەن-

جىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرگەن. 1952 ـ يىلى دادام بېيجىڭغا بارغان چېغىدا، زوڭلى ئۇنىڭغا: «سىز تەييارلىغان لۇغەت نەشىردىن چىقتى» دېگەن. دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ زوڭلىغا رەھمەت ئېيتقان، ئانامغىمۇ رەھمەت ئېيتقان.

## ئېغىر كۈنلەردىكى چىن مۇھەببەت

1966 ـ يىلى، دادام ئۈشتۈمتۇت كەلگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بوران ـ چاپقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئائىلىمىز زور ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. ئۇ چاغدا مەن ۋە ئاكا ـ ئاچىلىرىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا قانداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدۇق. پەقەتلا ئەتراپىمىزدا زور ئۆزگۈرۈشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. دادام بىزگە: «ماڭا ئىشىنىڭلار، سىلەرنىڭ داداڭلار پارتىيە ۋە دۆلەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلغىنى يوق، ئىشلار ھامان بىر كۈنى ئېنىقلىنىدۇ» دېدى.

1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، دادام شىنجاڭغا كۈرەش قىلىشقا قايتۇرۇلدى. ئۇ چاغدا بۇ ئاپەت تېخى ئانامنىڭ بېشىغا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇ بېيجىڭدا قېلىپ بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالسا بولاتتى. بىراق ئۇ قەتئىي ھالدا دادام بىلەن شىنجاڭغا قايتتى. ئۇ: «بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن تەشكىل خەۋەر ئالىدۇ، مەن بۇنىڭدىن خاتىرجەم، بىراق يولدىشىم 70 ياشقا كىرىپ قالدى، بىرەرسى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا قانداق بولىدۇ؟» دەيدۇ.

ئاتا ـ ئانام شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر كىچىك كونا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. دادام كۈندۈزى كۈرەش قىلىنسا، ئانام ئۆيدە ئەنسىرەپ دادامنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، دادام ھەر قېتىم يۈكىنىپ ئولتۇرۇۋەرگەچكە

قانغا بويۇلۇپ كەتكەن تىزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتقان چېغىدا ئانام ئىللىقلىقتا تولغان قوللىرى ئارقىلىق يارىسىنى تازىلاپ، دورا سۈركەيدۇ. ئىككىسى ئۆزئارا تەسەللى بېرىشىپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىش ئارقىلىق غەم ـ قايغۇلارنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلار شىنجاڭغا يالاپ ئېلىپ كەلگەن چاغدا بارلىق ئارخىپ مۇنا-سىۋەتلىرى قالايمىقانچىلىقتا يوقاپ كەتكەچكە، تۇرمۇش مەنبەئى-دىن ئايرىلىپ قالىدۇ. كېيىن ئالاھىدە تەستىقلانغاندىن كېيىن ئاشخانىدا نىسگە تاماق يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىر قېتىم ئانام نىسگە ئالغان بىر كىچىك قاچىدىكى لەڭمەننى ئېلىپ ئۆيگە قايتىشىدا بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ قاتتىق يىقىلىپ چۈشىدۇ ـ دە، لەڭمەنمۇ يەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ، ئانام ئاغرىققا قارىماي، يىغلاپ تۇرۇپ لەڭمەننى بىر تال ـ بىر تالدىن تېرىپ ئېلىپ ئۆيگە قايتىدۇ. دادام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇلايىملىق بىلەن: «ھېچ ۋەقەسى يوق، لەڭمەننى يۇيۇۋېتىپ، ئىسسىتساقلا يەنە يېگىلى بولىدۇ»، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى بۇ لەڭ-مەننى قايغۇغا خۇشاللىقنى قوشۇپ ئولتۇرۇپ يەيدۇ.

1967 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دادام بىلەن ئانام بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، بىر ـ بىرسى بىلەن ئىنتا-يىن يېقىن بولسىمۇ كۆرۈشەلمەيدۇ. ئانام كۈندە دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ شامالداشقا ئېلىپ چىقىلغان جىنايەتچىلەر ئارىسىدىن دا-دامنىڭ دوك بولۇپ قالغان سىماسىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولى-دۇ، ئۇنىڭغا ئامان ـ ئىسەنلىك تىلەيدۇ. ھېچقانداق سەۋەب تاپالمىغاچقا، يېرىم يىلدىن كېيىن ئانام قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، ھەر ئايدا 30 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلىد-غان بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئانامنىڭ تېنى ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دائىم بىلى، پۇتى ئاغرىغاچقا ئەسكى ئۆيدە كۈن-لەپ يېتىپ تاماقمۇ يېيەلمەيدۇ. دوختۇر ئانامنى ئاگاھلاندۇرۇپ كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشنى، بولمىسا پالەچ بولۇپ قالىدىغانلىقى-

نى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىلىڭ كىيىمى بىلەن سوغۇق شامالدا مېڭىپ چېنىقىدۇ. پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا چىقمايدۇ، ئاددىي تاماق يەيدۇ، تېجەپ قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىگە دادام ئۈچۈن ھەسەل، دورا سېتىۋالىدۇ. قىش كېلىپ، دادام پاختىلىق يوتقانغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا ئانام ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن پاختا بېلىتى، رەخ بېلىتى ئۆتنە ئېلىپ، كېچىچە دەم ئالماي پاختىلىق يوتقان تىكىپ، تاڭ سەھەردە شىۋىرغاندا 5 - 6 كىلو ئېغىرلىقتىكى پاختىلىق يوتقاننى دۆمبىسىگە ئارتىپ، 20 نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ، دادامغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ ھاراققا چىلانغان سامساق بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇپ كېسەلنى ساقايتىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇنى تەييارلاپ دادامغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. دادامنىڭ ئىچى سۈرۈش كېسىلىنى ساقايتىدۇ. دادام، بۇ ھەقىقەتەن شىپالىق يامغۇر بولدى، دەيدۇ.

ئەمما، ئانام نەچچە قېتىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدا، ئۆيگە ئوغرى كىرىپ، ئۆينى قۇرۇقداپ قويىدۇ، بىرەر تۈزۈكرەك كىيىممۇ قالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئانام قەددىنى رۇسلاپ كوچىلاردا مېڭىۋېرىدۇ. كۆينىكى يىرتىلىپ كەتسە، كىرلىشىپ كەتسە ياماپ، يۇيۇپ پاكىزە رەتلىك كىيىنىدۇ. ئۇ : «پەقەت مەن بەرداشلىق بەرسەملا، يولدىشىمدىن ئۈمىد بار» دەيدۇ.

1971 - يىلى 10 - ئايدا مەن ئاخىرى ئايرىلغىنىمدا بەش يىل بولغان ئانامنى كۆرگەن چېغىمدا، كۆز يېشىمنى زادىلا توختىتالمىدىم. ئۇ ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخاندەك بولۇپ قالغان بولۇپ، پەقەت ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىدىنلا سەمىمىيلىك، ئىللىقلىق ۋە قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قىزىل كۆلنىڭ بويىدا بولۇپ، ئۇۋۇلچىلىققا ئۇچرىغان كىشىلەر دائىم ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ تۇرىدىكەن. بەزى

كىشىلەرمۇ كۆرەش قىلىش يىغىنىدا ئانامنى ھاقارەتلىگەندىن كېيىن، ئۇنى مۇشۇ يولغا مېڭىشقا تەۋسىيە قىلغان چېغىدا، ئانام قەتئىيلىك بىلەن: «ياق! مەن چوقۇم بۇرھاننىڭ مەسلىسى ئايدىڭلاشقان ئاشۇ كۈننى كۆرىمەن» دېگەن. مەن ئىلگىرى ئانامدىن: «دادام راستتىنلا ئەسكى ئادەممۇ؟ سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىڭ؟» ، دەپ سورىغانىدىم. ئانام ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئىككىمىز بىرلىكتە بارلىقىمىزنى خەلق ئۈچۈن، ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىۋاتقان شىنجاڭ خەلقىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بېغىشلايمىز دەپ قەسەم قىلىشقان. سېنىڭ داداڭ پاك ئادەم، ئۇ ئۇۋال قىلىنغان. ئۇنىڭ مەسىلىسى ھامان بىر كۈنى ئايدىڭلىشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىمدىن بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

## كىشىلىك قەدىر قىممەتنىڭ كۈچى

بىز ئاتا ـ ئانىمىز توغرۇلۇق ھەر تەرەپكە چېپىپ ئەرز قىلغان بولساقمۇ، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدۇق. كېيىن جۇ-ڭگونىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىز يەنە غەيرەتكە كېلىپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەرز قىلغىلى باردۇق ھەمدە جۇ زۇڭلىغا بىر پارچە شىكايەت خېتى يازدۇق. خەت ناھايىتى تېزلا يولداش لى شيەنيەننىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 1972 ـ يىلى ئانامنىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىندى، بىز بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدۇق.

1973 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە، بىز يەنە بىر قېتىم مەركەزگە خەت يېزىپ، سولانغىنىغا 6 يىل بولغان، ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى

نامەلۇم بولغان دادىمىزنى يوقلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق، كېيىن بۇ تەلىپىمىز تەستىقلاندى. شۇ يىلى يازدا مەن ئاچام ئىلسۈيەر، ئاكام ئىلشاتلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا باردۇق. مۇرات ئاكىمىز بىز بىلەن بىللە تۈرمىگە باردى. كۆرۈشىدىغان جايدا بىر ئاق چاچلىق بوۋاي تىترەپ تۇرۇپ ئورنىدىن قوپتى، ئۇ مېنىڭ دادام ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز سېغىنغان بالىلىرىنى كۆرۈپ قايتا - قايتا: «كومپارتىيە ياشىسۇن! ماۋ جۇشى ياشىسۇن!» دەپ توۋلىدى، بىز چىڭ قۇچاقلاشتۇق.

دادام مېھرىبانلىق بىلەن ھەربىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، بىزنىڭ پارتىيىگە كىرگەن - كىرمىگەنلىكىمىزنى ئالاھىدە سورىدى، ئۇ ئەرەپ تىلىدا كىچىكىدىن باشلاپ ئەرەپ تىلى ئۆگەنگەن قىزى بولغان مەندىن: «ھەممە ئىش ياخشىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەنمۇ ئەرەپ تىلىدا: «يامان ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردىم. بىزنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىشىمىزگە رۇخسەت قىلمىدى. ئەسلىدە دادام ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە ئۈچ خىل تىلنى پىششىق بىلگەچكە، كۆزەتچى بۇ تىللارنى بىلىدىغان كىشىلەرنى ئەكەلىپ، نازارەت قىلىشقا سالغانىكەن. دادامنىڭ ئەرەب تىلىنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار زادىلا ئويلىمىغان. ئەمەلىيەتتە دادام ماڭا ھېچقانداق مەخپىيەتلىكنى ئېيتمىغان، پەقەت مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مېنىڭ چەت ئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشىمگە ئىلھام بەرمەكچى ئىدى.

1975 - يىلى، دادام تۈرمىدىن چىققاندا 81 ياشلىق بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. 1977 - يىلى مەركەز ئۇنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۇردى. مەن ئىلگىرى كۆپ قېتىم تۈرمىدىكى تۇرمۇشنى سورىغانىدىم. ئۇ بىر ئېغىزمۇ دەپ بەرمىدى. ئاشۇ يىللىرى دادامغا كۆزەتچىلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئەزەلدىن دادامنىڭ جىسمىدىن ھەرقانداق قايغۇرۇش، ئۈمىدسىزلىنىش ھالەتلىرىنى كۆرمىگەن، ئەكسىچە ئۇلار ھەمىشە ئۇ-

نىڭ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقاپ كىتاپ كۆرۈۋاتقانلىقى-
نى ياكى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرگەن. دادام-
نىڭ مەخسۇس دېلوسىغا مەسئۇل بولغان بىر كىشىنىڭ كېيىن
يازغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن سوراقچىنىڭ
ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ ئا-
جىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن
چوقۇم غەمكىنلىك، ھەسرەت، ئۈۋاللىق ھەتتا بىچارىلىق چىقىپ
تۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە
چىقتى، ئۇنىڭ سېرىق كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇ نېمىدې-
گەن قىزغىنلىقتا، خاتىرجەملىككە، ئۈمىدۋارلىققا تولغان كۆز-
لەر ــ ھە».

بەزىلىرى ھەيران قالغان رەۋىشتە ماڭا: «دادىڭىزنىڭ زادى
قانداق ماتېرىيالدىن ياسالغانلىقىنى بىلەلمىدۇق، ئۇ ھەر كۈنى
4 ــ 5 سائەت كۈرەش قىلىنىسىمۇ، ئىشتىنىنىڭ قىرى بۇزۇلماي-
دىكەن» دېگەنىدى. ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە، دادامنىڭ ئىشتىنىغا
دەزمال سېلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ بىراق ئۇ ھەرقانداق
چوڭ ھاقارەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئادىمىي-
لىك قەدىر ــ قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن
بۇرۇن، ئۇ ئىشتىنىنى ئەستايىدىل قاتلاپ، تۈز قىلىپ كۆرپە-
نىڭ ئاستىغا سالغان، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ئىش-
تىنىدا تۈپ ــ تۈز قىر پەيدا بولغان. دادام شۆھرەتپەرەسلىكنى
ياخشى كۆرمەيتتى. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاشۇنداق سۇنماس روھ
ۋە قەدىر ــ قىممەتنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. دادام
ئاقلانغاندىن كېيىن، بىز سەنلى خېنەنشاگودىكى چوڭ بىر چوي-
لىدا تۇردۇق. بىر كۈنى شەنشىدىن ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئال-
ماشقان بىر كىشى دادامنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە دادامنىڭ
كۆزەتچىسى بولۇپ، باشقا جەڭچىلەرگە ئوخشاش دادامنىڭ مېھ-

ـربانلىقى ۋە ئۆگىنىشكە ھېرىسمەنلىكىدىن تەسىرلەنگەنىكەن.
بۇ ھەربىي كىشى ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن،
گېزىتتىن دادامنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، ئالاھىدە شەنشىدىن دادام-
نى كۆرگىلى كەپتۇ. دادام ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئوغلىنى
كۆرگەندەك، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كەت-
تى.
دادام ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمى-
دى، ئەسلىمىسىنى يېزىپ تۈگىتىشكە تۇتۇندى. ئەپسۇسلىنارلى-
قى شۇكى، ئۇنىڭ كۇندۇلۇك خاتىرىسىنىڭ خېلى كۆپى «مەدەنى-
يەت ئىنقىلابى» دا يوقاپ كەتكەنىدى، ئانام كىشىنى ھەيران قال-
دۇرىدىغان ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە تايىنىپ دادامنىڭ ئەسلى-
مىسىنى يېزىشىغا ياردەم قىلدى، ئۇ ئەسلىگەن ۋاقىت، ئورۇن،
شەخسلەرنىڭ بىرەسىدىمۇ خاتالىق چىقمىدى. دادام 300 مىڭ
خەتلىك ئەسلىمىسى «شىنجاڭدىكى 50 يىل» نى يېزىپ بولغاندا
ئاللىقاچان 90 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. كىتابقا ياشانغان بۇ
ئىككىسىنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئالغا ئىنتىلىشى ۋە كۈرە-
شىنىڭ قان - تەرى يىغىنچاقلانغانىدى.
1985 - يىلى، ئاتا - ئانام بېيجىڭدىكى بارلىق ئائىلە -
كىشىلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا قايتىپ باردى ھەمدە بىزنى ئېلىپ
قىزىل تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى. قە-
ۋەت - قەۋەت كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئېگىز بىنالار، ئادەم ۋە ماشى-
نىلار ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاۋات مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئاتا - ئانام
پەخىرلەنگەن ھالدا بىز كۈرەش قىلغان غايىمىز ئاخىرى ئەمەلگە
ئاشتى، دېيىشتى.
1989 - يىلى 8 - ئايدا، دادام تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى
قوزغىلىش سەۋەبىدىن 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بىز ئۇنىڭ
مېيىتىنى ئۇ قىزغىن سۆيىدىغان شىنجاڭنىڭ تۇپرىقىغا دەپنە
قىلدۇق؛ يېرىم يىلدىن كېيىن 78 ياشلىق ئانام دوختۇرخانىدا

ۋاپات بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە تەستىقى بىلەن ئۇ دادامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. بۇ ئانامنىڭ پۈتۈن بىر ئۆمرىنى دادامغا بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ياخشىلىقى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بولدى.

## قىممەتلىك بايلىق

ئاتا - ئانىمىز ۋاپات بولدى، ئۇلار بىزگە زور بايلىق قالدۇرۇپ كەتتى.

ئاتا - ئانام نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ماددىي تۇرمۇشقا ئارتۇقچە تەلىپى يوق ئىدى. دادامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى كىتاب سېتىۋېلىش، كىتابخانا ئارىلاش ئىدى. ئۇنىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق قىرائەتخانىسىدا كىتاب جازىسى تۆت تامغا لىق تولغان بولۇپ، كىتابلار ئۆينىڭ تورۇسىغىچە دەستە - دەستىلەپ قويۇلغانىدى. ئۇ كىتاب سېتىۋېلىشنى، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرگەچكە، يانچۇقىدا دائىم پۇل تۇرمايتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك چېغىمدا دادامغا ئەگىشىپ ئويۇن كۆرگىلى بېرىپ، يېنىمدا ئولتۇرغان بالىنىڭ گاز سۈيى ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئىچىمەن دەپ غەلۋە قىلغانىدىم. كىم بىلسۇن، دادام يانچۇقلىرىنى ئۇيان ئاقتۇرۇپ، بۇيان ئاقتۇرۇپمۇ ئۈچ موچەن تاپالمىدى - دە، ئامالسىز يۈزىنى قىزارتىپ تۇرۇپ مۇھاپىزەتچىسىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ ماڭا گاز سۈيى ئېلىپ بەرگەنىدى. چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەن ئانامدىن سىز قاتتىق باشقۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن، دادام يېنىدا پۇل ئېلىپ يۈرمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم، ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنداق ئەمەس، دادىڭىز يانچۇقىدىكى پۇللارنى ياكى باشقىلارغا ئۆتنە

بېرىدۇ ياكى كىتاب سېتىۋالىدۇ، نەدىمۇ پۇل ساقلىيالىسۇن، دەپ جاۋاب بەرگەندى.

بىز بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، ئانام باياشات تۇرمۇشنىڭ بىزلەرنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇشىدىن، هورۇن قىلىپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ، بىز ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنى 11 يېشىمىزدىن باشلاپ ئۆزىمىزنىڭ كىيىمىزنى ئۆزىمىزگە يۇيدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۇردى.

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش — دادامنىڭ تەۋرەنمەس سىياسىي ئېتىقادى ئىدى. دادام هەممە يەردە ئۆز مىللىتىگە بولغان قىزغىن مۇهەببىتىنى ئىپادىلەيتتى، ئەمما قىلچە تار مىللەتچىلىك خاهىشى يوق ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن 10 ياشقا كىرگەن چاغدا، بىر قېتىم دادامغا ئەگىشىپ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتكە قاتنىشىشقا بېرىپ مۇئاۋىن رەئىس دۇڭ بىۋۇنى كۆردۇق. دۇڭ بىۋۇ ئاقساقال مېنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى سورىدى، دادام بىر تەرەپتە تۇرۇپ ئىنتايىن ئەندىشە قىلغان هالدا: «ئۇلار هازىر پەقەت خەنزۇچىلا سۆزلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالايلا دەپ قالدى» دېدى. دۇڭ بىۋۇ ئاقساقال ئىنتايىن كەسكىنلىك بىلەن دادام ۋە ماڭا: «بۇ بولماپتۇ، دۆلىتىمىز هەم خەنزۇچە بىلىدىغان هەم ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى بىلىدىغان كادىرلارغا مۇهتاج، هەرىيلى زور كۈچ سەرپ قىلىپ مۇشۇنداق كادىرلارنى تەربىيىلەۋاتىدۇ، ئانا تىلىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك»، دېدى.

بۇ گەپلەر دادامنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز باللاردىن چوقۇم ئانا تىلىدا سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بىز ئازراقلا هورۇنلۇق ياكى بى-

خەستەلىك قىلىپ قويساق، دادامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتۇق. بىر قېتىم تاماق ۋاقتىدا مەن ئاچام بىلەن ئىختىيارسىز خەنزۇچە سۆزلەشكەن ئىدۇق. دادام ئاچچىقلىنىپ: «سىلەر يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، مەن تاماق يېمەيمەن» دېدى. بىز قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈش بەرگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاچچىقى ئاندىن ياندى.

دادام تۇرمىدىن چىققان چاغدا ئىككى ئاچام ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق ھەمدە بالىلىق بولۇپ قالغانىدى. ئاچام ئىلسۆيەر دادام بىلەن ئالاقىلىشىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن: «بىز تاللىغان يىگىتىمىز توغرۇلۇق ئاتا ـ ئانىمىزدىن پىكىر ئېلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى، دادامنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز» ، دەپ خەت يازدى. ئاچىلىرىم ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇ يىگىتى بىلەن توي قىلغانلىقى ئۈچۈن دادامنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى. دادام جاۋاب خەت يېزىپ: «سىلەرنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرغانلىقىڭلاردىن ھەمدە بالىلىق بولغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، يىگىت تاللاشتا مىللىي تەركىب بىردىنبىر ئۆلچەم بولالمايدۇ، پەقەت ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا ھۆرمەتلىسە ۋە ئاسرىسىلا بولىدۇ. . .» دەيدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

دادام بۇ خەتنى يازغاندا مەن 26 ياشتا بولۇپ، ئىچكى موڭغۇلدا ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتاتتىم. دادام كىچىك قىزى بولغان مېنىڭ توي ئىشىمغا ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ماڭا ئالاھىدە خەت يېزىپ، مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىمدا ئېھتىياتچان بولۇشۇمنى تاپىلىدى ھەمدە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن مېنىڭ ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىن مۇۋاپىق كېلىدىغان ياشتىن بىرنى تاللىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن تۇرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەن ھازىرقى يولدىشىم بىلەن تونۇشتۇم ۋە توي قىلدىم. دادام ئۇنىڭ بىز بىلەن بىر مىللەتتىن بولغان

ياش بولمىغانلىقى ئۈچۈن خاپا بولمىدى. بىز تويى قىلىدىغان چاغدا ئاتا ـ ئانام بىزگە چىن كۆڭلىدىن بەخت تىلىدى.

دادام بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. ئۇنى پەخىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بىز كۆپ مىللەتلىك ئائىلە بولۇپ ئائىلىمىزدە ئۇيغۇر، تاتار، قازاق، خەنزۇلار بار ئىدى... كۆپچىلىك بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق، شاد ـ خۇرام ئۆتمەكتە ئىدۇق.

1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 95 ياشقا كىرىپ قالغان دادام كېسەللىك سەۋەبى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ ئىبغىرچە ۋەسىيەتنامە قالدۇردى. يەنى بۇ «باللىرىغا قالدۇرۇلغان سۆز» بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار:

مەن كەمبەغەل ئەمگەكچى دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. مېنىڭ تۇرمۇش يولۇم دۇكاندا شاگىرت بولۇش، پىركازچىك بولۇشتىن باشلانغان. تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، قاتتىق ئىقتىساد قىلىش — مەن ئۆز تۇرمۇشۇمدا تىرىشىپ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلچەم ئىدى. سىلەر ھەر ۋاقىت «ئاق سۆڭەكلەر» گە خاس مىجەز ـ خۇلۇقتىن خالى بولۇڭلار. ئەمگەكچى ئامما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئەمگەك قىلىپ، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى بولۇڭلار. مەن ئۆز ھاياتىمدا مائاشقا تايىنىپ كۈن كۆچەرگەنمەن، ئۆزۈمگە ھېچقانداق بايلىق توپلاش كويىدا بولغان ئەمەسمەن. مەن ئالەمدىن ئۆتكەندە سىلەرگە بىرەر ماددىي بايلىق ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە بىرەر پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭلارنى تىلەشتىن ئىبارەت ئارزۇيۇمنىلا قالدۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭلاردا چىداملىق، قەيسەر، قەتئىي بولۇڭ-

لار، ئەمگەكچان، ئىقتىسادچىل، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدى-
غان بولۇڭلار، سەممىي، ۋىجدانلىق بولۇڭلار، ئۆزئارا مېھرى-
بان ئىتتىپاق بولۇڭلار، خىزمىتىڭلار ئۇتۇغلۇق، تېنىڭلار سالا-
مەت، تۇرمۇشۇڭلار بەختلىك بولسۇن!

سىلەرنىڭ ياشانغان داداڭلار:
بۇرھان شەھىدى

تەرجىمە قىلغۇچى: جۇرئەت ئابلىمىت
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# جوڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى باشلىقى بۇرھان شەھىدىنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن

خۇ جېنخۇا

يولداش بۇرھان شەھىدى ھايات ۋاقتىدا، بىز ئۇنىڭ ئالدىدا
ياكى كەينىدە بولسۇن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇپ ئاتىماي، بەلكى
ئۇنى ئەپەندىم دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدۇق. بۇنداق بولۇ-
شى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھى-
مى ئۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ھەرمىللەت ئاممىسى ئارىسى-
دا، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا يۇكسەك
نوپۇزغا ئىگە بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى ئەپەندىم دەپ چاقىرىپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىززەت - ئېھتىرامىنى
ئىپادىلەيتتى. بۇرھان ئەپەندىم ئۆمۈر بويى دۆلەتنىڭ بىرلىكى،
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، چېگرا رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە تاش-
قى دوستانە ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ كەلدى، شۇڭ-
لاشقىمۇ ئۇنى «ئەپەندىم» دەپ ئاتاش تولىمۇ لايىق ئىدى.

بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئىسمىنى خېلى بۇرۇنلا گېزىت - ژۇر-
ناللاردا ئۇچراتقانىدىم. 1951 - يىلى مەن شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى روس تىلى
كەسپىدە ئوقۇۋاتقىنىمدا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ كۆرسىتىشى
بىلەن بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىغا

كېلىپ ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى دائىم ئاڭلايدىغان ۋە ئۇچرىتىدىغان بولدۇم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەن دەسلەپكى چاغلىرىمدا نەشردىن چىققىنىغا ئۇزۇن بولمىغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» تىن پايدىلاندىم. بۇ لۇغەتنى بۇرھان ئەپەندى ئازادلىقتىن ئىلگىرى، تۈرمىگە قامالغان ئاشۇ مەزگىللەردە تۈزۈپ چىققانىدى. 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما لۇغەت تېخى نەشر قىلىنمىغانىدى. ئەينى چاغلاردا مەيلى ئۇيغۇر تىلى ياكى خەنزۇ تىلىنى ئۆزئارا ئۆگەنگۈچىلەر بولسۇن ياكى ئۇيغۇر تىلى تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولسۇن، ھەممىسى بۇرھان ئەپەندىم تۈزگەن مۇشۇ لۇغەتتىن پايدىلىناتتى. بۇرھان ئەپەندىمنىڭ بۇ لۇغىتى مۇھىم تىل ـ ئەدەبىيات قوللانمىسى سۈپىتىدە ئەينى ۋاقىتتىكى تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىش، قوللىنىش جەھەتتىكى كۆپلىگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى، شۇنداقلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قانات يايدۇرۇلغان مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى خىزمىتىگە ھۆسۇن قوشتى. مېنىڭچە، بۇرھان ئەپەندى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ روسچە لۇغەت» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خىزمىتىدىكى ئەڭ ئاۋۋالقى نەتىجىنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئەپەندىمنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خىزمىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇرھان ئەپەندىم ھەم سىياسىي پائالىيەتچى، ھەم ئالىم بولغانلىقتىن، ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بارغان مىللەتلەر

تىلى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشى، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىلشۇناسلىق بويىچە مەسلىھەتچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى پروفېسسور شىركوچىنكو بىز بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشتۇق. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مۇتەخەسسىس بولغاچقا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېھمانسارايغا (ھازىرقى جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىكى مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدىكى لى سېن ئەپەندى ۋە گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن بىرگە باشقا جايدا تۇردۇق. خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مۇتەخەسسىس بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇشقا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قاتناش قورالى قىيىن بولغانلىقتىن، تولىمۇ قولايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندۇق. كېيىن بۇ ئەھۋالنى بۇرھان ئەپەندىم ئۇقۇپ، بىزنى ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم نەچچەيلەن ئەپەندىمنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ تۇرالغۇمىزغا قايتىپ كەلگەندۇق. بۇرھان ئەپەندىم بىر ئالىي رەھبەر بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق بولۇپ، تولىمۇ چىقىشقاق ئىدى، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، بۇنىسى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

كېيىن، بۇرھان ئەپەندىمنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بېيجىڭغا كېلىپ مەركەزدىكى تارماقتا خىزمەتكە چۈشتى، ئۇ يەنە قوشۇمچە ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى بولدى. گەرچە ئەپەندىمنىڭ ھۆكۈ-

مەت خىزمىتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى خىزمىتىگە يەنىلا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى، هامان ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ خىزمەتلەرنى سۈرۈشتۈرەتتى ياكى ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە بىۋاسىتە قاتنىشاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بېيجىڭدا 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، بۇرهان ئەپەندىم بۇ يىغىندا قاتنىشىپ، شىنجاڭ مىللەتلەر تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرىسىنى ئاڭلىغاندى. يەنە شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتىكى، ئەپەندىم بىز شىنجاڭدىن كەلگەن مىللەتلەر تىلى گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاڭلىغانىدى، باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمىگەن هەمدە ئارىلىقتا سۆز قىستۇرمىغانىدى. بۇلاردىنمۇ ئەپەندىمنىڭ كەمتەر ئىستىلىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئەپەندىم شۇ قېتىملىق يىغىندا شەخسىي پىكىر ئۈستىدە توختىلىپ، يېڭى سۆز، ئاتالغۇلار مەسىلىسىنى هەرقايسى مىللەت تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەنىدى. نەچچە ئون يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەپەندىمنىڭ بۇ پىكىرلىرىنىڭ ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

مەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، بولۇپمۇ جوڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرهان ئەپەندىم بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدىم. چۈنكى ئەپەندىم جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر، گېڭ شىمىنلار، ئىبراهىم مۇتىئى، نىغمەت مىڭجانى، چېن زۇڭجېن، ئامىنە غاپپار قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بىلەن مەن جەمئىيەتنىڭ رەهبەرلىكىنى ئۈستىمىزگە ئالغاندۇق، خىزمەت مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن مەن پروفېسسور خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار بىلەن ئەپەندىمنىڭ يېنىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى

دوكلات قىلىپ يولىيورۇق سورايتتۇق.
ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللىرى ئائىلىسىگە جەمئىي 30 نەچچە خىل مىللەتنىڭ تىلى تەۋە بولۇپ، نوپۇسى تەخمىنەن 1000 مىليوندىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى تۈركىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مەملىكىتىمىز چېگرىسى ئىچىگە تارقالغان. مەملىكىتىمىزدە تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە تىللارنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، سالا، ئۆزبېك، تاتار، يۇگۇ قاتارلىق يەتتە مىللەت، تەخمىنەن 10 مىليون ئادەم قوللىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللىتىنىڭ ئاممىباب قوللىنىلىدىغان تىل ـ يېزىقى بار، مەملىكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن تۈركىي تىللىرى مىللەتلىرىنىڭ مول مەجمۇئەسى بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردىمى بار، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، شۇنداقلا تاشقى دوستانە ئالاقىگە پايدىلىق. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇرھان ئەپەندىم مەملىكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدى. 1979 ـ يىلى ئەپەندىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى بىلەن جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ئالماشتۇرۇشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋىرى» دېگەن بىر ئىچكى ژۇرنالنى چىقىرىپ، مەملىكەت ئىچى، سىرتىدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى، شۇنىڭدەك بەزى چەت ئەللەرنىڭ مۇھىم ئىلمىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ ئېلان قىلىشنى قارار قىلدۇق. لېكىن دەسلەپتىلا خىراجەت مەسىلىسى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋىرى»

نىڭ 1 ـ سانىنى تەھرىرلەشتىن باشلاپ، بۇ خىزمەت ماڭا تەقسىم
قىلىنغاچقا، بۇ نۇقتا ماڭا ئېنىق ئىدى. كېيىن بىز بۇ قىيىنچىـ
لىقلارنى ئەپەندىمگە ئىنكاس قىلىۋىدۇق، ئەپەندىم تۇرمۇشىنى
تېجەشلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئىقتىساد قىلغان پۇللىرىنى جەمئىـ
يىتىمىزگە بېرىپ ياردەم قىلدى. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى
خەۋىرى» (ئىچكى ژۇرنال) نىڭ 14 يىلدىن بۇيان ئىزچىل نەشر
قىلىپ كېلىنىشىدە ئەپەندىمنىڭ قىزغىن قوللىشى بىر مۇھىم
سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

بۇرھان ئەپەندىم جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيەـ
تىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقېتىم بېيجىڭدا جەمـ
ئىيەتنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى
ئۆتكۈزۈلگەندە، ھامان بىۋاسىتە يىغىن مەيدانىغا كېلىپ سۆز
قىلاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن مەملىكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن تۈركىي
تىللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، يىـ
غىن ئىشتىراكچىلىرىنى نەتىجە يارىتىپ دۆلىتىمىز ئۈچۈن شەـ
رەپ قۇچۇشقا ئىلھاملاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىي تىلـ
لارغا ئائىت بەزى ئىلمىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز پىكرىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىق سىياسىـ
تىنى تەشۋىق قىلاتتى. ئەستىن چىقمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ
ھەر قېتىم بېيجىڭغا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن كەلـ
گەن ئالىملارنى ئۇچراتقاندا، ھامان ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرـ
مىللەت خەلقىگە، يىغىنغا كېلەلمىگەن يولداشلارغا ئۆز سالىمىنى
يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلاتتى. كېيىن ئەپەندىمنىڭ سالاـ
مەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپىـ
سىدىن ئىستېپا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەن سالامەتلىكى
ياخشى باشقا ئىز ـ باسالارنى ئۆز ئورنىنى بېسىشقا كۆرسەتتى.
لېكىن كۆپچىلىك ئۇنى يەنە پەخرىي باشلىقلىققا سايلىغاندىن كېـ
يىن، ئۇ يەنىلا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن

كۆڭۈل بۆلدى، ئۆزى گەرچە يىغىنغا كېلەلمىسىمۇ، تەييارلاپ قويغان سۆز ئورىگىنالىنى بىزگە ھاۋالە قىلىپ ئوقۇتاتتى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزگە دۇنيا بويىچە داڭلىق گېرمانىيىلىك تۈركىي تىللىرى ئالىمى پروفېسسور ۋون. گابائىن خانىمنى تەكلىپ قىلدى، ئۇ 82 يېشىدا تەكلىپكە بىنائەن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتچىلىرى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

بۇرھان ئەپەندىم جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋە پەخرىي باشلىقى بولغاچقا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئاشتى. چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن ئالىملار ئەپەندىمگە ئۈزۈلدۈرمەي مەكتۇپ يوللاپ، مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ئالىملىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەپەندىم ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى بىلەن چەت ئەل ئالىملىرى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

1979 ـ يىلىنىڭ بىر قىش كۈنى، مەن جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى يولداش جيا جى ئارقىلىق يولداش جۇ ياڭغا يوللىغان «ماناس» ئېپوسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى بىر پارچە دوكلاتىم تەستىقلانغاندىن كېيىن، يولداش جيا جى مېنى داڭلىق ماناسچى يۈسۈپ مامايىنى بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى. پېشقەدەم ماناسچى يۈسۈپ ماماي بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ «ماناس» ئېپوسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشتى. ئۇ «مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى» جەريانىدا بېيجىڭدا يىتۈپ كەتكەن «ماناس» ئېپوسىغا ئائىت بىر تۈركۈم ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ ئېيتتى ۋە يېڭىباشتىن ئېيتىپ رەتلەپ چىقتى. يۈسۈپ ماماي قىرغىز مىللىتىدىن بولغان تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقاندا، پۇرسەت بولسا مەككىگە ھەجگە بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بەش پەرىزىنىڭ بىرى بولغان ھەج خاسىيىتىنى ئادا قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. مەن مۇسۇلمان (خۇيزۇ) بولغانلىقىم ئۈچۈن، يۈسۈپ مامايىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنەتتىم، شۇڭا بۇ ئارزۇسىنى بالدۇرراق روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى نىيەت قىلدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئەينى ۋاقىتتا قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بۇرھان ئەپەندىمگە پېشقەدەم ماناسچى يۈسۈپ مامايىنىڭ «ماناس» ئېپوسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى دوكلات قىلدىم ھەمدە ئۇنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىش ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلدىم. بۇرھان ئەپەندىم يۈسۈپ مامايىنىڭ تارىخىي ئېپوس «ماناس»نى ئېيتىدىغان داڭلىق ئۇستاز ئىكەنلىكىنى، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپ، مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرىپ پىشقادەم ماناسچى يۈسۈپ ماماي بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. كېيىن، مەن پىشقەدەم ماناسچى يۈسۈپ مامايغا ھەمراھ بولۇپ ئەپەندىمنى يوقلاپ باردۇق، ئەپەندىم يۈسۈپ مامايىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قوشقان تۆھپىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش ئارزۇسىنى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىكى باشقا رەھبەرلەرگە ئۇقتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ پېشقەدەم ماناسچىنىڭ ھەج قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى يۈز تۇرانە ئېيتتى. ئىككىنچى يىلى،

يۈسۈپ ماماي جۈڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلدى. ئۇ ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، سەككىز بۆلۈم، 200 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق «ماناس» ئېپوسىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ لېنتىغا ئېلىپ خاتىرىلەپ رەتلەپ چىقىپلا قالماستىن، يەنە باشقا كۆپلىگەن داستانلارنى ئېيتىپ رەتلەپ چىقتى. ئەپەندىمنىڭ پېشقەدەم ماناسچى يۈسۈپ مامايغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مەملىكىتىمىزدىكى قىرغىز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بەرگەنلىك بولۇپ، «ماناس» ئېپوسى ۋە ئۇ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار مەملىكەت ئىچى، سىرتىغا تارالدى.

ئەپەندىم ماڭىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى، 1986 ـ يىلى تۈركىيە خەلق مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلىمىزنىڭ دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىر نەپەر ئالىمنى تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ـ جۇغراپىيە ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا بېرىپ دەرس ئۆتۈشكە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئەڭ ئاخىرى مېنى ئەۋەتىشنى بېكىتتى. مەن سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى بېيجىڭ دوختۇرخانىسىدا سالامەتلىك تەكشۈرتىۋاتقان ئەپەندىمنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن ئايالىم مۇشۇخۇي بىلەن بىرگە بارغانىدىم. ئەپەندىم دۆلىتىمىزنىڭ مېنى تۈركىيىگە دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇ مېنىڭ جۈڭگو تۈركىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، دوستانە ئالاقە يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشۇمنى ھەمدە تۈركىيىلىك دوستلارغا مەملىكىتىمىزدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تونۇشتۇرۇپ، تۈركىيىلىك دوستلارنى مەملىكىتىمىزنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمنى تاپىلىدى. ئۇ

يەنە مېنىڭدىن ئايالىمنى بىرگە ئېلىپ بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئايالىم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ۋاقتىنچە بارمايمەن، خۇ جېنخۇا تۈركىيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاندىن بېكىتمەكچى بولۇۋاتىدۇ» ، دېدى. ئەپەندىم يەنە كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا مېنىڭدىن تۈركىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۆيدە يەنە نېمە قىيىنچىلىق بارلىقىنى سورىدى. ئۇ ئايالىمغا يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ مۇنداق دېدى: «يەنىلا خۇ جېنخۇاغا ھەمراھ بولۇپ تۈركىيىگە بارغىنىڭىز تۈزۈك، ئۇنداق بولغاندا تۇرمۇشتا ھەمدەمدە بولالايسىلەر، ئەمما تۈركچىنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. مەيلى نەگىلا بارمايلى، شۇ يەرنىڭ تىلىنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىۋېلىش كېرەك، تىل ئالاقىسى راۋان بولسا ھېسسىيات ئورناتقىلى بولىدۇ. خۇ جېنخۇا تۈركچىنى بىلىدۇ، ئۇ بارغاندىن كېيىن ئاسانلا كۆنۈپ كېتىدۇ ھەمدە قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ» . بىز ئەپەندىمنىڭ دەم ئېلىشىغا مالاللىق قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشمايلا خوشلاشتۇق. كېيىن، مەن تۈركىيىدە دەرس ئۆتۈۋاتقان مەزگىلىمدە ئەپەندىمنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئىش كۆردۈم، تۈركىيىلىك دوستلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئەلچىخانىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات - تارىخ - جۇغراپىيە ئىلمىي ئىنستىتۇتىغا ۋاكالىتەن ماڭا تۆھپىكار گۇۋاھنامىسى بەردى. مەن مۇشۇ شەرەپكە نائىل بولغىنىمدا، ئەپەندىمنىڭ تۈركىيىگە مېڭىش ئالدىدىكى سۆزى يەنە ئېسىمگە كەلدى. ئەپەندىمنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە بەرگەن نەسىھىتى كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇنداقلا مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، داڭلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتەن ۋە ھەرمىللەت

خەلقى ئۇچۇن قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. مېنىڭچە كېيىنكىلەر ئۇنىڭ بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ياراتقان نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇسى، ئۇنىڭ بىر كۆيۇمچان مۆتىۋەرلەرگە خاس پەزىلىتى كېيىنكىلەر ئارىسىدا تىللاردا داستان بولغۇسى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقى ۋە سۆيۇملۇكلىكى، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشتەك ئېسىل پەزىلىتى بىزنىڭ مەڭگۇ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تېخىمۇ ئەرزىيدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# بۇرھان شەھىدىنىڭ ھاياتىغا دائىر قىسقىچە يىلنامە

1894 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى روسىيىنىڭ قازاندا تۇغۇلغان.

1905 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە «مۇھەممەدىيە» مەكتە-پىدە ئوقىغان.

1909 ـ يىلى (15 يېشىدا) كۆزدە «مائارىپ» كىتابخانى-سىدا شاگىرت بولغان.

1911 ـ يىلى (17 يېشىدا) 1 ـ ئايدا كىتابخانا تەرىپىدىن نېژنىدا ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىگە ئەۋەتىلگەن.

1911 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شەمەيگە كېلىپ تيەنشىن سودا فىرمىسىدا شاگىرت بولغان.

1912 ـ يىلى (18 يېشىدا) كۆزدە، تيەنشىن سودا فىرمى-سى تەرىپىدىن جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ چۆچەك ئارقىلىق ئۈ-رۈمچىگە كېلىپ ئۈرۈمچى تيەنشىن سودا فىرمىسىدا دۇكانچى بولغان.

1914 ـ يىلى (20 يېشىدا) جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس سۇنۇپ جۇڭگو تەۋەلى-كىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

1920 ـ يىلى (26 يېشىدا) جۇڭگونىڭ روسىيە بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلگەچكە، ئىلىدا چېگرا باج-خانىسى تەسىس قىلىنغاندا ئۇ چېگرا بېجى مۇپەتتىشلىكىگە تەيىن-لەنگەن.

1922 ـ يىلى (28 يېشىدا) ئاتا ـ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئەكىلىپ ئۆلارنى شىنجاڭدا ماكانلاشتۇرغان، تيەنشىن سودا فىر-مىسىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئات فىرمىسىنىڭ ھەي-ئىتى بولغان، دوستلىرى بىلەن ستىخىيىلىك ھالدا مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ «يېڭى ھايات» ناملىق ئىككى سان ژۇرنال چىقارغان.

1925 ـ يىلى (31 يېشىدا) ئىلىغا بارغان، ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىن-لەنگەن، ئۆلكە باشلىقى ياڭ زىڭشىنغا تەرجىمان بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بېستولوف بىلەن تونۇشقان.

1926 ـ يىلى ماشىنا سېتىۋېلىپ، ماشىنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

1929 ـ يىلى (35 يېشىدا) ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن تەرىپىدىن سودا ـ سانائەت مائارىپ ئىشلىرى تەكشۈرۈش نامى بىلەن گېرمانىيىگە ئەۋەتىلگەن.

1930 ـ يىلى (36 يېشىدا) بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىم-تىھان بېرىپ كىرگەن، فرانسىيە سودىگىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن پارىژغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (38 يېشىدا)، گېرمانىيىدىن ئايرىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە، موسكۋادا ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان.

1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينى 25 ـ كۈنى (39 يېشىدا)، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن.

3 ـ ئايدا جىن شۇرېن ئۇنى يەنە بىر قېتىم گېرمانىيىگە چىقارغان.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، چۆچەككە بارغان.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، چۆچەككە كېلىپ، بۇيرۇققا بىنائەن ئالتاينىڭ تىنچلاندۇرۇش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن.
10 ـ ئـايدا چۆچەككە قـايتىپ كـەلگەن، ئەسكەر ئـېلىپ ئۇۋانوۋ پـولكىنى تـەشكىللەپ، ئەكسىيەتچى هـۆكۈمەت شۇ يـەردە تۇرغۇزغان ئـەسكەرلەرنىڭ قـورال ـ ياراقلىرىنى يـىغىۋالغان.
1934 ـ يـىلى (40 يـېشىدا) 1 ـ ئايدا ئـۇ يەنە بـىر قېتىم ئـالتايغا بـارغان، 2 ـ ئايدا سـارسۇمبە (بۈگۈنكى ئـالتاي شەھىرى)گە بـېرىپ قۇتقۇزۇش پـائالىيىتىنى قـانات يايدۇرغان.
4 ـ ئـايدا ئـالتاي ئـاۋام خـەلق كـومىتېتىنى تـەشكىللىگەن.
6 ـ ئـاينىڭ 19 ـ كـۈنى ئـۈرۈمچىگە كـەلگەن ۋە يـۇشىن يـەرلىك مـەھسۇلاتلار شـىركىتىنىڭ بـاش دىـرىكتورى بـولغان.
8 ـ ئـاينىڭ 1 ـ كـۈنى، جـاھانگىرلىككە قـارشى تـۇرۇش ئـۇيۇشمىسى خـەلق بـۆلۈمىنىڭ مـۇئاۋىن بـاشلىقى بـولغان.
1935 ـ يىلى (41 يېشىدا) 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋە قۇرۇلتايدا ھەيئەتلىككە تەيىنلەنگەن.
8 ـ ئـايدا، يـۇشىن يـەرلىك مـاللار شـىركىتىنىڭ بـاش دىرىكتورلىق سـالاھىيىتى بـىلەن سوۋېت ۋەكـىلى سـىۋانادزې بىلەن 5 مـىلىيون ئالتۇن رۇبـلى قەرز ئـېلىش تـوختامىغا ئىمزا قـويغان.
9 ـ ئايدا مورى ۋە بارىكۆلگە بارغان.
10 ـ ئـايىنىڭ 29 ـ كـۈنى ئـۈرۈمچىگە قـايتىپ كـەلگەن.

1937 ـ يىلى (43 ييشىدا) 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتى بىلەن 2 مىليون 100 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز ئېلىش توختامنامىسى ئىمزالىغان. 5 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زايسان (بۈگۈنكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دائىرىسىدە) غا بېرىپ كونسۇل بولغان.

1938 ـ يىلى (44 ييشىدا) 3 ـ ئايدا ئۇ مەملىكىتىمىزگە قايتىپ جىڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە قولغا ئېلىنغان. 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى 2 ـ تۈرمىگە يۆتكەلگەن.

1940 ـ يىلى (46 ييشىدا) ئەتىيازدا ئۇنى 4 ـ تۈرمىگە يۆتكەپ، سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) دېگەن كىتابچىنى تەرجىمە قىلدۇرغان.

1944 ـ يىلى (50 ييشىدا) 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ تۈرمىدىكى چاغدا «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىپ چىققان.

1945 ـ يىلى (51 ييشىدا) ساقچى ئىشچىلىرى باشقارمىسى تەرجىمانلار ئىشخانىسىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، ئارقىدىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلەنگەن، كېيىن ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ مۇپەتتىش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

1946 ـ يىل (52 ييشىدا) 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا، ئەخمەتجان بىلەن بىللە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن.

10 ـ ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭغا سايلامغا نازارەت قىلىشقا بارغان.

1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسى يۈز بەرگەندە تەلەپ قويغۇچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان.

4 ـ ئايدا مەمۇريي تەكشۇرۇش ئۆمىكىنى باشلاپ ئالتايغا بارغان.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن، 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قوشۇمچە مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇدنى مەجبۇرى ئۆلكە رەئىسلىكىگە سايلىغانلىقتىن، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىلگىرى كېيىن نەنسەن چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ تۇرۇپ، قارشىلىق بىلدۇرگەن. 8 ـ ئايدا غەربى شىمال مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭ بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە بۇيرۇقى بىنائەن نەنجىڭغا بېرىپ «دۆلەت ھەيئىتى» لىككە تەيىنلەنگەن؛ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ نەنجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويغان، ئۆمەكنى باشلاپ داۋاملىق شاڭخەي، تەيۋەنلەرگە بارغان.

1947 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، نەنجىڭگە بارغان.

1947 ـ يىلى، شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى زىيارەت ئويۇن قويۇشقا نەنجىڭگە بارغان. بۇرھان شەھىدى ئۆمەككە باشچىلىق قىلىپ، شاڭخەي، تەيۋەنلەرنى زىيارەت قىلغان،

1948 ـ يىلى (54 يېشىدا) 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن.

1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭغا قايتقان، يول ئۈستىدە لەنجۇدىن ئۆتكەندە جاڭ جىجوڭ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا يەنە مۇدىر بولغان.

1949 ـ يىلى (55 يېشىدا) 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىنجاڭغا رەئىس بولغان.

2 ـ ئايدا جاڭ جىجوڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لەنجۇغا بېرىپ گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ ئۈچ ئۆلكىنىڭ باشلىقلىرى

يىغىنىغا قاتناشقان.

5 ـ ئايدا، ساختا ئالتۇن پۇلنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ كۈمۈش پۇلنى تارقاتقان.

7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ماناسقا ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كىشىلەر كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزغان.

9 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن ئۇرۇمچىگە مەخپىي كېلىپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما يوللىغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىغان. 28 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە ماۋ جۇشىغا تېلېگرامما يوللىغان.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئاممىۋى چوڭ يىغىنىدا سۆز قىلغان.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق قازاغا ئۇچرىغان ئىنقىلابىي قۇربانلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاۋ سىيۆ بىلەن بىللە ئايرودرومغا چىقىپ ۋاڭ جېن، شۇ لىچىڭلارنى كۈتۈۋالغان.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئازادلىق ئارمىيە، ئۈچ ۋىلايەت

مىللىي ئارمىيىسى، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن ھەمدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالغان.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ۋاڭ جېن، شۆ لىچىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە رەسمىي ئەزا بولغان ۋە ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

1950 ـ يىل (56 يېشىدا) 1 ـ ئاينىڭ 59 ـ كۈنى ئامېرىكا كونسولى ماكىنان ئۇسماننىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشى تۇرغان. بۇرھان شەھىدى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق پاكىتى، ئاچسۇننى كاچاتلىدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، ئاچسۇننىڭ جۇڭگوغا قارشى سۇيىقەستلىرىگە رەددىيە بەرگەن.

5 ـ ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ئىككىنچى يىغىنىغا قاتناشقان. ماۋ جۇشى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يېرىم يىل دەم ئېلىپ داۋالانغان.

1952 ـ يىلى (58 يېشىدا) 5 ـ ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، 8 ـ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.

1953 ـ يىلى (59 يېشىدا) 5 ـ ئايدا جۇڭگو ئىسلام

جـەمئىيىتى بـېيجىڭدا قۇرۇلغاندا، جـەمئىيەتكە تـەييارلىق كۆرۈش خـىزمىتىدىن دوكلات بـەرگەن ھەمدە جـەمئىيەتنىڭ مۇدىرلىقىغا سـايلانغان. كـېيىن 2 ـ، 3 ـ نـۆۋەتلىك جەمئىـ يەت مـۇدىرلىقىغا سـايلانغان. شۇ يىلى ئـۇنىڭ «ئۇيغۇرچە ـ خـەنزۇچە ـ رۇسچە لـۇغەت» مىللەتلەر نـەشرىياتى تەرىپىدىن نـەشر قىلىنغان.

1954 ـ يىلى (60 يېشىدا) ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.

7 ـ ئـايدا، شـىنجاڭ ئۆلكىلىك خـەلق ۋەكىللەر قـۇ- رۇلتىيىنىڭ 1 ـ نـۆۋەتلىك 1 ـ سـانلىق يـىغىنىغا رەـياسەتـ چىلىك قىلغان.

11 ـ ئايدا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تۇنجى قېـ تىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەشكە بارغان.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشـ نىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك 1 ـقېتىملىق يىغىنى ئاياقلاشقان، ئۇ مۇئاـ ۋىن رەئىسلىككە سايلانغان.

1955 ـ يىلى (61 يېشىدا) 2 ـئايدا، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئەۋەتكەن تېلېگراممىنىڭ روھى بويىچە بېيجىڭغا بېرىپ يۆتكەـ لىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان. 5 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە، ئىجـ تىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 6 ـ ئايدا جۇڭگو ھىندىچىنى دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، جەمئىيەت باشلىقى بولغان.

7 ـ ئايدا، 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشقان.

9 ـ ئـايدا، شـىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نـۆۋەتلىك خـەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلغاندا يىغىنغا ئالتە يىللىق خىزمەتتىن دوكلات بەرگەن ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، دۇنيا تىنچلىقى مۇدىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى ليۇ نىڭيى، بۇرھان شەھىدىلەر خېلسىنكىغا قاراپ يولغا چىققان.

1956 ـ يىلى (62 يېشىدا) 2 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشقان.

1956 ـ يىلى 2 ـ، 6 ـ ئايلاردا جۇڭگو مەدەنىيەت، سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولۇپ، مىسىر، سۇدان، ئېفىئوفىيە، سۇرىيە، لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان. 6 ـ ئايدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ھەمدە بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان.

9 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 8 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلغان. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛ «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سانىدا پروفېسسور فېڭ جياشېڭ بىلەن بىرلىكتە «سىبىرىيە دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، سۇن جۇڭشەن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى خاتىرىلەنگەندە، «خەلق گېزىتى» دە «سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنەيلى» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

1957 ـ يىلى (63 يېشىدا) 3 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، «ئوتتۇرا شەرق، يېقىن شەرقتىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ

ئېلىمىز خەلقىگە بولغان دوستلۇقى» دېگەن تېمىدا، ئەرەب دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ئالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلىگەن.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۇ «خەنزۇ تىلىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل يېزىقىغا بولغان تەسىرى» ناملىق ماقالىسىنى خەلق گېزىتىدە ئېلان قىلغان. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلايلى، يېزىقنى ئىسلاھ قىلايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلغان.

1958 ـ يىلى (64 يېشىدا) 2 ـ ئايدا، «خەنزۇ تىلىنى ترانسكرىپسىيە قىلىش لايىھەسى» ئېلان قىلىنغان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق زور ئىشى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلغان. مىسىر ـ جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، گومورو قاھىرەگە ئۆمەك باشلاپ تەبرىكلەشكە بارغاندا، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان. «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىغا «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بېسىلغان.

1959 ـ يىلى (65 يېشىدا) 2 ـ ئايدا، ئومانىنىڭ مۇئاۋىن مائارىپ مىنىستىرى خاسار چىنۋاڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا بۇرھان شەھىدى ئۇنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلغان.

3 ـ، 4 ـ ئايلاردا، جۇڭگو مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، يېڭى مۇستەقىل بولغان ئىراق جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلغان. 5 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر 1 ـ سانلىق يىغىنىدا، سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس-

ـلىكىگە كۆرسىتىلگەن.

1960 ـ يىلى (66 يېشىدا) 5 ـ ئايىنىڭ 4 ـ كۈنى، پايتەختتىكى ياشلار ۋە ھەر ساھە خەلقىنىڭ تۈركىيە خەلقىـنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاش يىغىنىدا ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى سالاھىيىتى بىلەن سۆز قىلغان.

1960 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ 3 ـ قېتىمـلىق يىغىنىدا، «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل يېزىق خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەر» دېگەن تېمىدا سۆز قىلغان. جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشـلىقى زابالانى قوبۇل قىلغان. 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجە» دېگەن تېمىدا سۆز قىلغان.

1961 ـ يىلى (67 يېشىدا) 1 ـ ئايدا، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولۇپ، قاھىرەدە ئېچىلغان ئاسىيا ـ ئافرىقا خەلقلىرى ئىتتىپاقى مۇدىرىيىتىنىڭ يەۋقۇلئادـدە يىغىنىدا سۆز قىلغان. بەش پەردە يەتتە كۆرۈنۈشلۈك دراما «كۈرەشتىكى قاندەك دوستلۇق» ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

1962 ـ يىلى (68 يېشىدا) ، «كۈرەشتىكى قاندەك دوستـلۇق» «سىنارىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى ھەمدە «يالقۇنتاغـنىڭ غەزىپى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلىپ يەككە نەشر قىلىندى، بۇ دراما مەركىزىي تەجرىبە دراما ئۆمىكى ۋە شىنجاڭ دراما ئۆمىكى تەرىپىدىن بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئوينالدى؛ جۇڭگو

پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات ئىنستى-
تۇتى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلگەندە، بۇرهان
شەھىدى بۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا
تەيىنلەندى.

1963 ـ يىلى (69 يېشىدا) «قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرى
قوزغىلىڭى» دېگەن ماقالىسى جۇڭخۇا شۇجۈي نەشرىياتى نەشىر
قىلغان «شىنخەي ئىنقىلابى ھەققىدە ئەسلىمىلەر» دېگەن كىتاب-
چىدا ئېلان قىلىندى.

1964 ـ يىلى (70 يېشىدا) مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش
تەرىپىدىن چىقىرىلغان «تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 46 ـ سانىغا
ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى
ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى بۇرهان شەھىدىنىڭ ئەسلىمى-
لىرى (1)، بۇرهان شەھىدىنىڭ ئەسلىمىلىرى (2) دېگەن
ماۋزۇلار بىلەن بېسىلغان. تەشكىلنىڭ ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى
تەكشۈرۈشى ئاياغلاشقان لېكىن تەشكىلىي جەھەتتىن يەكۈن چى-
قىرىلمىغان.

1965 ـ يىلى (71 يېشىدا) مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ ئەزاسى دېگەن ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنغاندىن باشقا، ئەمە-
لىيەتتە قالغان ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

1966 ـ يىلى (72 يېشىدا) «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلان-
غان. ئالدىنقى يىلى تەشكىل ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى تەكشۈرگەن
چاغدىكى مەزمۇنلار ئاشكارلىنىۋېتىلگەن.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، رەپىقىسى رەشىدە خانىم بىلەن
ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇلغان. ئۇلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قى-
زىل قوغدىغۇچىلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنغان، ئىككىسىگە
ھەر ئايدا 100 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بېرىلگەن.

1967 ـ يىلى (73 يېشىدا) شىمىگودىكى بىرىنچى
تۈرمىگە كىرگەن. يېرىم يىلدىن كېيىن رەشىدە خانىم

قويۇپ بېرىلىپ ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 30 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلگەن. 1972 ـ يىلى كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ بېيجىڭگە قايتقان.

1973 ـ يىلى (79 يېشىدا) پەرزەنتلىرى ئىلتىماس سۇنۇپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇرمىدىكى بۇرھان شەھىدىنى يوقلىغان.

1975 ـ يىلى (81 يېشىدا) 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇرمىدىن چىققان، ئۇنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا «سوۋېت شيۇ-
جىڭجۇيىچىلىرىنىڭ جاسۇسى» دېگەن نام بىلەن ئاممىۋى دىكتاتۇ-
را ئاستىدا داۋاملىق ئۆزگەرتىلىدۇ، دەپ بىر تەرەپ قىلىنغان.
ئۇ، غالىبىيەت يولىدىكى كونا ئۆيدە تۇرغان، ساقچىخانا ئادەم
ئەۋەتىپ ئۇنى نازارەت قىلغان، ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىدىيىۋى ئەھۋا-
لىدىن دوكلات يېزىپ تۇرغان، ئايدا 150 يۈەن تۇرمۇش پۇلى
بېرىلگەن.

1977 ـ يىلى (83 يېشىدا) ئەسلىدە كېسىلىنى داۋال-
ىتىشقا بېيجىڭگە ئاپىرىش پىلانلانغان بولسىمۇ، كېيىن قو-
يۇپ بېرىلگەن، ئۇ ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭگە قايتىپ كەل-
گەن.

1978 ـ يىلى (84 يېشىدا) سىياسىي مەسلىھەت كې-
ڭىشىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايى-
لانغان.

1979 ـ يىلى (85 يېشىدا) «مىللەتلەر تەتقىقاتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىدا «شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسى-
لىلەر توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلى-
غان.

1980 ـ يىلى (86 يېشىدا) «جۇڭگو روسىيە مۇناسىۋىتى-
نى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات خەۋىرى»نىڭ 1 ـ
سانىدا «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىن-

غان.

5 ـ ئايدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا، يەنە پەخرىي مۇدىرلىققا سايلانغان.

1982 ـ يىلى (88 يېشىدا) مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 79 ـ سا- نىدا، «پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزمىنىڭ شىنجاڭدا باش كۆتۈ- رۈشى ۋە بەربات بولۇشى» ناملىق ماقالىسى ۋە شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى بېسىلغان.

1983 ـ يىلى (89 يېشىدا) 6 ـ ئايدا، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا يەنە مۇئاۋىن رەئىس- لىككە سايلانغان. كۈزدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ، «چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىقلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتى- رىلەش يىغىنى» غا قاتناشقان ھەمدە شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان.

1984 ـ يىلى (90 يېشىدا) ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى 50 يىل» ناملىق ئەسلىمىسى ناملىق بۇ كىتابىنى مەملىكەتلىك سىيا- سىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى خەنزۇچە نەشر قىلغان (1994 ـ يىلى قايتا نەشر قىلىنغان). «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ 17 ـ سانىدا «تيانشان باغرىدىكى يۇرتۇمغا سەپەر» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

1985 ـ يىلى (91 يېشىدا) 9 ـ ئايدا، «خەلق سىياسىي كېڭەش گېزىتى» دە «كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تەلمۈرۈشى ئاستى- دا» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

1988 ـ يىلى (94 يېشىدا) 2 ـ ئايدا، تەكلىپكە بىنائەن زىيارەتكە كەلگەن ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقى زابالا بىلەن كۆرۈشكەن؛ ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بورچىرا بىلەن كۆرۈشكەن.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ ئەسلىدە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلـ-
دىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40
يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشماقچى بولغان بولسىمۇ،
تېخى يولغا چىقماي تۇرۇپلا كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ
قالغان ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۇنىڭ جەسىتى مەخسۇس
ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەكىلىنگەن. «بۇرھان ماقالى-
لىرىدىن تاللانما» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلىنغان.

رەتلىگۈچى: رۇ مېڭدې
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

**回忆包尔汉**

自治区政协文史资料委员会编
地址:乌鲁木齐新华北路 47 号　　邮编:830002

新疆长城彩色印刷有限责任公司印制
地址:乌市水区温泉西路 25 号　　邮编:830017
220 千字 大 32 开本 12.5 印张 插页 4
印数 1,000
2000 年 12 月印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2000)年第 516 号